« جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى » دىكى نەشرى ئەپكار
« شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物



4
2013

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

ISSN 1008-6498

•XINJIANG CULTURE •СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА •シンキョウ ブンカ • مجلة حضارة شنجيانغ •

# ئەدىب - سەنئەتكارلىرىمىز



«تىلدا دىيانەت، دىلدا خىيانەت»، «ئاچكۆزلەر»، «قەلب تاشقىنلىرى» ناملىق شېئىر توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى، 16 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ ساھىبى، شائىر ئابدۇللا ياقۇپ ئەپەندى

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا


ئائىلە ــ مەدەنىيەت بۆشۈكى

ياخشى ئادەم: ئائىلە تەربىيەسىگە قايتىش ...... ئابدۇقادىر جالالىدىن 2

مەن كۆرگەن دۇنيا

كېيىنكى مودېرنىزم جەمئىيىتىگە كىرىش: نيۇيوركنىڭ نازى ۋە تېپىشمىقى ........
................................ زۇلپىقار بارات ئۆزباش 14

مەدەنىيەتنىڭ يېرىم دۇنياسى

ئايالدىن باشلانغان قىسمەت ............... نەزىرە مۇھەممەد سالىھ 25

قېرىنداشلىق مېھرى ئىزدەپ ............... كامىلە ئىسرائىل فازىل 35

تەرجىمە كۆزنىكى

خەلقنى تۈزەش تەسمۇ ياكى ئەمەلدارلارنىمۇ ...... ئەھەت داۋۇت (ت) 41

خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئەڭ ئالىي قانۇندۇر ...... زۇنۇن باقى (ت) 43

بىزگە قانداق يېزىلار كېرەك ............... مۇسا ئەخمەت (ت) 43

ئەدەبىيات گۈلزارى

قۇياش، پەرىشتە ۋە ئالۋاستى خاتىرىسى... (ھېكايە) ... تۇرسۇن ماخمۇت 45

تىلىمىز ۋە دىلىمىز

تىلىمىزدىكى غەلىتە ھادىسىلەر ۋە زىيالىيلىرىمىزنىڭ تىل پوزىتسىيەسى ........
................................ ئارسلان ئابدۇللا 57

تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ............... ئابلەت روزى قاتارلىقلار 68

يۇزمۇيۇز

لوپلۇقلار مەدەنىيىتى ھەققىدە ... دولقۇن قادىر، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم 72


مۇقاۋىدا: ئۈرۈمچى «بوزتاغ» ئەدەبىي تەرجىمە شىركىتى قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار «تىل ئۇستىسى» توختى باقى ئارتىشقا شەرەپ گۈلى ۋە تون ـ دوپپا تەقدىم قىلدى. ئۆركەش جاپپار فوتوسى


شىنجاڭ مەدەنىيىتى
( 62 ـ يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2013 ـ يىلى 4 ـ سان
(ئومۇمىي 322 ـ سان)



تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى:
مۇختار مەخسۇت

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۇسۇپ
جالال خوگىچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

ژۇرنال قانۇنىي ۋەكىلى،
دائىمىي مۇئاۋىن
باش مۇھەررىر،
بەگمەت يۇسۇپ
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە
مۇھەررىرى ۋە
تېخرىداكتورى:
ئايگۈل ئەمەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

ئابدۇقادىر جالالىددىن

# يا ئىشى ئانەم: ئائىلە تەربىيەسىگە قايتىش



ئائىلە نېمە ئىش قىلىدىغان ئورۇن؟ بىر قوۋم ياكى بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئائىلىنىڭ رولى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ بۇ ئىنسانشۇناسلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلار ئىزچىل تۈردە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن مەسىلە. لېكىن بۇ مەسىلە نوقۇل ئىنسانشۇناسلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلاردىن ئىبارەت پەن ساھەبلىرىنىڭ ئىلمىي ياقتىن ئىزدىنىپ، جاۋاب تاپىدىغان مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ تۇرمۇش، ئېتىقاد، ئىقتىساد ۋە ئەخلاق نۇقتىسىدىن كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىدۇر. دېمەك، ئائىلە قانداقتۇر بىر ئىلىم ئوبيېكتىلا ئەمەس، مۇھىمى ئۇ رېئال تۇرمۇش مەسىلىسى. ئىنسانشۇناسلار ۋە مەدەنىيەتشۇناسلار ئائىلىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى قەيت قىلىپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك شەكىللەردە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى مەلۇم قىلىشىدۇ. روشەنكى، ئائىلە ئۇقۇمى كۆپ خىللىققا ۋە ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. بۈگۈنكى غەرب دۇنياسىدا ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ ئائىلە قۇرۇشىمۇ قانۇنلاشماقتا، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىدىغان ئېتىقاد ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىغا يارىشا ئائىلە تۇرمۇش شەكىللىرىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. دىنىي ئېتىقادتىن يىراقلاشقان، ماددىي ۋە كىشىلىك ئېھتىياج نۇقتىسىدىكى تاللاشنى قوغلاشقان كىشىلەر تۈركۈمى بىز كۆرۈپ ئادەتلەنگەن ئائىلە تىپلىرىغا يات تىپلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولماقتا.

**ئائىلە — مەدەنىيەت بۆشۈكى**

جەمئىيەتنىڭ سانائەتلىشىشى ئەنئەنىۋى ئائىلىنىڭ ئەسلىدىكى مۇستەھكەم ئۇلىنى تەۋرىتىپ قويدى، ئائىلە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان بەزى فۇنكسىيەلەر تەدرىجىي ھالدا جەمئىيەتتىكى ئورگانلارغا ئۆتۈپ كەتتى، يەنى مەخسۇسلاشقان يەسلى ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئومۇملىشىشى بالا تەربىيەلەشتىن ئىبارەت ئائىلىدە بولىدىغان فۇنكسىيەنى تارتىۋالدى. ئىشلەپچىقىرىش، بازار ۋە ئەمگەك كۈچى قېلىپلاشقان، كۆلەملەشكەن ۋە سىستېمىلاشقان سانائەت جەمئىيىتى كىشىلەر تەرىپىدىن زامانىۋى جەمئىيەت دەپ سۈپەتلەندى، ئەنە شۇ زامانىۋىلىقنىڭ ئەۋجىگە ئەگىشىپ، ئائىلىنى پەرزەنت تەربىيەلەشنى دۆلەتكە تاپشۇرۇۋەتكەن، تاماق ئېتىشنى ئىجتىمائىي مۇلازىمەت تارماقلىرىغا ھاۋالە قىلىۋەتكەن، ياتاق ۋە جىنسىي ھەمكارلىق تۈسىدىكى ئىجتىمائىي بىرلىككە ئايلاندى، دېسەكمۇ ئېشىپ كەتمەيدىغان بولدى. جىنسىيەت ئاشكارا مۇلازىمەتلەشكەن ياكى يېپىق مۇلازىمەتلەشكەن جەمئىيەتتە، ئائىلىنىڭ جىنسىي نىزامغا ئائىت رولىمۇ مۇنتىزىم بولماي قالدى. مائاشلىق بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئىقتىسادىغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ئەرلەرنىڭ نوپۇزىغا ئىتائەت قىلماي، مۇھەببەت ئېھتىياجى دائىرىسىدىكى ھەمكارلىق چۈشەنچىسى بويىچە جۈپ ئىزدەيدىغان بولدى. بەزى ئەرلەرمۇ كىر يۇيۇش، تاماق يېيىش ۋە باشقا كۈتۈنۈشلىرىنى بازار ئارقىلىق قامداشقا مايىل بولۇشتى. ھايات پەقەت ياشاشتىنلا ئىبارەت دەپ قارايدىغان پانىيەتچىل (世俗的) پوزىتسىيە ئائىلىدىكى مۇقەددەسلىكنى ئۇنتۇلدۇردى.

ئائىلە ۋە ئائىلىنىڭ رولى ھەققىدە ناھايىتى ئاشقۇن ئوتوپىيەلىك پىكىرلەر تارىختا تەكرار ئوتتۇرىغا چىققان. يۇنان پەيلاسوپى ئەپلاتۇن (Plato، مىلادىدىن بۇرۇنقى 347 ـــ 427 ـ يىللار) ئۆزىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدە ئائىلىنى دۆلەت ئۈچۈن ئەسكەر، خادىم ۋە جىنسىي مۇلازىمەتچى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان فابرىكا سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغان. ئۇنىڭچە، 20 ياش ۋە 40 ياش ئارىلىقىدىكى ئاياللار 25 ياش ۋە 55 ياش ئارىلىقىدىكى ئەرلەر بىلەن ئالاھىدە بىر ئۆيدە ئۇچراشتۇرۇلۇپ، ئۇلاردىن تۇغۇلغان باللار ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، دۆلەت قارمىقىدىكى تەربىيە مەركەزلىرىدە مەخسۇس تەربىيەلىنىشى كېرەك. ناۋادا باللار تەندۇرۇس بولماي قالسا ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك ئىدى. تەندۇرۇس تۇغۇلغان باللار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەن ھالدا مەخسۇس بالا تەربىيەلەش ئورگانلىرىنىڭ ھامىيلىقىدا ئۆسۈپ ـ يېتىلىپ، كەلگۈسىدە دۆلەت ماشىنىسىنىڭ زاپچاسلىرىغا ئايلىنىشى كېرەك. بۇ يەردە ئەر بىلەن ئايال گويا ئادەم فېرمىسىنىڭ ئىشچىلىرى سۈپىتىدە رول ئالغاندى. ئۇلار پەرزەنتلىرىگە بولغان ئىنسانىي سۆيگۈسىنى دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، خاتىرجەم ھالدا دۆلەت ئۈچۈن ئىشلىشى كېرەك ئىدى. ئەپلاتۇنىنىڭ «ئادەملەر دۆلەت ئۈچۈن» ئىدىيەسى شۇنچە يىراق ئۆتمۈشتىكى تەسەۋۋۇر بولۇشىغا قارىماي، زامانىمىزغا قەدەر ئوخشىمىغان خىلدىكى ۋارىسلارغا ئېرىشتى. ئالدىنقى ئەسىردىكى گىتلېر گېرمانىيەسى ئۆزى بازارغا سالغان فاشىستىك مائارىپىنىڭ خېمىرىنى دەل ئەپلاتۇنىڭ ئاشۇ خېمىرتۇرۇچى ۋە فرىېدرىك نېتشىنىڭ «ئۈستۈن ئادەم» (Superman) خۇرۇچلىرى بىلەن بولدۇرغانىدى. ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس دېۋىد پاپىنو (David Popenoe)، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىممۇتلەق دائىرىلىرىنىڭ ئائىلىنى كاپىتالىزمنىڭ تۆشۈكى دەپ قاراپ، ئائىلىنىڭ يەككە فۇنكسىيەلىك رولىنى ئاجىزلىتىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، ئاخىر ئىجتىمائىي كىرىزىسلارنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى تۈپەيلى، مەزكۇر سىياسەتنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ [1]. باللارنى لاگېرلاشتۇرۇپ تەربىيەلەش ئەندىزىسى تارىختىكى مېڭە يۇيۇش ئارقىلىق سىياسىي مەقسەتكە يەتمەكچى بولغان رېئاكسىيون ھۆكۈمەتلەر خۇشتار بولۇپ قالغان ئۇسۇل. ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان پاجىئەسى تارىختا تالاي قېتىم ئىسپاتلانغان. ئەنگلىيە يازغۇچىسى ئەلدوس ل. خاكسلىي (AldousL. Huxley) ئۆزىنىڭ «جەڭگىۋار يېڭى دۇنيا» (Brave New World) ناملىق فانتازىيەلىك رومانىدا پەن ـ تېخنىكا يۇكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن، تەرتىپلىشىش مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، ماددىي مەئىشەت يېتەرلىك بولغان، بىراق ئائىلە مەۋجۇت بولمىغان بىر جەمئىيەتنىڭ تەسۋىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەمئىيەتتە تۇغۇت فېرمىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، باللار ئۇرۇق ياكى تۆرەلمە ۋاقتىدىلا ئىجتىمائىي دەرىجە يۆنىلىشىدە پەرۋىشلىنىدۇ. ئاياللار جەمئىيەتنىڭ ماكرو پىلانىغا ئاساسەن تۇغمايدىغان ئاياللار ۋە نەسىللەيدىغان ئاياللار دەپ تۈركۈملەرگە ئايرىلىدۇ، دۆلەتنىڭ ئاقسۆڭەك تۈركۈملىرى قامالاشقان، قابىل بولۇپ ئەي قىلىنىشى كېرەك، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمگەكچىلەر بولسا كۆرۈمسىزرەك بولۇشى، بۇلارنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر تەبىقە ئەزالىرىنىڭ قىياپەت شەكلى ۋە مىجەز تىپى دۆلەتنىڭ ئىرادىسى بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلۇشى ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك. ئۇلارغا بېرىلىدىغان تەربىيە دۆلەت ئاتا قىلغان ئىجتىمائىي كىملىكنى تولۇق قوبۇل قىلىشنى مەزمۇن قىلىدۇ. دۆلەت ئۇلارغا «سەن زادى شۇ» دېگەننى پۇقرالار تەكتۆكۈس قوبۇل قىلىپ «مەن زادى شۇ» دەيدىغان بولۇشى، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن بەلگىلىۋېتىلگەن ئىجتىمائىي ئورنى ۋە دەرىجىسى ھەققىدە قەتئىي باشقىچە ئويدا بولماسلىقى كېرەك. كىشىلەرنىڭ جىنسىي ئېھتىياجى ئوخشاش دەرىجىلىكلەر ئارا قاندۇرۇلۇشى، لېكىن جۈپلەر تەكرارلانماسلىقى كېرەك. ئۇلاردا بىر ـ بىرىگە ئەقىدە بولماسلىقى، پەقەت بىر ـ بىرىنى ئىستېمال بۇيۇمى دەپلا چۈشىنىشى كېرەك. بۇ جەمئىيەتتىكى ئادەملەردە ئۆزلۈك ئۇقۇمى ۋە پەرق ئۇقۇمى دېگەندەك نەرسىلەر تېپىلمايدۇ، ئۇلار نېمە دېسە شۇنىڭغا ئېرىشەلەيدىغان تۆلتۆكۈس ئىستېمال مەخلۇقلىرى ئىدى. خاكسلىي تەسۋىرلىگەن بۇ جەمئىيەتتە تەرتىپ، كوللېكتىپ، تىنچلىق، باياشاتلىق تەلتۆكۈس ئەمەلگە ئاشقان، لېكىن ئىنسانىي خاسلىققا ئائىت ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. بۇ سېپى ئۆزىدىن چىرايلىق شەكلىدىكى ۋارۋارلىق (ياۋايىلىق) بولۇپ، تىنچ، لېكىن ۋەھشىي ئىدى.

ئىنسان ھەرقانچە ياتلاشتۇرۇۋېتىلگەندىمۇ، تەبىئىت-

مدىن ئېيتقاندا، ئـەركىنلىككە ئـىنتىلىدۇ. ئـەتراپتىكى مۇھىت
چىرايلىق نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەندىمۇ، ئىنسان ئـا-
زادلىق ھېس قىلالمىسا، بـۇ مۇھىتتىن ئـۆزىنى قـاچۇرىدۇ.
ئىنسان ئامالسىز قالغاندىمۇ، ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىكى ئـەركىن-
لىككە مايىل خۇسۇسىيىتىنى تاقىتى ئۈزۈلگىچە ساقلاشقا تـى-
رىشىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىكى مۇشۇ كۈچ تـۈپەيلى
ئىنسانىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەقىل بايلىقىنى ئۇلجىغا ئېلىۋالماق-
چى بولغان ئۇتۇپىيە ۋە تۈزۈملەر بىلەن تىركىشىپ، ئـاخىر
ئۇلارنى شالىلۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. ئازادلىق، گۈ-
زەللىك ۋە خاسلىققا ئىنتىلىش مايىللىقى ئىنسانلارنىڭ تـارىخ
يارىتىشتىكى روھىي چىنلىقى بولۇپ، ئىنسانىنى ھۆرمەتلەيدى-
غان مائارىپ ئۆزىنىڭ دىققىتىنى ئاساسەن مۇشۇ تـەرەپلەرنى
چۈشىنىشكە قاراتتى.

ئۇيغۇرلار ئائىلە قۇرۇش، ئـائىلىنى پـەرۋىش قىلىش،
ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسىنى يـۈرگۈزۈش جـەھەتتە
ئۇزاق ئەنئەنىنى ياراتقان بـولۇپ، بـۇ ئـەنئەنە ئىشلەپچىقى-
رىش، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي ئـەخلاق ۋە دىنـىي
ئېتىقاد قـاتارلىق تـەرەپلەرنىڭ ھـەممىسىدە ئـەكس ئـېتىدۇ.
ئـەگەر بـىز «دىۋانـۇلۇغەتىت تـۈرك» بـىلەن «قـۇتادغۇبى-
لىك»نى ئۆزىدىن بۇرۇنقى تالاي ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ئەن-
ئەنە ئۈستىگە قـۇرۇلغان بـىر ئـىلمىي پـەللە دەپ تـونۇساق،
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مائارىپى ۋە ئادىمىيەت مائا-
رىپىغا ئائىت پەلسەپە ئاساسلىرىنى خېلى بۇرۇنلا شـەكىللەن-
دۈرۈپ بولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

تـېپىك بـىر ئـەنئەنىۋى جـەمئىيەتتە، ئـائىلە نـاھايىتى
مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، نېگىزلىك ئائىلىنى چۆرىدىگەن قان-
داشلىق جەمەتنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ جەمەت ئۆز نـۆۋىتى-
دە قان، نەسەب، ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى، ئـېتىقاد قـاتار-
لىق ئىنسانىي ئېلېمېنتلارنىڭ تىندۇرمىسى بولۇپ، ئەۋلادلار
دەل جەمەت شەجەرىسى ئارقىلىق كىملىك تەربىيەسىگە ئىگە
بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە ئائىلە بىر تـەربىيە
ئورنى بولىدۇ. مەكتەپلەردە بـار بـولغان تـەربىيە ئـامىللىرى
ئەسلىدە ئائىلىنىڭ مەنىۋىيەت تۇپرىقىدا بـىخلانغان بـولۇپ،
ئـائىلىدىكى ئېھتىياج ئـاستا ـ ئـاستا مـەخسۇسلاشقان ھـالدا
مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ پىروگراممىلىرىغا ئايلانغان. ئـۇيغۇر-
لاردىكى ھۈنەر ـ سەنئەت ئائىلىلەرنىڭ ئەۋزەل ئـالاھىدىلى-
كى سۈپىتىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشقان، بۇ ھال دەل ئا-

ئىلىدىكى مائارىپ ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلگەن. ئامانىسا-
خان، تۇردى ئاخۇن ئاكىدەك مۇقام ئـۇستازلىرى، خوتەن
دىيارىدىن چىققان تۇردى ھاجى، ئابدۇلەھەد يۈسۈپ ھاجى-
دەك داڭلىق تېۋىپلار، قەشقەردىن چىققان بىناكارلىق ئـۇس-
تىكارلىرى ۋە نەققاشلار ۋارىسلىق ئـەنئەنىسى ئـاساسىدىكى
جەمەت مائارىپى ياكى ئائىلە مائارىپىنىڭ نـامايەندىلىرىدۇر.
ئۇيغۇر مائارىپ تـارىخىدىكى مـەدرىس مـائارىپىنىڭ ئـايرىم
بۆلەكلىرى قويۇق ئائىلە تۈسىنى ئـالغان بـولۇپ، ئـائىلىۋى
مەدرىس شۇ ئائىلە جايلاشقان مەھەللىنى ئاقارتىش ۋەزىپى-
سىنى ئۈستىگە ئالغان، دەل مـۇشۇنداق ئـائىلە مـەدرىسى-
دىن نۇرغۇن ئۆلىمالار، ئـەدىبلەر، يـۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە
خەتتاتلار يېتىشىپ چىققان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر
مەدرىس مائارىپىنىڭ باشلانغۇچ قىسمىنى ئائىلىدىن باشلان-
غان دېيىشكە بولىدۇ. بىراق، ئۇيغۇر ئـائىلە ئـەنئەنىسىدىكى
بۇ خۇسۇسىيەتلەر 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە پەيدىنپەي ئۆز-
گىرىشكە باشلىدى، ئابدۇقادىر داموللا ۋە مەمتىلى ئەپەندى-
دەك جەدىدچىلەر (ئىسلاھاتچىلار) مۇنتىزىم مـەكتەپ مـائا-
رىپى ئـۈستىدە ئـىزدىنىپ، پـىلان، نـىشان ۋە كۆلەملەردىن
خالىي ئىستىخىيەلىك ئائىلە ياكى مەدرىس مائارىپىنى پـىلان،
پىروگرامما، نىشان، مۇنتىزىم دەرسلىك، ئـەسلىھەلەر بـىلەن
قوراللانغان، ۋەزىيەت تەقەززاسىغا جىددىي مۇئامىلە قىلىدى-
غان مۇنتىزىم مەكتەپلەر مائارىپىغا يۈزلەندۈرۈشكە تـىرىشى-
تى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئـۆز دەۋرىدە قـانچىلىك قـارشىلىق-
لارغا دۇچ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، مۇئەييەن ئىجتىمائىي بۇرۇ-
لۇشلارنى ياسىدى، كۈنىمىزدە ئۇلارنىڭ روھى نۆۋەتتىكى خـى-
رىسلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى روھىي مەدەتكە ئايلىنىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر ئائىلە ئەنئەنىسىدىكى مىللىي خۇسۇسىيەتلەردە
20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كـېيىن نـاھايىتى روشـەن
ئـۆزگىرىشلەر بـولۇشقا بـاشلىدى. ئـىلاھىيەت ۋە تـەۋھىد
روھى تەسىرىدىكى كىشىلىك ھايات ۋە جـەمئىيەت قـاراشلى-
رى ئاتېئىزم قاراشلىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئاتېئىزم ئـىدىيەسى
مـائارىپقا يـېتەكچىلىك قـىلدى. 20 ـ ئـەسىرنىڭ 90 ـ يـىللىرىغا
كـەلگەندە، ئـۇيغۇر جـەمئىيىتى بـازار ئـىگىلىكى، شـەھەرلى-
شىش، يەر شارىلىشىش دولقۇنلىرىنىڭ سىلكىشىگە ھـەر تـە-
رەپلىمە دۇچ كـەلدى. ۋەھـالەنكى، بـۇ دولقۇنلار ئـەركىن
ئىجتىمائىي مېخانىزمنىڭ لەرزى بولماستىن، بەلكى پىلانلىق،
سىستېمىلىق، ماكرولۇق كېڭەيتىلىشتىن كېلىپ چىققان ھـادى-

سە ئىدى. رايونىمىزدىكى شەھەرلىشىش ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشىدىكى نوپۇس ئېقىمى ھادىسىسى ۋە شەھەر قۇرۇلۇش تۈرىدۇر. بازارمۇ نىشانلىق كونترول ئىچىدىكى بازار، يەر شارلىشىشمۇ مىللىي ئەنئەنىنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق بولغان شارائىتتىكى پاسسىپ قوبۇللاشنىڭ مازغاپلىرى. ئەجدادلارنىڭ سودا، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتتىكى ئىجادكارلىق روھى پەرھىزكارلىق مۇئامىلىسى تۈپەيلى، قېزىلمىغان ۋە ھازىرقى زامان روھىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنالمىغان شارائىتتىكى بارلىق تەسىرلەر ئۆزلۈكنىڭ ئارزۇسى بىلەن بىردەك بولمىغان، ھەتتا ئۆزلۈك ئارزۇسىغا خىلاپ بولغان مەنپىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ھالەتتە كىشىلەر خورنى ئۆز ئىشتىياقى بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ تاۋى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ناخشىنىڭ زوقى بولمايدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلار ۋە مەدەنىيەتشۇناسلار بىردەك ھالدا، پەن، دېموكراتىيە، ئەقىل، تەنقىد قاتارلىق سۆزلەرنى زامانىۋىلىقنىڭ مۇھىم ھالقىلىرى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. دېموكراتىك پىكىر مۇھىتى بولمىسا، پەن روھى يېگىلەپ قالىدۇ، پەن روھى بولمىغاندا، شەخسنىڭ پىكرى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقىدۇ، تەنقىد روھى بولمىغاندا، پەننىڭ تەرەققىياتى ساغلام بولمايدۇ. زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىك رولى تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى كۈندە، بەزى ئەسەبىي كىشىلەر مىللىي ئەنئەنىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى زەربە ئوبيېكتى قىلىۋېلىپ، زەربە بېرىشنى ئومۇميۈزلۈك ھەرىكەت تۈسىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ زامانىۋىلىق روھى ھەققىدە ئەقەللىي ساۋاتقا ئىگە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، خالاس. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قوش تىللىق مائارىپ ئىسلاھاتى يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىل مابەينىدە، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئادىمىيەت مۇھىتى ھەققىدە يېتەرلىك بىلىمىنىڭ بولماسلىقى، قوش تىل مائارىپىنىڭ ئوقۇملىرى ۋە ئەندىزىلىرى ھەققىدە ئىلمىي تونۇشنىڭ كەمچىل بولۇشى، مەمۇرلارنىڭ بىر تەرەپلىمە پىكىرلىرىنىڭ تۈزەلمەسلىكى، ئاۋامنىڭ ساداسىغا بولغان ئېرەنسىزلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى بىر يۈرۈش قاتماللىقلار كېلىپ چىقتى. مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا ئىلمىي دىياگنوز قويالماسلىقى قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئاما ئىچىدىكى ئوبرازىغا داغ كەلتۈرۈپ، پاسسىپ ماسلىشىش ئاقىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرقايسى تور بەتلىرىدە 100 مىڭلىغان ئاممىنىڭ بىلدۈرگەن ئىنكاسلىرىغا قارىغاندا، كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئانا تىلىدىكى ساۋاتى ۋە ئانا تىلنى قوللىنىش ئىقتىدارىدىن ئەندىشە قىلماقتا. پەرزەنتلىرىنىڭ ئانا تىل ئىقتىدارىدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ناھايىتى كەڭ ئاممىۋى مىقياستىكى روھىي ئېقىم ئىكەنلىكى كۆز يۇمسا بولمايدىغان بىر ئەمەلىيەت بولۇپ قالدى.

بۇ يەردە كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان مۇنداق بىر مەسىلە بار: بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئانا تىلدا ساپاسىز بولۇپ قېلىشىدىن ۋە كۇلتۇرەل كەملىك (كۇلتۇرەل ئېتراپ) جەھەتتە ئارىسالدى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، پەرزەنتلىرىنىڭ دۆلەت كادىرى سۈپىتىدە ئۈمۈرۋايەت مائاشتىن بەھرىمەن بولىدىغان خادىم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئانا تىل تەربىيەسىگە مەسئۇلىيەتسىز مۇئامىلە قىلىدۇ. مانا بۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ ئەۋلاد تەربىيەسى قارىشىدىكى پارادوكس (زىتلىق) ھادىسىسىدۇر. ئەگەر جەمئىيەتنى بىر قۇر كۆزەتسەك شۇنى بايقايمىزكى، نوپۇسنىڭ ئەركىن ئېقىپ يۈرۈشىگە بولغان سەزگۈرلۈك ۋە باشقۇرۇش قاتتىق، ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىش دائىرىسى ئادەتتىن تاشقىرى كەڭ رايونلارنىڭ پۇقرالىرى ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان خادىم بولۇشنى ئەڭ بىخەتەر يول دەپ قاراپ، بايلىقنى، ۋاقىتنى، پاراستىنى بەخشەندە قىلىدۇ، بۇ خىل بېقىندىلىق تەپەككۇرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ كىچىك ئىشلاردىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن: دوپپا كىيىش ياكى كىيمەسلىك، ئادەم توپلىشىۋالغان يەرگە بېرىش ياكى بارماسلىق دېگەنلەردەك. نەتىجىدە، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئىندىۋىدۇئال تەشەببۇسكارلىقنى يوقاتقان روھىي كەمتۈكلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. نوپۇسنىڭ ئېقىپ يۈرۈشى نىسپىي ئەركىن، بازار ئىگىلىكى روھى بىر قەدەر جانلانغان، پۇرسەت نىسبىتى كۆپەيگەن رايونلار پۇقرالىرىنىڭ شەخسىي ئىشلار ئۈستىدىكى قارار چىقىرىش روھى ئۈستۈنرەك بولىدۇ، قارارىدىكى ئەقلىي ئامىللارمۇ كۆپرەك بولىدۇ. كارل ماركسنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىنى بەلگىلەيدۇ دېگىنىدەك، رايونىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك روھىي ھالىتىنى ئىجتىمائىي مۇھىتتىن مۇستەسنا ھالدا چۈشەندۈرۈشمۇ

مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگونىڭ مائارىپ تۈزۈمىدىكى بىر تۇتاش ئىمتىھان دۆلەتنىڭ مەمۇرىيەت تۈزۈمى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، مائارىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمىيلىك قانۇنىيىتىنىڭ ئوربېتادىن چىقىپ كېتىشى شۇنىڭدىن كەلگەن. جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى تەنقىدچى مولو (摩罗) مۇنداق دېگەن: «بىز بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا بىرلىككە كەلگەن بىرلا تەربىيەلەش نىشانىنى بېكىتىپ بەردۇق. بۇ نىشان دەل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىمتىھان ئېلىنىدىغان ھەر بىر پەندىن ئەڭ ياخشى نومۇر ئېلىشتىن ئىبارەت. ئىقتىدار ئالاھىدىلىكىڭنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېڭە قۇرۇلماڭنىڭ تەبىئىي پەن ساھەسىدە ئالاھىدە نەتىجە يارىتىشقا مۇۋاپىق كېلىش - كەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، سەن مەكتەپ دائىرىلىرىنىڭ تەلىپىنى شەرتسىز ھالدا قوبۇل قىلىپ، تېكىست ۋە فورمۇلالارنى يادلىشىڭ، مەشىق ۋە كۆنۈكمىلەرنى ئىشلىشىڭ، ئاخىرىدا، ئالاھىدە نەتىجەڭ ئارقىلىق مەكتەپكە شان - شەرەپ كەلتۈرۈشۈڭ، ئوقۇتقۇچىلىرىڭغا مۇكاپات ئېلىپ بېرىشىڭ ۋە ئىلغار ئوقۇتقۇچى دېگەن نامنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭ لازىم. ئەگەر سەن بۇنداق قىلالمىساڭ، مەكتەپ دائىرىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئېتىبارسىز قارىشىغا، ھەتتا كۆزگە ئىلماسلىقىغا مۇپتىلا بولىسەن» [2]، مولونى بۈگۈنكى زامان جۇڭگو مائارىپىنىڭ رېئال كارتىنىسىنى ناھايىتى ئىنچىكە قىلىپ سىزىپ بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ، بۇ كارتىنا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ۋەزىيىتىگىمۇ شۇنداق ماس كېلىدۇ، گەرچە مۇشۇنداق مەزمۇندىكى سادالار ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇرسىمۇ، مەۋجۇت رېئاللىق كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا يارىشا ئىجابىي تەرەپكە بۇرالغىنى يوق. جۇڭگولۇق ئالىم جۇگوپىڭ (周国平) مولونىڭ پىكرىگە ئورتاق بىر سادانى ياڭرىتىدۇ: «مائارىپ بالىلارغا بەختلىك ھەم مەنىلىك بالىلىقنى بەخش ئېتىپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختلىك ھاياتىغا ئاساس سالىدۇ. بىراق ھازىرقى ئەھۋالدا، چوڭلار ئۆزلىرىنىڭ چاكىنا پايدا - مەنپەئەت نىشانىنى بالىلارغا تېڭىپ، بالىلارنى مەنپەئەت جەڭگاھىدا جەڭ قىلىشقا ئۈندەيدۇ» [3]. يۇقىرىقى ئىككى ئاپتور ئورتاق ھالدا ئادىمىيلىكتىن، تەبىئەتتىن ۋە كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئايرىلغان، سان - سېپىر نۇقتىسىدىكى ئۈنۈمگە كۆچىنىڭ بارىچە ئىنتىلگەن بۈگۈنكى جۇڭگو مائارىپىغا تەنقىدىي نەزەر سالالىغان.

ئامېرىكا پەيلاسوپى مورتىمېر ئادلېر (MortimerJ.Adler) دىققەتنى ماھارەت ۋە تېخنىكا تەربىيەسىگىلا قارىتىۋالغان مائارىپنى تەنقىدلەپ، ئۇنىۋېرسال مائارىپنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ بىر تەرەپلىمە تەربىيەگە ئېرىشكەن ئادەملەر ھەققىدە: «ئۇلار ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ نەزەرىيەسىنى بىلمەيدۇ. بۇنداق مېخانىك ئادەملەرنىڭ قانداقتۇر يېڭى نەرسىنى كەشىپ قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتمىسەك بولىدۇ» [4] دېگەنىدى.

ھازىرقى مەكتەپلەردە «ساپا مائارىپى»، «نىشانلىق ئوقۇتۇش»، «ئۇنىۋېرسال تەربىيە» دېگەندەك ئۇقۇملار قانچىلىك تەكىتلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمەلىيەتتە ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش خاراكتېرلىك تىل ۋە تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشى تۆرگە ئۆتۈپ بولدى. بىر ئادەمنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى، ئەخلاقىي قىممەت قارىشى، ئېتىقاد مايىللىقى، تەبىئەتكە بولغان زوقى، مۇھەببەت - نەپرەت ئۆلچىمى، ياخشى - يامان چۈشەنچىسىنى يېتىلدۈرۈش مۇھىم ئەمەستەك بولۇپ قالدى. قاتتىقراق ئېيتقاندا، ئۇلار مەكتەپلەر مائارىپىدىن بەخەستەلىك بىلەن ياكى سەل قاراش بىلەن سىقىپ چىقىرىۋېتىلدى. گويا ئۇلار ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان، جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالى بىلەن تۈزۈك مۇناسىۋىتى بولمىغان قوشۇمچە مەزمۇنلارغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ھەقتە ئامېرىكىلىق پېداگوك ۋە پسىخولوگ خوۋارد گاردنېر (Howard Gardner) بىزنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ: «ئەگەر بىز ‹ھەقىقەت›، ‹ياخشىلىق›، ‹گۈزەللىك›نى ئۆلچەم قىلغان كىشىلىك ھايات ئەقىدىسىدىن ۋاز كېچىش ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىدىن ئازراق گۇمانلانساقمۇ، بۇ ئۆزىمىزنى ئېتىقاد ۋە قىممەت قاراش دېگەنلەر مەۋجۇت بولمىغان دۇنياغا سۈرگۈن قىلغانلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ. بۇ ھالدا ھەقىقىي، ياخشى، گۈزەل بولغان شەيئىلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولىدۇ» [5]. مەكتەپلىرىمىزدە قارىماققا بۇ ھەقتىكى تەربىيەلەر مەۋجۇت، لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ روھىدا ئەمەس، تېكىستلەردە مەۋجۇت. بۇ تېكىستلەردە تۇرمۇشتىكى خىلمۇخىللىق، جانلىقلىق ۋە رەڭدارلىقنى سىغدۇرۇش ئالاھىدىلىكى ناھايىتى سۇس بولۇپ، جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك كۇلتۇر ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتمىگەن. مەزمۇنلار ئابستراكت، قۇرغاق، دوگما بولۇپ، كىشىلىك ھايات كەچۈرمىشلىرىگە تەتبىقلىغىلى بولمايدۇ. مەزمۇندىكى ئۇسلۇبلار گويا ئەخلاقمۇ

دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىلەردەك تەسىرات بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار گويا دۆلەت ئۈچۈن تازىلىق قىلىپ، دۆلەت ئۈچۈن ياشانغانلارنى ھۆرمەتلىگەندەك قىياپەتتە پائالىيەت قىلىدۇ. ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ ۋە مائارىپشۇناس جون دېۋى (John Dewey، 1859 ـــ 1952)نىڭ «نۆۋەتتىكى مائارىپنىڭ ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيىتى مەكتەپنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىر خىل شەكلىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي پرىنسىپقا سەل قارىغانلىقتا» [6] دېگەن سۆزى ئېسىمىزدىن چىقىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئۇ يەنە «مەكتەپلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىدىكى تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان قىممەت نۇقتىئىنەزەرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت» [7] دەپ تەكىتلىگەنىدى.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار پاكىتتۇر، بۇ ئەھۋال دەماللىققا ئۆزگىرىپ قالمايدۇ، ئۇ تەنقىدىي روھتىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىسلاھاتلىرى ئارقىسىدا ئۆزگىرىدۇ، كونسېرۋاتىپ خاراكتېردىكى جەمئىيەتتە بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟ تەربىيەنى ئائىلىدىن باشلاش كېرەك. بىز نوقۇل ياتاق ۋە ئاشخانا تۈسىگە كىرىپ قالغان ئائىلىلەرنى بالىلىرىمىز ئۈچۈن مەكتەپلەرگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك، بالىلارنى ئائىلىنىڭ ئىللىق قوينىدىن ئايرىپ، نوقۇل كىتابىي بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان ياتاقلىق مەكتەپلەرنى ئادەمنى ئاساس قىلىدىغان مەكتەپ باشقۇرۇش نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە قىلىپ، مائارىپنى كىشىلىك دۇنياسىدىكى مۇھەببەت تۇيغۇسىدىن باشلاشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ئالدى بىلەن ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. ئاندىن مەكتەپ، ئاممىۋى مېدىيە، جامائەت ئارقىلىق كېڭىيىدۇ. مېھرىبان ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن تۈزۈلگەن ئائىلە مۇھىتى بالىلار ئۈچۈن ئەڭ بەختلىك جايدۇر. «مۇھەببەت بىلەن تولغان ئائىلە خۇشال، ساغلام بالىلارنى يېتىلدۈرىدۇ.» [8]

ئائىلە دېگەن نېمە؟ بۇ ھەقتە تالاي تەبىرلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. ئەنگلىيەلىك جەمئىيەتشۇناس ئانتونى گىددېنس (Anthony Giddens) «ئائىلە بىۋاسىتە ھالدا قانداشلىق مۇناسىۋەت ھالقىلىرى بىلەن چىگىلگەن كىشىلەر توپى بولۇپ، بۇ توپتا چوڭلار بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ» [9] دېگەنىدى. مەلۇمكى، ئائىلە نەسەب ۋە نىكاھ رىشتىلىرى بىلەن ئۆزىنى كېڭەيتىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت شەكىللىرى ۋە نىكاھ نىزاملىرى ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ئەقىدە، قىممەت قاراش ۋە ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بىر مىللەت كۈلتۈرىنىڭ ئەڭ جانلىق ھۆجەيرىسى ئائىلىدۇر. بىز جىددېنسنىڭ تەبىرىدىن ئەنە شۇنداق كۈلتۈرەل مەنىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز. بىز بۇ ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇنداق بايانلارنىمۇ كۆرىمىز: «ئائىلە بىلىم، قىممەت قاراش (ئېتىقاد) پوزىتسىيە، تىرىكچىلىك ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۇلايدىغان قانال. ئائىلە سۆز ۋە ئۆلگىلەر ئارقىلىق بالىلاردا خاراكتېر شەكىللەندۈرىدۇ، تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە پائالىيەت يوسۇنلىرىنى ئۇلارغا سىڭدۈرىدۇ.» (De Genova بىلەن Rice) [10]

جەمئىيەتشۇناسلار ئائىلىنىڭ رولىنى ئەزالارنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، جىنسىي ئارزۇلارنى مىزانلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي كىملىك بېرىش، ماددىي ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى كاپالەت قاتارلىقلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ كۆرسىتىدۇ.

ئىسلامىيەتتە ئائىلە مۇقەددەسلىككە ئىگە بولۇپ، ئۆيلىنىش، ياتلىق بولۇش، ئەر ۋە ئايالنىڭ بىر ـ بىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى، ئەر ۋە ئايالنىڭ تۆشەكتىكى تۇرمۇشى، پەرزەنتلىك بولۇش، پەرزەنت تەربىيەلەش، ئائىلە باشقۇرۇش، ئەمگەك ۋە تىجارەت قاتارلىق بىر قاتار ئىشلار ناھايىتى سىستېمىلىق كۆرسىتىلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى ئائىلە مەسىلىلىرىنى تەلىمات شەكلىدە يورۇتۇپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى پۈتۈن سۈرۈك تۈزۈملەشتۈرۈپ، ئەمەلىي پروگرامما ھالىتىدە ئىجرا قىلغان. «ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر.» [11] (كەھف سۈرىسى، 46 ـ ئايەت) «سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار بىر تۈرلۈك سىناقتۇر [12] (تەغابۇن سۈرىسى، 15 ـ ئايەت). بۇ يەردە ئائىلە مەسئۇللىرى ئۈستىدىكى زور مەسئۇلىيەت تەكىتلىنىۋاتىدۇ. ئىسلامدىكى ئائىلە مەئىشەت، ئىشرەت ۋە تەمەننا ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن ئەمەس، ئىسلامدىكى ئائىلە ھالال ۋە ساغلام تۇرمۇشنىڭ كاپالىتى بولۇش بىلەن بىللە، يەنە شۇ ئائىلە مەنسۇپ بولغان بىر پۈتۈن جامائەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۈچۈن مۇھەسسە قوشىدىغان كىچىك ئورگان. ئەگەر ئائىلە پەقەت پانىي دۇنيانىڭ ئايىغى يوق ھالاۋەتلىرى ئۈچۈن ھە

رىكەت قىلىدىغان دۇكان بولۇپ قالسا، نوقۇل ھالاۋەت ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ قىمار ئائىلە ئەزالىرىنىڭ نورمال بەخت تۇيغۇسىنى، ئىنساب تۇيغۇسىنى بەربات قىلىۋېتىدۇ ـ دە، ماددىيلىقنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىززىتى ئۈستىدىن زوراۋانلىق قىلىشىغا يول ئېچىلغان بولىدۇ. بۇ زوراۋانلىق ئاچ كۆزلۈكنى قورال قىلىپ، ئادەمنىڭ ئادەمگە بولغان زوراۋانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ناۋادا بىر ئىنساننىڭ ۋاقتى ئۆي، مۈلۈك، مەنسەپ، داچا، ماشىنا، ساراي، خوتۇن ـ قىزلار ھېرىسمەنلىكى ئۈچۈنلا سەرپ بولسا، ئۇ ئىنساننى ئەسلىدە ئىنسانلىق لاياقىتىگە ئېرىشتۈرگەن قەلب ۋە مەنىۋىيەت دېگەنلەر نەدە قالىدۇ؟ ناۋادا بۇنداق ھېرىسمەنلىك پۈتكۈل جەمئىيەتنى قاپلىسا، ئادەملەرگە خاتىرجەم ئۇيقۇ، ئىختىيارىي نەپەس نېسىپ بولامدۇ ـ يوق؟ روشەنكى، بىز ئائىلە ۋە مۈلۈكنىڭ ئىگىسى بولغىنىمىزدا، بىزنى غەپلەت ۋە كۆرەڭلىكتە قويمايدىغان ئېتىقاد يۈكسەكلىكىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان بولىدۇ. بىز ئائىلە ئەزالىرىنى قايسى يولغا باشلايمىز؟ بىز ئائىلە تىرىكچىلىكى ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا نېمىگە ئېرىشىمىز؟ ئائىلە تىرىكچىلىكىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى نېمە؟ دېگەندەك مەسىلىلەر توغرا ھەل بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئائىلە بىزگە شەيتىنىمىز تەرىپىدىن چىرايلىق كۆرسىتىلگەن قوتان بولۇپ قالىدۇ. ئىسلامدىكى ئائىلە قارىشى قانداقتۇر غايىۋى ئۇقۇملار ئەمەس، ئۇنىڭدا مول رېئاللىزملىق مەزمۇنلار بار. مەسىلەن: بىز مۇنۇ ھەدىسلەرگە قاراپ باقايلى: «كۆپ تۇغىدىغان، ئېسىل خىسلەتلىك ئاياللارغا ئۆيلىنىڭلار! مەن قىيامەت كۈنىدە باشقا ئۈممەتلەرنىڭ ئالدىدا، سىلەرنىڭ كۆپلۈكۈڭلاردىن پەخىرلىنىمەن» (ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى)، «سىلەر جەمەتىڭلارغا مۇناسىۋەتلىك نەسەبلەرنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇ ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشىلايدۇ، ئائىلىدە مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ، ئىقتىسادتا راۋاجلىنىش بولىدۇ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ» (تىرمىزى رىۋايىتى). بۇ ھەدىسلەردىن ئەمگەك كۈچى، ھەمكارلىق، بىر ـ بىرىنى قامداش، ھېسسىيات، ئىقتىساد، بەخت، نەسەب، تارىخ دېگەندەك ئۇقۇملار مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇقۇملار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، مەدەنىيەت ھەققىدىكى مۇكەممەل ئۇقۇمنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ يەردە جەمئىيەت ۋە ئىنساننىڭ تۆرلۈك ئېھتىياجىغا باغلانغان ئائىلە مەدەنىيىتى مەۋجۇت ئىدى. ھەدىستىكى «ئۆگەنمەك» پېئىلىدىن مائارىپ ئۇقۇمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز. مەلۇمكى، مەرىپەتسىز ئائىلىنى ئەھلى ئىسلام تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئۆزى بىلەن ھەق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنگەن ئادەم ئائىلىنى «ئوقۇ!» دېگەن بۇيرۇقنىڭ پەزىلەتلىرى بىلەن تولدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى چۈشىنىدۇ.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلاھات ۋە ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوزغاتقان مۇتەپەككۇرلىرىمىز ئائىلىنىڭ ساپاسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتتىكى رولىنى روشەن كۆرۈپ يېتىشكەنىدى. ئۇلار مەكتەپ، مەتبۇئات، ئانا تىل پەرۋىشكارلىقى، سىياسىي ھەق ـ ھوقۇق ساھەلىرى بويىچە جۇشقۇن دەۋەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە، ئائىلە ۋە ئائىلە تەربىيەسى ھەققىدە مەخسۇس رىسالىلەرنى يېزىشقانىدى. تاتار ئالىمى، ژۇرنالىست ۋە پېداگوك رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن ئۆزىنىڭ ئەخلاق ھەققىدىكى سىستېمىلىق بىر قاتار تەلىملىرى ئىچىدە ئائىلىگە خېلى كۆپ سەھىپە ئاجراتقان. ئۇ بىر خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا مىسلىسىز ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولىدىغان ئائىلىنىڭ تەربىيە تاپىماي كەلگەنلىكىدىن ھەسرەت چېكىدۇ. رىزائىددىن ھەزرەت ئەنە شۇ ئائىلە مۇقەددەسلىكىدە ئاياللارنىڭ تۇتىدىغان ئورنىغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئانا ھەم تەربىيەلىگۈچى بولىدىغان قىزلارنىڭ تەربىيەدىن مەھرۇم بولۇشىدەك ئۇزاق يىللىق قارا ئادەتلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ. ئۇ ئانىلارنىڭ باللارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ، «ھەتتا يۇقىرى مەكتەپلەردە، ئالىي پىكىرلىك ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىلىم ئالغۇچىلارمۇ ئانىلىرىدىن ئالغان تەربىيە بىلەن ياشايدۇ ۋە بۇ تەربىيەنى ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر ئېسىدە ساقلايدۇ» [13] دەپ قەيت قىلىدۇ. «پۈتكۈل ئادەم بالىسىغا بىرىنچى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدە مۇئەللىملىك قىلغۇچىلارنىڭ ئىلىم ۋە تەربىيەدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىغا يول قويۇش، مىڭلارچە ئادەمنى قاچىلاپ كېتىۋاتقان كېمىنى ئەما ۋە جاھىل ئادەمگە تاپشۇرۇپ سەپەرگە چىقىش بىلەن باراۋەر» [14] دەيدۇ ئۇ ئائىلە ھەققىدىكى رىسالىسىدە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىننىڭ ئەخلاق ۋە ئائىلە ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە، ئەكس ئەتكەن ئىدىيەنىڭ كۈنىمىزدىمۇ قىممىتى زور. ئۇنىڭ ئاددىي، لېكىن دەل پىكىرلىرى ھازىرمۇ بىزدە ھۆرمەت قوزغايدۇ. ئەدىب، پروفېسسور ئابدۇ-

شۇكۇر مۇھەممەدئىمىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بوسۇغۇسىدا
يازغان «ئائىلە» ناملىق ئەسىرىدە رىزائىددىن ئىبنى پەخ-
رىددىننىڭ پىكىرلىرىنى يۇكسەك ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئال-
دۇ. ئۇ نەقىل ئالغان «نادانلىقنىڭ نېگىزى بىلەن كامالەتنىڭ
قانىتى ئائىلىدە» [15]، «مىللەتنى كۆتۈرۈپ تۇرغان نەرسە
ئەسكەر ۋە باشقىلار بولماستىن، ئائىلىدىن ئىبارەت» [16]
دېگەندەك ئىبارىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەينى
دەۋردىكى مەھكۇم، قالاق ھالىتىگە قارىتا قىلىنغان ئازابلىق
مۇراجىئەتتۇر. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئائىلە»
ناملىق ئەسىرىنى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر
جەمئىيىتىگە يېتىپ كېلىۋاتقان ياتلىشىشنىڭ ئائىلىگە كەلتۈر-
دىغان بوھرانلىرى ھەققىدىكى ئەقلىي سېزىم ۋە ئاگاھلان-
دۇرۇش دېگىلى بولىدۇ. ئائىلە ھەققىدىكى رىسالىلەردىن
ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بېشىدىكى مەشھۇر جەدىد ئابدۇرەئۇف
فىترەتنىڭ «ئائىلە» ناملىق ئەسىرى دىققەتكە سازاۋەردۇر.
ئۇ بۇ رىسالىدە ئۆيلىنىش، پەرزەنتلىك بولۇش، مۇھەببەت،
شەرم - ھايا، جىسمانىي ساپا، تەلىم - تەربىيە، ئائىلە ۋە
مەكتەپ مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا تەۋھىد پىرىنسىپلىرى
ئاساسىدا بىرمۇ - بىر مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ پىكىرلە-
رى كىرىزىس ئېڭى، تەنقىد ئوبيېكتى، تەربىيە مىزانلىرى
جەھەتتىن رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىننىڭ ئىدىيەسى بىلەن
تامامەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، پىكىرلەر ئۆز دەۋرىگە
نىسبەتەن ئەمەلىي كۆزىتىش، مەسىلىلەرگە قارىتا چوڭقۇر
مۇھاكىمە، نادانلىققا قارىتا ئۆتكۈر تەنقىد، ئاقىلانە تەكلىپ
ۋە تەۋسىيەلەر بىلەن شۇغۇللانغانىدى. «ئەگەردە بىر مەم-
لىكەتنىڭ ئاھالىسى» — دەيدۇ ئۇ ئاگاھلاندۇرۇپ، —
ئەخلاقسىزلىق ۋە جاھىللىق بىلەن ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەر-
نى زەئىپلەشتۈرۈپ قويسا، بۇ مىللەتنىڭ سائادىتى ۋە ھايا-
تى شۈبھە ئاستىدا قالىدۇ» [17] يۇقىرىقى مۇتەپەككۇرلار
ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقنىڭ قاشالىڭ، گول، ھۇرۇن، دېۋەڭ ھا-
لىتىنى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىجادچان، تەرتىپلىك، مەدەنىي
ھاياتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تەخىرسىز تۈيغۇلىرىنى ئاچچىق
كىنايىلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ. «بىز تۈركىستان-
لىقلار (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى رايونلىرىنىڭ
ئەينى ۋاقىتتىكى جۇغراپىيەلىك ئاتىلىشى) بالىلىرىمىزدىن
بەكرەك ماللىرىمىزغا كۆڭۈل بۆلىمىز. ئېشەك ۋە قويلىرى-
مىزنى بالىلىرىمىزدىن بەكرەك ياخشى كۆرىمىز دېيەلەي-
مەن» [18] دەيدۇ ئابدۇرەئۇف فىترەت «ئائىلە» ناملىق
رىسالىسىدە. بۇ پىكىر رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىننىڭ
مۇنۇ ئەلەملىك سېلىشتۇرمىلىرى بىلەن ئىزچىللىققا ئىگىدۇر:
«رۇس بايلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ھالىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش
نىيىتىدە بارلىق راھىتىنى پىدا قىلىپ، يىغقان ماللىرىنى سەپ-
لەيدۇ - يۇ، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز مىللەتنى
يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مىللەتنىڭ نامىنى
ئاڭلاشنىمۇ خالىمايدۇ؟ ئىنگلىز ئالىملىرى ھۇزۇر - ھالاۋەت-
تىن ۋاز كېچىپ، قاشاقلار ئارىسىغا بېرىپ ئىلىم تارقىتىدۇ -
يۇ، نېمە ئۈچۈن بىز ئۆز مەھەللىمىز، ئۆز خەلقىمىز ئارىسىدا
بولسىمۇ ئەقىدە، ئەخلاق ئۆگىتىشكە غەيرەت قىلمايمىز؟
ياۋروپالىق بىر ئالىم يوقىلىپ كەتكەن تىللارنىڭ گىراماتى-
كىسىنى تۇرغۇزىدۇ - يۇ، نېمە ئۈچۈن بىز ھەتتا، ئۆز تىلى-
مىزنىڭ گىراماتىكىسىنى بىلمەيمىز؟» [19] توغرا كۆزىتىش-
تىن كەلگەن سوئاللارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئالدىراپ خوراپ
كەتمەيدۇ. بىر ئەسىر بۇرۇنقى ئالىملىرىمىزنىڭ پىكىرلىرىنى
ۋە سوئاللىرىمنى ئۆزىمىزگە قويىدىغان بولساق، مەزكۇر
سوئاللار بىز ئۈچۈن تولۇق قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ چىقى-
دۇ. بىز ئۇ سوئاللارنى كۆپ ساندىكى مائاشلىقلاردىن سو-
رىساق بەكرەك توغرا بولىدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، بىز يېڭى ئەسىرنىڭ بېشىدا نىكاھ،
ئائىلە، ئەۋلاد تەربىيەسى، ئانا تىل تەربىيەسى، تەرەققىيات،
قەدىر - قىممەت، بەخت - سائادەت ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇ-
لاھىزىلەرگە سېزىلىڭ بولۇپ تۇرۇپتىمىز، بۇنداق تارىخىي
شارائىتتا، نەزەرىمىزنى ئالدىنقى ئەسىردىكى سەگەك پىكىر
ئىگىلىرىنىڭ يازمىلىرىغا ئاغدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەرگىز
سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى بۈگۈنمۇ قىم-
مەتلىكتۇر، بۈگۈنمۇ يېڭىدۇر. گويا ھەر بىر يېڭى ئەسىر —
پىكرىي ئېنېرگىيەنى تەلەپ قىلىدىغان تارىخىي بىر ھەقىقەت
بىزگە كىملىكىمىز ۋە كىم بولۇشىمىز ھەققىدە ۋەزمىن پىچىر-
لاۋاتقاندەك ئىدى.


نەزەرىمىزنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۈگۈنكى ھالىغا
ئاغدۇرساق كۆڭۈلسىز بولماي تۇرالمايمىز. بىز «ئوقۇ!»
دېگەن بۇيرۇقنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ياكى بۇنداق
بۇيرۇقنى تېخىچە ئىشتىمىگەن نۇرغۇن ئاتا - ئانىلارنى ئۇچ-
رىتىمىز، ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئىنسان ۋە ئىنساننىڭ يارىتى-
لىشى ھەققىدىكى ئەقىدىۋى تونۇشنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇ-

ھەملىقنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىغان، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئەتراپتىكى ئادەملەر ۋە باشقا شەيئىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھېس قىلىش، قىزغىنلىق ۋە ئىنتىلىشكە ئىگە بولۇش ھەققىدىكى ئۇقۇملار قانچىلىك ئىپتىدائىي ۋە ساددا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بالىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى پا- ئالىيەتلىرى ئۈچۈن نىشان ۋە ئېنېرگىيە بېرىدۇ، تەبىئىيكى، بۇ بىلىم بېرىشتىنمۇ مۇھىم بولغان باسقۇچ.

لېكىن، بىزنىڭ نۇرغۇن ئاتا- ئانىلىرىمىز يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك ۋە تۇرالغۇدىن ئىبارەت تۆۋەن قاتلاملىق تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا، پەر- زەنتلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ مائاشىنى ئالالايدىغان كىشىلەردىن بولۇشىنى كۆزلەپ، ئۆزلىرى ئۆتەشكە تېگىشلىك تەربىيە مەسئۇلىيەتلىرىنىمۇ مەكتەپلەرگە ھاۋالە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنى ئاتا- ئانىلارنىڭ تەبىئىي تاللىشى دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ماھىيەتتە قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان تۇرمۇش بىخەتەرلىك- نىڭ تۆۋەن سىزىقتىكى ئېھتىياجلىرى بەلگىلىگەن ئاقىۋەت، مەۋجۇت بولۇش غايە، ئەقىدە، ئادەملىكتىن مۇھىم بولغان ئەھۋالدا مائارىپ ئۇلۇغ، ئالىيجاناب، مەقسەتلىرىنى ئۇنۇت- قان ھالدا ياشاشقا تاقابىل تۇرىدىغان جاھانسازلىق بىلىمله- رىنى ئۆگىتىدىغان سىستېمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئامېرىكا پسىخولوگى ئىبراھىم ماسلوۋ (1908 — 1970، Abraham maslow) ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قات- لامغا بۆلگەن، بىز ئۇنى تۆۋەندىكى ئىسخېمىدىن ئىخچام ھالدا كۆرەلەيمىز.

ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە مۇنداق ئۈچ قاتلام بولىدۇ، بىرى، ھايۋانىيلىق، يەنە بىرى، ئىجتىمائىيلىق، ئۈچىنچى بىرى، ئالىيجانابلىق. ئىنسانىيەتنىڭ ئۇستازىغا ئايلانغان ئا- لىملار، مۇتەپەككۇرلار، داھىيلار ۋە سەنئەتكارلار ئۈچىنچى خىل قاتلامغا يېتىشكە مۇۋەپپەق بولۇپ، ۋۇجۇدىدىكى يو- شۇرۇن ئىقتىدارنىڭ نۇرى بىلەن بىلىش تارىخىنى ئىلگىرى- لەتكەن. بىراق تۇرمۇشنىڭ بىيولوگىيەلىك ئېھتىياج ۋە بىخە- تەرلىك ئېھتىياجى دائىرىسىدە چەكلىنىپ، كىشىلەرنىڭ تاللاش، پۇرسەت، غۇرۇر، ۋىجدان، ئىپادىلەش ئەركىنلى- كى، ھەققەت، گۈزەللىك، مەنىۋى بەخت تونۇغرىسىدا ئوي- لاشقا ھالىنىڭ يەتمەسلىكى تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەلەپ دائىرىسىدە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق رېئاللىق كىشىلەرنىڭ ئېھتىياج ئېڭىنى، تۇرمۇش ئۆلچىمىنى،




ماسلوۋنىڭ ئېھتىياج قاتلىمى نەزەرىيەسى [20]

ئەخلاقىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. بۇ ئاخىر بېرىپ جەمئىيەتنىڭ تەلىم- تەربىيە قۇرۇلمىسىنى ھەققانىيلىق ۋە ئادالەت غايىسى- دىن چەتنىتىدۇ. نەتىجىدە، ئادەملەرنىڭ كۆپلىرى تۆۋەن تەلەپلىك تۇرمۇش چەمبىرىكىدىكى غايىسىز جانىۋاتتىلار تو- پىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر غۇرۇر ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن قۇربان بەرگەن قەھرىمانلارنىڭ شېھىتلىك ماقامىدى- كى يۈكسەك پەزىلەتلىرىنى چۈشىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ چۈشكە كىرىپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەپ يۈرۈيشى- دۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ قىممىتىنى، ئۆزىدىكى ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرالىغاندىلا ھەقىقىي ھېس قىلالايدۇ، ئادەمدىكى ئىقتىدار تېگىدىن ئېيتقاندا، بايلىقلارنىڭ ئانىسى. ئىبراھىم ماسلوۋ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشقا موھتاج. ئىنسان شۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغاندىلا ئۆزىدىن رازى بولىدۇ» [21] دېمەك، ئىنسان بايلىق بىلەن يارىتىلغان، ئۇنىڭ كېيىن نامرات بولۇپ قېلىشى پۇرسەت جەھەتتىكى ئادىللىقتا ئېرد

شەلمىگەنلىكىدىندۇر.

پسىخولوگلار بالىلارنىڭ 10 ـ 12 ياشقىچە بولغان مەزگىلنى مېڭە ۋە بىلىش قۇرۇلمىسىنىڭ سىلىنما خاراكتېرلىك مۇھىم باسقۇچى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن، بۇ ئائىلىدىكى پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىغا بېرىلگەن كەسكىن مەسلىھەتتۇر. شۇنداق ئىكەن، جەمئىيىتىمىزدىكى ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشى كېرەك. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، تەربىيە ئاساسى بىر قەدەر ئەۋزەل بولغان شەھەر ئۇيغۇرلىرىدا ۋاقىت باشقۇرۇش ئېڭى ئاجىز بولۇپ، زامانىۋى جەمئىيەت خىرىسلىرى ئارىسىدا ياشاۋاتقان ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىرى ھەددىدىن ئاشقان تويى، نەزىر ھەشەمەتلىرى، سورۇن مۇرەسسەچىلىكى ئۈچۈن سەرپ بولۇپ، ۋاقىت، زېھىن، ساغلاملىق ۋە ئىقتىسادىي بايلىقلارنىڭ مەنپىي يۆنىلىشتىكى ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. ھەتتا مىللەتنىڭ ئەقىل مېخانىزمى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان سۈپەتلىك كىشىلىرىمىز بىدئەت ھەم چاكىنا ئۆرپ ـ ئادەت ھېرىسمەنلىرىگە مۇرەسسە قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ئاتا ـ ئانىلار تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

1. ئادىمىيلىك تەربىيەسى ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ ھەقىقەت، ۋىجدان، قەدىر ـ قىممەت، گۈزەللىك، مۇھەببەت ـ نەپرەت، دىيانەت، ھىدايەت ھەققىدىكى قاراشلىرى ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ ئۇششاق ھالقىلىرىدا كونكرېت، جانلىق ئەكس ئېتىدۇ. ئەجدادلاردىن مىراس قالغان بىلىم ۋە قىممەت قاراشلار شۇ مىللەتنىڭ ئانا تىلىدىكى مىراسلاردا نامايان بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلاردا مىللەتنىڭ روھىي ئېلېمېنتلىرى بار بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دەرقەمتە تۇرمۇشتا ئاڭسىز يۈرگۈزۈلۈۋاتقان تەربىيە مەزمۇنلىرى پەرزەنتلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى دۇنيا قارىشىنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان ئورتاق تۇرمۇش پۇرسەتلىرىنى كۆپەيتىپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئاجدادلارغا بولغان رىشتىنى شەكىللەندۈرۈشى، ھايات ۋە ئېتىقاد ھەققىدە بالىلارغا لايىق كېلىدىغان تونۇشلارنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

2. ئاتا ـ ئانىلار كۆڭۈلسىزلىك، چىركىنلىك ۋە زوراۋانلىقتىن خالىي خاتىرجەم ئائىلە مۇھىتىنى بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مەنىۋىيەتتە سەل قارالغان جەمئىيەتنىڭ چۈشكۈنلۈكى ئائىلە مەسىلىلىرىدە ئەڭ روشەن ئەكس ئېتىدۇ. ئائىلە مەسىلىلىرىنىڭ خاراكتېرى مۇرەككەپلەشكەنسېرى ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلاردا ئۆزىنى تەربىيەلەپ تۇرۇش، تۇرمۇش ھەققىدە مۇئەييەن ئىدىيەگە ئىگە بولۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. ھازىر مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە، بۇرچ ھەققىدە ئىدىيە ھازىرلىماي تۇرۇپ، ئائىلە تۇرمۇشىغا قەدەم قويۇش دىققەت قىلىشقا ئەرزىمەيدىغاندەك ئائىلە كرىزىسى قىزىل سىزىقتىن ھالقىپ كېتىش باسقۇچىغا يەتتى. ئەمەلىيەتتە ئائىلە، مەكتەپ مائارىپى، چوڭلار مائارىپى ۋە جەمئىيەت مائارىپىنىڭ مۇھىم بىر تېمىسى ئىدى، لېكىن كىشىلەر بۇنى ئۇنتۇپ كەتتى. دېمەك، بالىلاردا ساغلام روھىي ئاساس تۇرغۇزىدىغان ئائىلە مۇھىتى يارىتىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارمۇ ئۆزلىرىنى داۋاملىق تەربىيەلەپ تۇرۇشى كېرەك. ئۆزلىرى دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى ئالدىنئالا ھېس قىلالايدىغان بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بولۇشى كېرەك، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات كرىزىسىنىڭ جاراھىتىنى بالىلارغا ئۇقتۇرماي مۇۋاپىق چىقىش يولى ئىزدىشى كېرەك.

3. ئائىلە نوقۇل ياتاق، ئاشخانا ياكى مېھمانسارايغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. ئائىلە يەنە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ سەمەرىسى، ئەجدادلار روھىنىڭ چاقناش نۇقتىسى، ئادىمىيلىكنىڭ مەكتىپى، ئانا تىلىنىڭ ئالتۇن بوسۇغىسى، ئېتىقادنىڭ پىراكتىكىسى بولۇشى كېرەك. بۇ غايە ئالدى بىلەن مەدەنىيەت ساپاسى بىر قەدەر ئۈستۈن ھاللىق ئائىلىلەردە مۇئەييەن سەۋىيەدە ئەمەلگە ئاشقان بولۇشى ۋە ئۈلگە سۈپىتىدە جەمئىيەتكە كېڭەيگەن بولۇشى كېرەك. ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرگەن ئائىلىلەردىكى تەربىيە كۆرگەن ئانىلار مائاشنى كۆزلەپ قىلغان كەسپىي خىزمىتىدىن پەرزەنت تەربىيەسىنى ئەلا بىلىشى، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئىدىتلىق، پىلانلىق، نىشانلىق تەربىيە شارائىتىنى بەرپا قىلىشى، بۇنى كېلەچەكتىكى بەخت ـ سائادەت ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش دەپ چۈشىنىشى كېرەك. ئىقتىسادىي ھەلەكچىلىكتىن قۇتۇلالىغان ئائىلىلەر پەرزەنتلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئۇستاز تەكلىپ قىلىشنى ئۆز تۇرمۇشىدىكى بەخت كۆرسەتكۈچىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مادىسىغا ئاي

لاندۇرۇشى، تەربىيەلىك ئائىلە ئەندىزىسىنى ئەۋرىشكە
قىلىپ تىكلەپ، جەمئىيەتكە كۆرسىتىشى كېرەك. نۆۋەتتىكى
ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە مىليونېرلار كېرەك، ئەلۋەتتە. ھالبۇ
كى، ئەقىل ۋە ئەقىدىسى پۇلدىن ھەمىشە ئۈستۈن تۇرالىغان
ئاقسۆڭەكلەر تېخىمۇ كېرەك. كىشىلەر ئارىسىدا: «بىر مىل-
يونېر بىر كېچىدىلا پەيدا بولىدۇ. لېكىن بىر ئاقسۆڭەكنىڭ
پەيدا بولۇشىغا ئۈچ ئەۋلاد جەريان كېتىدۇ» دەيدىغان
گەپ بار. روھىدىن ئاچ كۆزلۈك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان
يالاڭتۆش پۇلدارلار پەقەت مەنىۋىيىتى خارابلاشقان ساياق
توپلار ئۈچۈنلا ئۈلگە بولالايدۇ. ئەگەر بىز ئالدىنقى ئە-
سىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تارىخ ياراتقان مۇسابايوفلار جە-
مەتى، مۇھتىيلار جەمەتىدەك بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلىرى-
مىزنىڭ ئىزلىرىنى تەتقىق قىلساق ۋە دەۋرىمىزنىڭ تەقەززا-
سىنى تەھلىل قىلساق، ئاقسۆڭەكلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكى
ھەققىدىكى مەرىپەتكە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن. ئاقسۆڭەكلەر
ئائىلىسى بىر مىللەتنىڭ جاھاندارچىلىق قاراشلىرىنى، ئېتىقاد
سەۋىيەسىنى، مىللەت تىندۇرمىسىنى، غايە يۈكسەكلىكىنى
دەۋرگە ماس ھالدا نامايان قىلىپ بېرىدىغان تۇرمۇشنىڭ ئې-
سىللىق ئۆلچىمىنى يارىتىپ بېرىدىغان، كىشىلەرنى ئۈمىدلىك
تۇرمۇشقا ئۈندەيدىغان قانداشلار گۇرۇپپىسىدۇر. ئەگەر
بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە بۇنداق ئائىلە تىپلىرى كۆپەيسە،
بۇنداق تىرىك ئۈلگىنىڭ چاقىرىق كۈچى ھەقىقەتەن زور بو-
لىدۇ. ھاللىق ئائىلىلەردىكى ئاياللار ئائىلىنىڭ مەنىۋىيەت
ھاۋاسىنى تەڭشەش ئۈچۈن ھەمىشە ئىزدىنىپ تۇرۇشى
كېرەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاش تەبىئىتىدىكى ساپلىقنى
تاۋلاپ، ياشاشقا بولغان ئاكتىپلىقنى قوزغايدىغان تۇرمۇش
دېتاللىرىنى لايىھەلىشى، ئەرلىرى ۋە باللىرىنىڭ پسىخولو-
گىيەلىك ئەمچىسى بولۇشى لازىم. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا،
ئائىلە دۆلەتتۇر، ھەتتا قىسمەن شارائىتتا دۆلەتتىنمۇ ئۇس-
تۇندۇر. شۇنداق قارىغاندا، ئائىلە باشقۇرۇش ئادەتتىكى
ئىش بولماستىن، بىر تۈرلۈك سىياسىيونلۇق بولۇپ چىقىدۇ.
تەبىئىيكى، بۇ ئاياللاردىن يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسىنى
تەلەپ قىلىدۇ. رەنالىق (مىجەزدىكى ئېسىللىق)، دانالىق
(ئەقىل ـ پاراسەت)، مۇسەپپالىق (ئاياللىق تارتىم) ۋە رەھنا-
مالىق (باللار ئۈچۈن يېتەكچى) قاتارلىق خىسلەتلەر بىر ئا-
يالنىڭ ۋۇجۇدىدا جەم بولسا ئائىلە مۇشۇ دۇنيادىكى جەن-
نەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن، بۇنداق ئائىلە ئەرلەرگە كۈچ قو-
شىدۇ، باللارغا ئوزۇق بولىدۇ.

4. ھەر بىر ئائىلىدە بىردىن ئائىلە كۇتۇپخانىسى بولۇ-
شى كېرەك. «كىتابسىز ئۆي ــ دېرىزىسىز ئۆي» دېگەن
گەپ بار. كىتاب مۇئەييەن دەرىجىدە بىر ئائىلىنىڭ مەنىۋى
ھاۋاسىنى تەڭشەيدۇ. ئائىلە كۇتۇپخانىسىدا مىللەتنىڭ ئېتىقا-
دى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تارىخىغا ئائىت سەرخىل كىتابلار بولۇ-
شى، داڭلىق ئالىم ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئېسىل ئىشلەنگەن كىتاب-
لىرى بولۇشى، ساغلاملىق ۋە ئوزۇقلۇققا ئائىت ئاممىباب
تېببىي قوللانمىلار بولۇشى، سىرتقى دۇنيانى چۈشەندۈرىد-
غان ئوقۇشلۇقلار بولۇشى، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىش ئىز-
لىرىغا ئائىت كىتابلار، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىد-
كى كىتابلار بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك ئاتا ـ ئانىلار
بىلەن باللارنىڭ بىللە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدىغان، قەھ-
رىمانلار، داھىيلار، ئالىملار ھەققىدە پاراڭلىشىدىغان ۋاقتى
بولۇشى، بۇلار ئائىلىدە جەم بولۇش خۇشاللىقى بىلەن يۇ-
غۇرۇلۇپ كېتىشى لازىم. ھازىرقى ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە پە-
روگراممىلىرىدا تەرجىمە كۆپ بولۇپ، مىللىي تۇرمۇشقا
ئائىت مەزمۇنلار يوق دېگۈدەك. كىشىلەر ئۆزلىرى يولۇق-
قان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە دائىر يىپ ئۇچلىرىنى تاپالمايدۇ.
بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئاتا ـ ئانىلار تېلېۋىزور كۆرۈشنى
ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، باللار بىلەن ھەر خىل مەسىلە-
لەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ بېرىشى، مەكتەپلەر بېرىش-
كە قادىر بولالمىغان ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاق، تۇرمۇش بە-
لىملىرىنى ئۆگىتىشى كېرەك. بىز ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا
تېلېۋىزور چاتما فىلىملىرى ئىستېمالچىسى بولۇپ كەتمەي،
كىتاب ئوقۇشقىمۇ مۇۋاپىق ۋاقىت چىقىرىشىمىز، مۇمكىن
بولغان دائىرىدە تەبىئەتنىمۇ سەيلە قىلىشىمىز، كۆپرەك ئويد-
لىنىشقا ۋاقىت چىقىرىشىمىز كېرەك. نەشرىياتلار ئۆزىنى
نوقۇل كارخانىلاردەك تەسەۋۋۇر قىلىۋالماي، ئۆزلىرىنى ئا-
كادېمىيەدەك تەسەۋۋۇر قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك.
مۇمكىن بولسا نەشرىياتلاردا ئوقۇرمەنلەرنىڭ پسىخىكىسى-
نى، ئېھتىياجىنى، بازارنىڭ قانۇنىيىتىنى، جەمئىيەت يۈنىلىش-
لىرىنى ئىلمىي كۆزىتىدىغان تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلۇشى
كېرەك. نەشرىياتلار ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مېدىتسىنا، تىجا-
رەت، پسىخولوگىيە، ئوزۇقلۇق ئىلمى، تازىلىق، ئائىلە باش-
قۇرۇش، جىنسىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر قوللىنىشچان
كىتابلارنى لايىھەلەپ، ئائىلە كۇتۇپخانىسىنىڭ مەزمۇن دائىرد-

سنى كېڭەيتىش ۋە تولۇقلاشقا تۆرتكە بولۇشى كېرەك.

ئائىلە مائارىپىنىڭ مەزمۇنى كۆپ قاتلاملىق، دائىرد-
سى كەڭ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى-
گە يارىشا ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ مەخسۇس-
لاشقان تەتقىقات ساھەسىدۇر. بىزدە مائارىپ ھەققىدىكى
تەتقىقات مەخسۇسلاشمىغان ۋە ساھەلەشمىگەن. ئابدۇللا تالىپ
«ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار» دېگەن نېپىز كى-
تابنى نەشر قىلدۇرغىلى 27 يىل بوپتۇ. ئۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى-
نى بېيىتىپ، يېڭىباشتىن ئىش قىلالمىدۇق. مائارىپ تەتقىقاتى
تولىمۇ كەڭ ساھە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئائىلە تەربىيەسى-
نىڭ ئۆزىمۇ كۆپ تەرەپلىمە تارماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
دائىرە. بىر ئادەم ئۆزى قۇرۇپ چىققان ئائىلىسىدىكى ئىش-
لارغىمۇ سەل قارىسا، بۇنداق ئادەمنىڭ رىقابەتتىكى رەھىم-
سىزلىكتىن رەنجىشكە ھەققى يوق. «ئائىلە جەمئىيەتنىڭ
ئۇل تېشى، — دەيدۇ جەمئىيەتشۇناس جون مەيشى-
نۇس (JohnJ.Macionis)، — ئۇ ئىجتىمائىي دەرىجە ۋە
ئۆلچەملەشكەن پائالىيەت دېگەنلەرگە ئوخشاش مۇھىم رول-
لارنى يۇرۇشتۇرىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئائىلە شەپ-
قەتسىز جەمئىيەتتىكى بىردىنبىر پاناھگاھ ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە
ئەزالىرى ئائىلىدىن تەۋەللىك تۇيغۇسىنى تېپىپ، ھېسسىيات
جەھەتتىكى ھىمايىگە ئېرىشىدۇ» [22]— ماددىي پاراۋانلىق
قوغلىشىۋاتقان ھازىرقى زامان جەمئىيىتى ھېسسىيات جەھەت-
تىن ئادەمنى بەك يېتىم قالدۇرىدۇ. قويۇق ئادەمگەرچىلىك
ئالاقىسى، مۇڭداشلىق دەرقەمتلىككە ئادەتلىنىپ كەتكەن
ئۇيغۇرلار ئاممىسىنىڭ زامانىۋى جەمئىيەتتىكى ئۆلچەملەش-
كەن مۇناسىۋەت شەكىللىرىگە كۆنەلمەي غېرىبلىق ھېس قى-
لىشى چوقۇم. بۇنداق غېرىبلىق مەلۇم دەرىجىدە تېڭىرقاش
ۋە پاسسىپ پائالىيەت ئىپادىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى
مۇمكىن. پەرزەنتلىرىمىز يەسلى ۋە مەكتەپلەردىن تاپالمىغان
چىن ھېسسىيات بىلەن مېھرنى، مىللىيەتكە دائىر ئۈگۈتلەرنى ئا-
ئىلىدىن تاپالمىغاندا، بىزنى كۈتىدىغان تەقدىر قانداق بولار؟

ئىزاھلار:

[1] دېۋىد پاپىنو: «جەمئىيەتشۇناسلىق» (خەنزۇچە)،
جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى،
ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك بابلارغا قارالسۇن.

[2] مولو: «كۆپ تەرەپلىملىك ئىقتىدار ۋە ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ ئىندىۋىدۇئال تەرەققىياتى» (خەنزۇچە)، «يۆخەيفېك» ژۇرنى-
لى، 2001 - يىلى 4 - سان، 1 - بەت.

[3] جۇكوپېك: «جۇكوپېك مائارىپ ھەققىدە» (خەنزۇچە)،
خۇادۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 - يىلى
نەشرى، 5 - بەت.

[4] مورتېمىر ئادلېر: «غەربنىڭ تەپەككۇرى» (ئۇيغۇرچە)،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 - يىلى، 146 - بەت.

[5] خورۋارد گاردنېر: «ھەقىقەت، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك-
نى بەرپا قىلىش» (خەنزۇچە)، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى
نەشرىياتى، 2012 - يىلى نەشرى، 8 - بەت.

[6] [7] جون دېۋىي: دېموكراتىيە، تەجرىبە ۋە مائارىپ»
(خەنزۇچە)، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2009 - يىلى نەشرى، 5 -
بەت.

[8] جون مەيشىنۇس: «جەمئىيەتشۇناسلىق» (خەنزۇچە)،
جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 - يىلى نەشرى،
150 - بەت.

[9] ئانتونى جىدنىس: «جەمئىيەتشۇناسلىق» (خەنزۇچە)،
بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 - يىلى نەشرى، 170 - بەت.

[10] لاررى ئا. سىمووۋەر، رىچارد ئې. پورتېر، ئېدۋىن. ر
مېك دەنىل: «ھالقىما كۇلتۇر ئالاقىسى» (ئىنگلىزچە) بېيجىڭ ئۇ-
نىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2012 - يىلى 55 - بەت.

[11] [12] «قۇرئان كەرىم»، 1986 - يىلى ۋە 2012 - يى-
لىدىكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىلىرىغا قارالسۇن.

[13] [14] رىزائىددىن ئىبنى پەخرىددىن: «ئىلمىي
ئەخلاق» (ئۇيغۇرچە) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2006 - يىلى،
182 -، 183-، 184 - بەتلەر.

[15] [16] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئائىلە» (ئۇي-
غۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىلى، 8 -،
9 - بەتلەر.

[17] ئابدۇرەئۇف فىترەت: «ئائىلە» (ئۆزبېكچە) تاشكەنت
مەنىۋىيەت باسمىسى، 2000 - يىلى، 8 - بەت.

[18] يۇقىرىقى ئەسەر، 56 - بەت.

[19] زىرائىددىن ئىبنى پەخرىددىن: «ئىلمىي ئەخلاق» (ئۇي-
غۇرچە)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2006 - يىلى 193 - بەت.


[20] بەيدۇ تورى:
http:/baike.baidu.com/view/690053.htm?fromld=693624

[21] ۋېن چېڭچى: «سىز بىلىشكە تېگىشلىك پىسخولوگى-
يەلىك ساۋاتلار» (خەنزۇچە)، جۇڭگو توقۇمىچىلىق نەشرىياتى،
2009 - يىلى نەشرى، 257 - بەت.

[22] جون مەيشىنۇس: «جەمئىيەتشۇناسلىق» (خەنزۇچە)،
جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 - يىلى نەشرى،
537 - بەت.

---

ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى



زۇلپىقار بارات ئۆزباش

## كېينكى مودېرنىزم جەمئىيىتىگە كىرىش:

# نيۇيوركنىڭ نازى ۋە تېپىشمىقى

(1)

بىر قارىسا چۈشى، بىر قارىسا مۆجىزىنى ئەسلىتىدۇ.

بۇ شەھەرگە تۇنجى قېتىم بارغان بىر ئۇيغۇر رېئاللىقى بىلەن چۈشى ئارىسىدىكى پەرقىنى ئاڭقىرالمايدۇ؛ ھەر ماڭ- غامدا ھەيرانلىقى ھەم ئەندىكىشى تۈگمەيدۇ.

جۇلاسى، ناز - كەرەشمىسى بىلەن تەڭ تۇغدۇرىدىغان تېپىشماقلىرى ۋە ھەسرەتلىرى بار.

پۇرسەت بار، ھەممە ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەمما ئىنساننىڭ ئازابىغا چىن پۈتمەيدۇ.

تېپىك كېينكى مودېرنىزم جەمئىيىتى. ئۇنىڭ رېئاللىقى ۋە مودىسى باشقا غەرب دۆلەتلىرىگە ھەم 3 - دۇنيا ئەللىرى- گە كىلونلانغان رېئاللىق ۋە ئىستېمال مەدەنىيىتى «ئىمپورت قىلىدۇ».

ئۇ تەرەپتە 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدە قازاغا ئۇچرىغان 2983 كىشىنىڭ كۆز يېشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان قوشماق كۆلچەك، بۇ تەرەپتە مۇسۇلمانلار پائالىيەت مەركىزى سېلىش پىلانلانغان نۆلىيەر مەركىزى.

ئوڭ تەرەپكە قارىسىڭىز ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز بىنا- لارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى نامايىش قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەتنىڭ ئىمپېرىيە كۆلەڭگىسى، سول تەرەپكە قارىسىڭىز سوغۇقتا دىر - دىر تىترەپ ياتقان لاماكان، مۇساپىر.

بىر يەرلىرى ئۈرۈمچىنىڭ داشمېنى، جۇڭسەن كوچىلى- رىنى ئەسلىتىدۇ؛ يەنە بىر يەرلىرى شاڭخەينى. ئالدىراش كېتىۋاتقان قىزلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇر گۈزەللىرىنى ئەسلىتى- دىغان سىماھلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

بۇ يەردىكى قەشقەر قەھۋەخانىسىدا، ئارزۇ ئاشخانى- سىدا ئۇيغۇرنىڭ كاۋاپ، مانتا، لەڭمەن قاتارلىق تاماقلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

ئانگلو ساكسون ئەدەبىياتىدىكى نامايەندە خاراكتېر- لىك يازغۇچى - شائىرلاردىن ۋولت ۋىتمان («گىياھ ياپراقلى- رى»نىڭ ئاپتورى)، ئېدىن ۋارتون («گۆدەك چاغلار» رو- مانىنىڭ ئاپتورى)، ئاللان گىنسبېرگ قاتارلىقلار مۇشۇ يەردە ياشىغان ياكى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 20 - ئەسىر ئامېرىكا ئىدىيە تارىخىدىكى نامايەندە خاراكتېرلىك بۈيۈك مۇتەپەككۇرلاردىن جون دۇۋېي (1858 — 1953)، ئېدۋارد سايىد (1935 — 2003)، چارلىز تىللى (1926 — 2008)، ئېرۋىڭ گوفمان (1922 — 1986)، روبېرت مېرتون (1910 — 2003) قاتارلىقلار مۇشۇ شەھەردىكى دۇنياغا داڭلىق بىلىم يۇرتى كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلغان، مۇشۇ شەھەردە ياشىغان.

مانا بۇ مېنىڭ تەسىراتىمدىكى نيۇيورك. ئۇنىڭ قىس- قىچە تارىخى مۇنداق:

1524 - يىلى ئىتالىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى گىئوۋانى ۋېررىزانو نيۇيورك ئارىلىنى بايقىدى.

1609 - يىلى ھېنرى خۇدسون نيۇيورك ئارىلىغا چىقتى ۋە نيۇ جېرسېي ئارىلىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى.

1624 - يىلى نيۇيورك گوللاندىيەنىڭ مۇستەملىكىسى-

گە ئايلاندى ۋە بۇ ئارالغا يېڭى ئامستېردام دەپ نام بەردى.

1664 ـ يىلى ئەنگلىيە ئۇرۇش قىلىپ گوللاندىيەنىڭ قولىدىن يېڭى ئامستېردامنى تارتىۋالدى ۋە بۇ شەھەرنىڭ ئىسمىنى يېڭى يورك (يورك ئەنگلىيەنىڭ شەھىرى)قا ئۆزگەرتتى.

1731 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئاتىلىرىدىن بىرى بېنجامىن فرانكىلىن نيۇيوركقا يېقىن جايدىكى فىلادېلفىيە شەھىرىدە تۇنجى كۇتۇپخانىنى ئاچتى.

1776 ـ يىلى فىلادېلفىيەدە مۇستەقىللىق خىتابنامىسى جاكارلاندى. ئامېرىكا ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل دۆلەت بولدى.

1825 ـ يىلى شەھەردە 588 كىلومېتىرلىق قاتناش قانىلى بارلىققا كەلدى.

1863 ـ يىلى نيۇيوركتا بولغان ئىچكى ئۇرۇشتا ئىتتىپاقداش تەرەپ گېنېرالى قارشى تەرەپنى يەڭدى.

1929 ـ يىلى نيۇيوركتىكى پاي بازىرىدا ئېغىر داۋالغۇش يۈز بېرىپ ئامېرىكا ئىقتىسادىي كرىزىسقا پاتتى.

1933 ـ يىلى نيۇيورك شەھىرىنىڭ باشلىقى فرانكىلىن روزۋېلىت ئامېرىكا دۆلىتىنىڭ پرېزىدېنتى بولدى.

1978 ـ يىلى قىمارۋازلىق نيۇيوركنىڭ ئاتلانتىك رايونىدا قانۇنلاشتى.

1987 ـ يىلى نيۇيوركتا يەنە بىر قېتىم پاي بازىرىدا داۋالغۇش بولدى.

2001 ـ يىلى نيۇيوركتىكى قوشماق بىنا ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. بۇ ۋەقە ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستانغا ۋە ئوتتۇرا شەرققە ئىچكىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىشىغا سەۋەب بولدى.

2007 ـ يىلى نيۇيوركتا ھەمجىنسلارنىڭ نىكاھلىنىشى قانۇنلاشتى.

2011 ـ يىلى قوشماق بىنا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن جاي «11 ـ سېنتەبىر دۆلەتلىك خاتىرە سارىيى» پۈتۈپ ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى.

نيۇيوركنى قىسقىچە تەبىرلەشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ تېز سىزمىسىنى مۇنداق ئىپادىلەش مۇمكىن:

ئامېرىكىنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيىتىگە، ھاياتىي كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۇنيانىڭ سودا، پۇل مۇئامىلە، مودا، كۆڭۈل ئېچىش مەركىزى، جىمى مودا مۇشۇ يەردىن دۇنياغا تارقىلىدۇ. ھەر خىل مەدەنىيەت، ھەر خىل دىن، ھەر خىل ئىرق ئارىلاشقان تىنىم تاپماس شەھەر.

كۆچمەنلەر شەھىرى، ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل ئىرقنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە مەدەنىيىتى تېپىلىدۇ، شەھەردە خەنزۇ بازىرى، كىچىك ئىتالىيە رايونى، برۇكلىن رۇس رايونى قاتارلىق ھەرخىل كۆچمەنلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تارماق رايونلار بار. شەھەر برۇكلىن، كۆېنىس، مانخاتتان، ستەتېن ئايلەند، ئۇزۇن ئارال قاتارلىق بەش رايوندىن تەركىب تاپقان. ستەتېن ئارىلى بىلەن مانخاتتان رايونىنى ئوكيان ئايرىپ تۇرىدۇ. يولۇچىلار، ئائىلىلەر پاراخوت ئارقىلىق ستەتېن ئارىلى بىلەن مانخاتتان رايونى ئارىلىقىدا قاتنايدۇ.

نيۇيورك بىز بىر ئائىلىنى شۇۋرغىنى بىلەن كۈتۈۋالدى. شەھەردە خۇشاللىقلىرىمىز، ئېزىقىشلىرىمىز، ھەيرانلىقلىرىمىز ھەم تېپىشماقلىرىمىز قالدى.

تۇنجى كۆرۈشكەن قېرىندىشىمىزنىڭ ئۇيغۇرغا خاس قىزغىن مۇئامىلىسىدىن، مېھماندوستلۇقىدىن سۆيۈندۇق ئەمما يامغۇر قارغا ئايلانغان بىر كەچتە شۇۋرغان قايىنىمى قالدۇق؛ ئۇيغۇر بۇرادىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان جىمى كوچىلارنىڭ نومۇر تاختىلىرىنى قار توسۇۋالغان بولغاچقا، ئۆزىمىز كەلگەن يولنى تاپالماي ئېزىقىپ ھەسرەتلەندۇق. تۈتىنچى كۈنىگە كەلگەندە شۇنچە قېلىن كىيىنىپمۇ بەدەنلىرى مۇزلاپ كەتكەن بەش ياشلىق ئوغلۇم «قاچان ئۆيگە كېتىمىز؟ مەن نيۇيوركقا ئۆچ بولدۇم» دەپ يىغلىۋەتتى. خېلىدىن بېرى نيۇيورك چۈشىنى كۆرۈپ كەلگەن ئايالىم شۇۋرغان كۈنلۈكىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەندە «ئىسست، كەلمەيدىغان بولساق بوپتىكەن» دەپ پۇشايمانمۇ قىلدى. ئەر ھەم دادا بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن نيۇيوركقا كەلگۈچە ئارىلىقتا قىلغان تەييارلىقىمنىڭ پۇختا بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆكۈندۈم.

ئاۋۋال نيۇيورك بىزنى ناز ـ كەرەشمىسى بىلەن جەلپ قىلدى. ھەر قاتلام، ھەر خىل ئىرق، ھەر خىل دىن، ھەر خىل مىللەتكە تەۋە ئادەملەرنى ئوخشاش سىغدۇرۇپ رىزىق بېرىپ، تەلپۈندۈرۈپ كېلىۋاتقان زامانىۋى، خەلقئارالىق شەھەرنىڭ يېڭىلىقلىرىدىن، دېموكراتىيەسىدىن سۆيۈندۇق. ئەمما ھايال ئۆتمەي بۈگۈنكى دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن، نۆۋەتتە كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان ئىقتىسادىي كرىزىستىن دالالەت بەرگەن ھالدا

سوغۇق كوچىدا يوتقانغا چۇمكىلىۋېلىپ ياتقان لاماكانلارنى كۆرگىنىمىزدە يۈرىكىمىز ئېچىشتى. شەھەرلىك زامانىۋى سەنئەت گالېرىيىسىدە يېرىم كۈن ئايلاندۇق. پىكاسسو، ۋانگوگ قاتارلىق مودېرنىست رەسساملارنىڭ ئەسىرىدىن ھوزۇرلىنىپ ئېستېتىك تۇيغۇغا چۆمدۇق، ئەمما ئۇ يەردىن چىقىپ كوچىلاردىكى كېيىنكى مودېرنىزىم جەمئىيىتى ئالامەتلىرىنى ئەسلىتىدىغان زىت بەلگىلەردىن، ئىماگلاردىن ھەر ماڭدامدا مەدەنىيەت ئەندىكىشى ھېس قىلدۇق. مەسىلەن: يۆتكەلمە دۇكانلاردا ھالال دېگەن نام بىلەن سېتىلىۋاتقان يېمەكلىكلەرنىڭ ھارام يېمەكلىكلەر بىلەن بىر يەردە قويۇلىدىغانلىقى بىزنى ئوبدانلا چۆچۈتتى.

ئاپەت تۈپەيلى بىروكلىن رايونىغا بارىدىغان قاتناش توختاپ كەتكەچكە، نەچچە يىللاردىن بېرى داڭقىنى ئاڭلاپ كەلگەن قەشقەر قەھۋەخانىسىدا غىزالىنىپ قايتىش چۈشىمىز بەربات بولدى. ئادەم دېگەن تەسەۋۋۇردىكى ئوبراز ۋە مەنزىل ئۈچۈن چۈش كۆرۈپ ياشايدىغان، ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشكەندە قىزغىنلىقى سۇسلايدىغان مەخلۇق ئىكەن: ۋال ستىرىت كوچىسى، ئىمپېرىيە بىناسى، دەۋر مەيدانى ھەققىدىكى غايىۋانە تەلپۈنۈشلىرىمىز شۇ يەرگە بېرىپ كۆرگەندە ئوبدانلا پەسكويغا چۈشتى. نيۇيوركتا تۇرۇپ قەشقەرنى، ئۈرۈمچىنى سېغىندۇق. بىر بۇرادەر ماڭا: «نيۇيوركنىڭ بەزى كوچىلىرى ئۈرۈمچىنىڭكىگە ئوخشايدۇ» دېگەنىدى. راستكەن. ھەيران بولماي تۇرالمىدۇق، نيۇيوركتا مېنىڭ لەگمەن ۋە كاۋاپ خۇمارىم تۇتتى.

(2)

سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ھاۋايدا تۇرۇپ نيۇيوركنىڭ ئېغىر شىۋىرغان ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىغاندۇق. ساياھەت پىلانىمىزدا بۇ شەھەردە بىر نەچچە كۈن توختاپ ئۆتۈش ئويىمىز بولغاچقا، تاراتقۇلاردا بېرىلىۋاتقان ئۇچۇرلارغا يېقىندىن دىققەت قىلدىم. «نيۇيورك تارىختا كۆرۈلمىگەن ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇ قېتىم توختىماي بوستونغا كەتسەڭلار بولارمىكىن» دېدى ھاۋايدىكى ئۇيغۇر قىزى مۇنىرەنىڭ يولدىشى جون (ئامېرىكىلىق، ئۇيغۇرچە ئىسمى جەسۇر). نيۇيوركقا بېرىشتىن بۇرۇن ئىندىئانا، چىكاگو، بالتىمور، ۋاشىنگتون شەھەرلىرىدە توختاپ ئۆتۈشنى پىلانلىغاچقا، بىر مەزگىل قاراپ بېقىشنى ئويلاپ پىلانىمدىن ۋاز كەچمىدىم. ئەمما ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى مېھمانخانىسىدا تېلېۋىزورنى ئېچىپ ھەيران قالدىم: ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ سۈيى تېشىپ نيۇيورك شەھىرىنىڭ خېلى بىر يەرلىرىگىچە ئېقىپ كىرگەن؛ مېترولارنى، ئۆيلەرنى خېلىلا زور دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقانىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يېڭى پىرېزىدېنتلىق سايلىمى بولىدىغان بولغاچقا، پىرېزىدېنت ئوباما ۋە ئۇنىڭ رىقابەتچىسى رومنىي ئاپەت رايونىغا كېلىپ ھال سوراشنى باشلىۋەتكەنىدى.

ئىندىئانادا تۇرۇپ نيۇيوركتا كۆرۈشمەكچى بولغان تەتقىقاتچى ئۇيغۇر ئاكىمىزغا تېلېفون قىلدىم. «پىلانىڭلاردا بولغاندىكىن كېلىۋېرىڭلار، سىلەر كەلگۈچە ئەسلىگە كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن» دېدى ئۇ، يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدىم.

— نيۇيوركقا بارماي ئۆتۈپ كەتسەك بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدىم تېلېفوننى قويۇپ ئايالىمغا.

— بىز بارغۇچە ئوڭشايدىغان يېرىنى ئوڭشاپمۇ بولار، ئاتايىن پىلانلىغاندىكىن بارايلى ئەمدى، — دېدى ئايالىم.

— ياق، بارمىساق بولمايدۇ. مەن ساۋاقداشلىرىمغا نيۇيوركقا بارىدىغىنىمنى جاكارلاپ بولغان، — دېدى ئوغلۇم.

ئەنسىرىشىمدە يەنە بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى. قىش بولمايدىغان ھاۋايدىن قېلىنراق كىيىملەرنى ئېلىۋالغان بولساقمۇ، ئۇ كىيىملەر نيۇيوركنىڭ سوغۇقىدا دال بولالمايدىغاندەك قىلاتتى.

ئاپتوبۇس نيۇيورك شەھىرىگە كىرىش ئالدىدا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا قالدىم. سىرتتىن كىرگەن ئاپتوموبىللار دۆڭدىن ئويمانغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بالام ھېلىدىن ھېلىغا ھور قاپلاپ كېتىۋاتقان دېرىزىنى سۈرتكەچ ئەتراپنى تاماشا قىلىۋاتاتتى. نېرىدا ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئەدەبىي ژۇرنال «نيۇيوركلىقلار»نىڭ يوغان ئېلانى كۆزۈمگە چېلىقتى. بالتىمور شەھىرىدىن ئاپتوبۇستا يولغا چىققىنىمىزغا تۆت سائەتمۇ بولمىغاچقا، نيۇيوركقا كەلگىنىمىزگە تازا ئىشىنىپ كېتەلمەي ئارقامدا ئولتۇرغان نېگىر ئايالدىن سورىدىم:

— نيۇيوركقا كەلدۇقمۇ؟

— ھەئە، كەلدۇق.

نېرىدا پاراخوتلار، كېمىلەر توختاپ كەتكەن بىر دەريا لۆمشۈپ ئاقاتتى. بۇ قايسى دەريا بولۇپ كەتتى دەپ ئويلاپ گۇگۇلدىن ئاختۇردۇم. خايدېنس دەرياسى ئىكەن. سانجاق - سانجاق بىنالار ئادەمگە ئىمارەتلەردىن پۈتكەن

ئورمانىنى ئەسلىتەتتى، قارىماققا كىشىگە بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىۋاتقاندەك، ھەيۋىتى بىلەن بىر - بىرىگە خىرىس قىلىۋاتقاندەك تەسىر بېرەتتى. بىنالاردىكى ئېلان ئۈچۈن ئورنىتىلغان تېلېۋىزورلاردا ھېلىدىن ھېلىغا شەرەنداز، نازىنىن چوكانلارنىڭ رەسىملىرى ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بىر چاغدا بىر بىنادىكى چوڭ ئېكراندا 2003 - يىلدىكى ئىراق ئۇرۇشىنى جەڭ مەيدانىدا خەۋەر قىلغان، ئۇرغۇن قېتىملاپ پىرېزىدېنت مۇنازىرىلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان داڭلىق رىياسەتچى ئاندېرسون كۇپپېرنىڭ سۈرىتى پەيدا بولۇپ قالدى.

قاش قارايغان مەھەل بىلەن ئاپتوبۇس ئاخىرقى مەنزىل دەۋر مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. بىز مۇشۇ يەردىن 42 - كوچىغا بېرىپ مېترو ئارقىلىق كۇۋېنس رايونىغا بېرىپ ئاندىن يەنە 7 - يول مېتروسىغا ئالماشماقچى ئىدۇق. ئاپتوبۇستىن چۈشۈشۈمگە ئاچچىق سوغۇق يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. تەلىيىمىزگە بېكەتتىن مېترو بېكىتىگە بارىدىغان ئارىلىق يىراق ئەمەسكەن. يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتقان ئادەملەر كىشىگە شەھەردە تۇرمۇش رىتىمىنىڭ قانچىلىك تېز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇراتتى. ئوغلۇم بىنالارغا، كوچىلارغا قاراپ توختىماي سوئال سوراپ ماڭاتتى. بىرەر 100 قەدەم ماڭماي ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان مەنزىرىگە دۇچ كەلدۇق. بىر ئادەم يەردىلا يۈكۈنۈپ يۇم - يۇم يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئالدىدىكى تاختىغا قارىدىم. «ئۆيىدىكىلەرنى يىتتۈرۈپ قويدۇم» دېگەن خەت يېزىلىق. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ئايالىم ھېلىلا ئوغلىمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى. رەسىمگە چۈشمەكچى ئىدۇق، بايىقى كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ يالتايدۇق.

نيۇيوركنىڭ مېترولىرى نەچچە قەۋەت ئىكەن. 2005 - يىلىدىكى تېررورلۇق تەھدىتىدىن كېيىن مېترودا تېلېفون ئىشلىمەس قىلىپ قويۇپتۇ. بىز كۆرۈشمەكچى بولغان تەتقىقاتچى ئاكىمىز «تېپىشالمايمىز، بىردىنبىر ئامال 7 - يول مېترو بېكىتىگە بارىدىغان باش بېكەتتە كۆرۈشۈش» دەپ قايتا - قايتا جېكىلىگەنىدى، شۇندىلا نېمىشقا شۇنداق دېگىنىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

ئەنسىرىگىنىمىزنىڭ ئەكسىچە، 7 - يول مېتروسىنىڭ باش بېكىتىگە ئوڭۇشلۇق بېرىۋالدۇق. ئۇيغۇر ئاكىمىز بىز بېرىپ ئون مىنۇتلاردىن كېيىن كەلدى. كۆڭۈل تونۇيدۇ دېگىنى شۇمىكىن، تۇنجى كۆرۈشكىنىمىزگە قارىماي ئۇ ئاكىمىز بىلەن شۇنچە جىق ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئۇچرىشىپ تۇرۇپمۇ بىر - بىرىمىزنى تونۇپ كۈلۈمسىرەشتۇق، ئاكىمىز بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا تەتقىقاتچى ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلەيدىكەن.

— جاپا تارتىمىغانسىلەر، — دەپ سورىدى ئاكىمىز كۈلۈمسىرەپ.

— ياق، سىز قىسقا ئۇچۇر ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەرگەن يول خەرىتىسى ئوبدانلا ئەسقاتتى.

ھەممە نەرسە پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان نيۇيورك شەھىرىدە ئۇيغۇر ئاكىنىڭ بىزنى كۈتۈۋالغىنى ۋە ئۆيىدە نەچچە كۈن قوندۇرماقچى بولۇشى ئادەمگە ھەم قېرىنداشلىق رىشتىنى ھېس قىلدۇراتتى، ھەم يەنە ئەگىلىك بېغىشلايتتى. بۇرۇن تونۇشمايدىغان ئىككى ئادەمنىڭ يات زېمىندا تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپلا قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىشى ئېھتىمال ئۇيغۇرلاردىكى جامائەتچىلىك ئېڭى ۋە مەنسۇبىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بولسا كېرەك.

نيۇيوركنىڭ مېترولىرى ئىسسىق، راھەت، قولايلىق ئىدى. كۇۋېنس رايونىغا بارىدىغان مېترودا يول بويى توختىماي پاراڭلىشىپ ماڭدۇق. ئەتراپىمىزدا ئۆز تىلىدا سۆزلىشىۋاتقانلار كۆپ بولغاچقا، بىزمۇ ئۇيغۇر تىلىدا پاراڭلىشىشتىن قىسىنىپ ئولتۇرمىدۇق. ئوڭ تەرىپىمدىن كورېيانچە، سول تەرىپىمدىن خەنزۇچە پاراڭ ئاڭلىناتتى.

ئۇيغۇر ئاكىمىز قاشلىرى قويۇق، ئاۋازى جاراڭلىق چىقىدىغان خۇشخۇي، بەستلىك كىشى ئىدى. بۇ شەھەردە ياشاپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغىنىغا 16 يىل بوپتۇ. بىر ئوغلى، بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ شەھەردە ئۇنىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئائىلىسى بار ئىكەن. پاراڭ ئارىلىقىدا ئاكىمىز يەنە بۇ مېتروغا 100 يىلدىن ئاشقانلىقىنى، 24 سائەت قاتناپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۈلگۈردى. ئۆيى يوق مۇساپىرلارنىڭ ئىچىدە كېچىچە مېترودا تۈنەپ چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ سەل ھەيران بولدۇم.

ئاكىمىزنىڭ ئايالى بىزنى پولۇ ئېتىپ ساقلاپ تۇرغانىكەن. تاماقنى يەپ، قىزىق چاينى ئىچىپ ھارغىنلىقلىرىمىز ئوبدانلا بېسىقىپ قالدى. ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىمىزنى قويدۇق. ئۇيۇنغا قانمايدىغان ئوغلۇم تۇنجى كۆرۈشكىنىگە قارىماي ئاكىمىزنىڭ باشلانغۇچتا ئوقۇيدىغان بالىسى بىلەن چىقىشىپ كەتتى. ئاكىمىز بىلەن ئەتە ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلى-

دىغان پىرېزىدېنت سايلىمى، نيۇيورك شەھىرى ئۇچرىغان
شۇ ىرغان ئاپەتتى قاتارلىق تېمىلاردا خېلىغىچە پاراڭلىشىپ
ۋاقىچە ئۇخلاپ قالدۇق.

(3)

ـــ بۈگۈن ئامېرىكىدا سايلام كۈنى، ئەتىگەندە
ئوغلۇم ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپتە پىرېزىدېنت سايلە-
مىغا بېلەت تاشلايمىز. مەن بىلەن بىللە بېرىپ كۆرۈپ باقامە-
سىز؟ ـــ دەپ قالدى ساھىبخانا ئاكىمىز ئەتىگەنلىك ناشتىدا.
باللار قالدى. چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئون مە-
نۇتتەك مېڭىپ سايلام بېلىتى تاشلىنىدىغان باشلانغۇچ مەك-
تەپكە كەلدۇق. زال ئىچىگە مېنى كىرگۈزگىلى قويماسمىكىن
دەپ ئويلاپ سىرتتا تۇرۇپ قالدىم. ئاكىمىز ئىچىگە كىرىپ
كەتتى، ئەمما ھايال ئۆتمەيلا چىقتى، كىرسەم بولىدىغانلىقە-
نى ئېيتىپ مېنى زال ئىچىگە باشلاپ كىردى.
ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ پىرېزىدېنتنى قانداق سايلاي-
دىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سايلام كۈنىدىن
بۇرۇن بېلەت تاشلاشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىسمىنى
تىزىملاتقان ھەر بىر پۇقرا نۆۋەت بويىچە بېرىپ، ئايرىم-
ئايرىم قويۇلغان شىرەلەردە بېلەت تاشلايدىكەن؛ ھېچكىم
ھېچكىمگە كۆرسەتمە بەرمەيدىكەن. كىمنىڭ كىمگە ئاۋاز بې-
رىشى ئۇچۇن خاس ھوقۇق دەپ قارالغىنى ئۈچۈنمۇ،
سايلام جەدۋىلىنى تولدۇرىدىغان شىرەلەرنىڭ ئەتراپى ھەر
بىر ئادەمنىڭ بېشى پاتقۇدەك، يېنىدىكى ئادەم نېمە يېزىۋاتـ
قانلىقىنى كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە توسۇۋېتىلگەنىدى.
زال ئىچىنى ئون مىنۇت ئەتراپىدا كۆزىتىپ تۇردۇم.
ھېچكىم مېنى «نيۇيوركلۇق ئەمەسكەنسەن، ئامېرىكا پۇقـ
راسى ئەمەسكەنسەن» دەپ قوغلىمىدى. ئاتلانتىك ئوكيانغا
بىر كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ بىناسىنىڭ
سىرتىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشكەچ ئاكىمىزدىن سورىدىم:
ـــ كىمگە بېلەت تاشلىدىڭىز؟
ـــ ئوباماغا، ـــ دېدى ئاكىمىز، ـــ رومنىينىڭ بەچـ
چىۋازلارنى چەكلەش قاتارلىق بىر قاتار سىياسەتلىرى ماڭا
ياقىدۇ. ئەمما مەن يەنىلا ئوبامانى ياقتۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۇسـ
تىگە ئۇنىڭ بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا كۆپرەك
ۋاقىت كېرەك.
ـــ بۇرۇن ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىغا قىزىقاتتىم، ـــ دېدىم
مەن جاۋابەن، ـــ ئۈچ يىل بولدى، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىغا،
نېمە قىلىۋاتقانلىقىغا قىزىقماس بولۇپ قالدىم. سىياسىيونلار-
نىڭ دەۋاتقانلىرى ماڭا ساپلا يالغانچىلىقتەك بىلىنىدۇ. بىر
ئاقىل: «قىسمەن سىياسىيونلارنىڭ ئالدىدىكى داستىخاندىن
بوۋاقلارنىڭ زاكىسى پاكىزراق بولىدۇ» دېگەنىكەن، مۇشۇ
كۈنلەردە بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا چىنپۈتۈپمۇ قېلىۋاتىمەن.
كېچىچە قار ياغقان بولغاچقا، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ
ئۈستىنى قېلىن قار قاپلىغانىدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ دەرەخـ
لەرنىڭ ئۈستىدىن قار دانچىلىرى توكۇرلاپ چۈشەتتى، بىر
دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، بوينۇمغا قار
ئۇچقۇنلىرى چۈشۈپ ئىچىمنى ھۆل قىلىۋەتتى.
ئۆيگە قايتىش ئارىلىقىدا ئاكىمىز بۈگۈن بىكار ئىكەنـ
لىكىنى، مېنى نيۇيوركنىڭ ساياھەت رايونلىرىنى ئايلاندۇـ
رۇش ئويىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈردى، رەھمەت ئېيتتىم. نيۇـ
يوركتا 80 ياشقا كىرگەن بىر ئۇيغۇر بوۋايمۇ بار ئىكەن.
ئەتە كەچتە بېرىپ كۆرۈشىدىغان بولدۇق. شۇنداق قىلىپ
ئەتىگەن سائەت ئوندا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بېكىتىگە
چۈشۈپلا جىددي، ئەمما مەنىلىك ساياھەتنى باشلىۋەتتۇق.
ئېھتىمال ئاكىمىز يول باشلىمىغان بولسا، ساياھىتىمىز ئۇنچە
ئوڭۇشلۇق بولمىغان بولار ئىدى. بۇ يەردە ھەر بىر سايا-
ھەت ئورنىنى بىرمۇبىر يېزىپ ئولتۇرۇش يازمىنى ئاقما ھې-
ساباتقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا ساياھەت را-
يونلىرى بىلەن تېلېگراممىلىق ئۇچۇر شەكلىدە تونۇشۇپ
چىقساقلا كۇپايە.
كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئامېرىكىدىكى ئەڭ داڭلىق،
ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ كونا ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى. تۆ-
ۋەنكى مانخاتتون رايونىغا جايلاشقان بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئا-
مېرىكىدىكى دوستلۇق ئورناتقان داڭلىق ئۇنچە ئۇنىۋېرس-
تېتنىڭ بىرى بولۇپ تېبابەت، ئاخباراتشۇناسلىق، قانۇن
ئىنستىتۇتلىرى دۇنياغا داڭلىق. پۇلتزېر مۇكاپاتى مۇشۇ
يەردە تارقىلىدۇ، ھازىرغىچە بۇ مەكتەپتە ئوقۇغانلاردىن 50
تىن ئارتۇق كىشى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. دۇنياغا
داڭلىق تەبىئىي پەن ئالىمى ئىساك ئاسىمو، «قارانچۇق»
ناملىق داڭلىق رومانىنىڭ ئاپتورى (ئۇيغۇرچىغا مەريەم مەھـ
تىمىن تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان) سەيلىنگىر مۇشۇ مەكتەپـ
تە ئوقۇغان. تۈرك يازغۇچىسى ئورخان پاموك 2000 ـ يىلـ
لارنىڭ بېشىدا بۇ مەكتەپنىڭ ئىنگلىز تىلى ئەدەبىياتى فاكۇلـ
تېتىدا بىر يىل زىيارەتچى ئالىمغا بولۇپ ئىشلىگەن، بۇ
ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا فاكۇلتېتىدا 1990 ـ يىللار-
نىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئېچىلغان.

نيۇيوركتا بىز ساياھەت قىلغان ئىككىنچى ئورۇن ۋول ستىرت كوچىسى. ۋول ستىرت كوچىسى دېگەن نام تارىختا ھىندىيانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا جەڭگاھنى ئايرىپ تۇرۇش ئۈچۈن سېلىنغان بولۇپ، ھازىر بۇ يەر دۇنيا كاپىتالىزم سىستېمىسىنىڭ يۈرۈشۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مەركەز بولۇپ قالدى. بۇ يەرنىڭ نامى بېرىلگەن «ۋول ستىرت ژۇرنىلى» دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق پۇل - مۇئامىلە ژۇرنىلىدۇر. ۋول ستېرت كوچىسىنىڭ نېرىسىدا فېدېراتسىيە دۆلەتلىك خاتىرە سارىيى بار، ئۇ يەرگە ئامېرىكىنىڭ تۇنجى پرېزىدېنتى ۋاشىنگتوننىڭ مىس ھەيكىلى ئورنىتىلغان. ۋول ستېرت كوچىسىنىڭ ئۇ چېتىدە ئۈچتاش چېركاۋى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. 1846 - يىلى سېلىنغان بۇ چېركاۋ بۇ دۆلەتتىكى ئەڭ چوڭ چېركاۋلارنىڭ بىرى. كوچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە دۇنيا پۇل مۇئامىلە مەركىزى دەپ قارىلىدىغان نيۇيورك ئاكسىيە ئالماشتۇرۇش مەركىزى بار. بۇ 17 قەۋەتلىك بىنا بولۇپ 1903 - يىلى سېلىنغان. ۋول ستېرت كوچىسىغا دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ سىمۋولى ھېسابلانغان بۇقىنىڭ مىس ھەيكىلى ئورنىتىلغان. مەن ساياھەتچىلەرنىڭ بۇقىنىڭ يېلىنىغا تەقلىد قىلىنىپ بۆرتۈپ چىقىرىلغان مۇشتۇمدەك قاپارتمىنى سىيلاپ سۈرەتكە چۈشۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

— نېمە دەپ ساياھەتچىلەر بۇقىنىڭ يېلىنىنى سىيلاپ سۈرەتكە چۈشىدۇ، بىلەمسىز؟ — دېدى ئۇيغۇر ئاكا.

ياق، بىلمەيدىكەنمەن، — دېدىم.

— نۇرغۇن كارخانىچىلار بۇقىنىڭ يېلىنىنى سىيلىساق سودىمىز يۈرۈشىدۇ دەپ ئىشىنىدىكەن، — دېدى ئۇ.

— بۇمۇ زامانىۋى خۇراپاتلىقنىڭ بىر ئالامىتىكەن، — دېدىم بۇقىنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا ئۆچىرەتتە تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ تۇرۇپ.

ئاندىن ئىمپىرىيە بىناسى، دەۋر مەيدانى، روكفېللېر مەركىزىنى ئايلاندۇق. ئىمپىرىيە بىناسى 2001 - يىلدىكى 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن نيۇيوركتىكى ئەڭ ئېگىز بىنا بولۇپ قالغان. 1931 - يىلى سېلىنغان، جەمئىي 103 قەۋەت. كېچىچە يېنىپ تۇرىدۇ. زىيارەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ باللارغا 13 دوللار، چوڭلارغا 17 دوللار ئالىدىكەن. 86 - قەۋەت بىلەن 103 - قەۋەت ئارىلىقىدىن شەھەرنىڭ ئەڭ چىرايلىق يەرلىرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. 73 لىفت مەخسۇس مۇشۇ بىنا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن.

دەۋر مەيدانى يىراق ئەمەس بولۇپ، شەھەردىكى ئەڭ چوڭ ھەم قايناق بازار ھېسابلىنىدىكەن. 1899 - يىلىدىن بۇيان بۇ جاي شەھەرنىڭ تىياتىر مەركىزى بولۇپ قاپتۇ. ئانچە يىراق بولمىغان ئارىلىقتا روكفېللېر مەركىزى كۆزگە تاشلىنىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى شەھەر دەپ نام ئالغان بۇ جايغا داڭلىق باي روكفېللېر مەبلەغ سالغان بولۇپ يېمەك - ئىچمەك، سودا - سېتىق، باغچە بىر گەۋدە قىلىنغان سودا مەركىزى ئىكەن. 1931 - يىلى پۈتكەن بۇ جاينىڭ جەمئىي كۆلىمى 12 گېكتار كېلىدىكەن. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەر بىلەن نۆلىيەر دەپ بېرىلگەن 11 - سېنتەبىر خاتىرە رايونىغا يېتىپ كەلدۇق. خاتىرە رايونىدىكى قوشماق بىنا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يەردە قوشماق كۆلچەك ئورنىتىلغان. كۆلچەككە قوشماق بىنا ۋەقەسىدە قازا تاپقان 2983 كىشىنىڭ ئىسمى ئويۇلغان ھەم «يوقلۇق ھەققىدىكى ئويلىنىش» دەپ نام بېرىلگەن. ئۇ يەردىن يېنىپ پاراخوت ئارقىلىق ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلىنى كۆرگىلى باردۇق. بۇ ھەيكەل نيۇيورك شەھىرىنىڭ سىمۋولى. ئۇ 1886 - يىلى ئامېرىكىنىڭ شۇ چاغدىكى پرېزىدېنتى تەرىپىدىن «ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلى» دەپ نام بېرىلىپ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بېرى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ھەيكەلنىڭ بىر قولىدا مەشئەل، يەنە بىر قولىدا 1774 - يىلى يېزىلغان بىر كىتاب تۇتۇلغان. ئۇنىڭ باش كىيىمىدىكى نۇر يەتتە قىتئەگە ۋە يەتتە دېڭىز - ئوكيانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ خاتىرە سارىيى 2001 - يىلدىكى 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئېتىلىپ 2009 - يىلى قايتا ئېچىۋېتىلگەن. كىرىش بېلەتى ئۈچۈن چوڭلارغا ئون دوللار، باللارغا بەش دوللار ئالىدىكەن. بىر بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، پاراخوت ئارقىلىق بارىدىكەنمىز.

دەۋر مەيدانىدىن ئىمپىرىيە بىناسىغا كېتىۋاتاتتۇق. مەن تەتقىقاتچى ئاكىمىز بىلەن پاراڭلاشقاچ ئالدىدا كېتىۋاتاتتىم، ئايالىم بالامنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئارقامدىن كېلەتتى.

— دادا، دادا، قاراڭ، — دەپ چاقىردى بىر چاغدا بالام، — بۇلار ئۆيى يوق كىشىلەرمۇ؟ نېمىشقا تالادا ياتىدۇ؟ قارىسام، بالام يولنىڭ سول تەرىپىدە ۋاقىتلىق چېدىر تىكىپ، يوتقان - كۆرپىلىرىنى سېلىپ ياتقان بىر توپ ئادەمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. مەن بايا قىزغىن پاراڭ بىلەن بولۇپ بۇ كۆرۈنۈشلەرگە دىققەت قىلمىغانىكەنمەن.

بىر يوتقاندا بىر ئايال بىلەن بىر ئەر قۇچاقلىشىپ ياتە-

مۇ. نىيردا كاۋكاز چىراي بىر كىشى كارتون قەغىزگە «ئاچ قالدىم، شەپقىتىڭىزگە موھتاجمەن» دېگەن خەت يېزىلغان تاختىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرقىدىن سەنئەت ھەۋەسكارىدەك كۆرۈنىدىغان بىر قارا تەنلىك يىگىت گىتارىنى تىرىڭشىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ كەينىدىلا كىشىلەر دەم ئالىدىغان مىكرو باغچە، مىكرو باغچىنىڭ ئەتراپى ھەيۋەتلىك ئاسمان - پەلەك بىنالار بىلەن قورشالغان. كوچىنىڭ سۆلىتى ۋە سۈرلۈك بىنالار بايىقى ماكانسىز كىشىلەر توپى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان. يېنىمدىن ئازراق پارچە پۇل چىقىرىپ ئوغلۇمغا بەردىم ۋە «ئاچ قالدىم» دەپ خەت كۆتۈرۈۋالغان كىشىگە ئاپىرىپ بېرىشنى تاپىلىدىم. بالام سەل قورۇنۇپراق بېرىپ، كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئالدىدىكى قاچىغا پۇلنى سالدى - دە، ھېلىلا بىرسى تۇتۇۋالغاندەك ئەلپازدا يۈگۈرگىنىچە كېلىپ ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. يېنىمدىكى تەتقىقاتچى ئاكىمىزمۇ، مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم.

— بۇنداق ماكانسىز كىشىلەر توپى خېلى كۆپمۇ؟ — دەپ سورىدىم يېنىمدا قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر ئاكامىزدىن.

— خېلى بار. بولۇپمۇ يېقىنقى ئىقتىسادىي كرىزىستىن كېيىن ئىشسىزلار، ماكانسىزلار كۆپىيىپ قالدى.

بەلكىم ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، — دېدىم مەن — 2012 - يىلى دۇنيا ئاپېك يىغىنى (ئاسىيا - تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرى باشلىقلىرىنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى) ئېچىلىش ھارپىسىدا ئامېرىكا مىقياسىدا «بىز 99% كىشى نامرات» شوئارى ئاستىدا نارازىلىق نامايىشلىرى قوزغالدى. نامايىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى تېلېۋىزوردىن كۆرگەنىدىم. ۋول ستېرت كوچىسىدا كاپىتالىزمنىڭ ئېزىشىگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان نامايىشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۇ ئىشلارنى كۆرۈپ خېلى جىق ئىشلارنى ئويلىغانىدىم. ئەلۋەتتە نامرات، ماكانسىز ئادەم ھەممە شەھەردە بار. ھونولۇلۇدىمۇ تېخىمۇ كۆپ. نېمىشقىكىن، ئامېرىكا كوچىلىرىدا مۇشۇنداق ماكانسىز، ئىشسىز كىشىلەر توپىنى كۆرسەم يۈرىكىم ئېچىشىدۇ. گويا ئامېرىكا زېمىنىدا تىلەمچىلەر، ماكانسىزلار بولماسلىقىقا تېگىشلىكتەك.

يېنىمدىكى تەتقىقاتچى ئاكىمىز كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئامېرىكا دۇنيا بويىچە باي - كەمبەغەللىك پەرقى ئەڭ چوڭ دۆلەت. نيۇيورك ئەمەلىيەتتە بۇ جەھەتتىكى مەسىللەرنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلغان شەھەرلەرنىڭ بىرى. ئەمما، سىز ئېيتقاندەك نامراتلارمۇ كۆپ، رەھىمسىز يەرلىرىمۇ كۆپ.

— مۇشۇنداق رەھىمسىز، رىقابەتتە كەسكىن بىر شەھەردە ئۆي ئېلىپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەيەلىگىنىڭىزنىڭ ئۆزى بىر غەلىبە، بۇ ئۇيغۇر ياشلىرىغا زور ئىلھام بولىدۇ.

ئاكىمىزغا تېلېفون كېلىپ قالدى. بايىقى مەنزىرە مېنى خىياللار قاينىمىغا غەرق قىلدى. ئوتتۇرپان ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز، بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى مەرھۇم ئابدۇقادىر ھەسەن مۇئەللىم موپاسساننىڭ «مارجان» ھېكايىسىنى، بالزاكنىڭ «يېۋگېنى گراندې» ناملىق رومانىدىن پارچە ئېلىپ بېرىلگەن «خەسىس»نى قىزغىنلىق بىلەن ئۆتكەنىدى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى قېلىپلاشقان ئوقۇتۇش ئەندىزىسى بويىچە ئەسەرلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ: «كاپىتالىزمنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ بەرگەن، كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلغان ئەسەر» دېگەنىدى. شۇ يىللاردا مەيلى سىياسىي ئىقتىساد دەرسىدە بولسۇن، مەيلى ئەدەبىيات دەرسىدە بولسۇن، كاپىتالىزم تەنقىدلىنىدىغان، سۆكۈلىدىغان تېكىستلەر ئۇچراپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە 1989 - ، 1990 - يىللىرىغا توغرا كېلىدىغان ئۇ چاغلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبتىكى ئۆلكىلەردە ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى بەرپا قىلىش پىلانى ئەمەلىيلىشىۋاتقان، جۇڭگودا يېڭىچە ئىقتىسادىي تۈزۈم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم رامكىسى ئاستىدا سىناق قىلىنىۋاتقان چاغلار ئىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، 1989 - يىلى سىياسىي ئىقتىساد دەرسىدىكى بىر ئىمتىھاندا «سوتسىيالىزم كاپىتالىزمنىڭ گوركارى» دېگەن تېمىدا بىر مۇھاكىمە سوئالىغا جاۋاب بەرگەنىدىم. ئەمدى ئويلىسام، قانداق چۇقانلارنىڭ سېلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، دۇنيا مىقياسىدا بىر دۆلەتنى گۈللىنىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىقتىسادىي سىستېمىلاردىن كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان يەنە بىر سىستېما بايقالماپتۇ. قانچىلىك تەنقىدلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، كاپىتالىزم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۆلنى سېلىپ، دۇنيا مىقياسىدا ئومۇملىشىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ جەمئىيەت سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋېتىپتۇ.

ئەمما كۇبا، چاۋشيەندەك بىر مۇنچە دۆلەتتە نەچچە مىليونلىغان كىشى كاپىتالىزمنى تىللاپ ياكى تىللاشقا تەشكىللىنىپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپتۇ، بۇ 20 ـ ئەسىر تارىخىدىكى بىر قارا يۇمۇر بولسا كېرەك.

ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بايا كۆرگىنىمدەك كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ئۆزى بىلەن بىللە، بىر چوڭ كارخانىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە كېڭىيىشى سانسىزلىغان كىچىك كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى، نەچچە مىڭلاپ ئىشچىلارنىڭ ئىشسىز قېلىشى بەدىلىگە بارلىققا كېلىدۇ. كاپىتال كۈرىشى ئاز ساندىكى بايلارنىڭ كۆپ ساندىكى نامراتلارنىڭ ئەمگىكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى بىلەن داۋاملىشىدۇ. بۈگۈنكىدەك دۇنيا ئىقتىسادى داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان، يەر شارى مىقياسىدا بىر خىل ئېنىقسىزلىق كۈچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان بىر دەۋردە كاپىتالىزمنىڭ مەسىلىلىرى مانا مەن دەپ ئاشكارىلىنىۋاتىدۇ. ئادەم سمىس «دۆلەتلەرنىڭ بايلىقى» ناملىق كىتابىدا كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى ئەڭ بۇرۇن سالغان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن كارل ماركس ئۆزىنىڭ «سىياسىي ئىقتىسادقا تەنقىد»، «كاپىتال» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئادەم سمىسنى تەنقىدلىدى، كاپىتالىزم تۈزۈمى پەيدا قىلىدىغان مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەردى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ نېمىشقا كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ كوممۇنىزمغا قانداق يېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ خىل قاراش 20 ـ ئەسىردە كۈچىنى كۆرسىتىپ رۇسىيە، جۇڭگو، ۋيېتنام، چاۋشيەن، كۇبا، پولشا، چېخسلوۋاكىيە، رۇمىنىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە زور ئىنقىلابلارنىڭ، ئاندىن سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولدى.

ئەمما دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسىدا ھازىرمۇ كاپىتالىستىك تۈزۈم يېتەكچى ئورۇندا، ئامېرىكىچە كاپىتالىزم دۇنيا مىقياسىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. يەر شارىلىشىش ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىچە كاپىتالىزمنىڭ يەر شارىلىشىشى بولۇپ قالدى. تاراتقۇلار ۋە كۆرگۈ مەدەنىيىتى بۇ جەرياننى ئىلگىرى سۈردى. مەن ئاشۇ تاراتقۇلارنىڭ ياردىمىدە، 2012 ـ يىلى سېنتەبىر ئايلىرىدىن باشلاپ ۋول ستېرت كوچىسىدىن پۈتۈن ئامېرىكا تەۋەلىكىگە كېڭەيگەن كاپىتالىستلارغا قارشى نامايىشلارغا يېقىندىن دىققەت قىلدىم. ئۇ چاغلار مېنىڭ مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقىدىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولغان ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقان ۋاقتىم بولغاچقا، بۇ نامايىشلارنى كۆزەتتىم، تەھلىل قىلدىم. شۇ ئارىلىقتا ھازىر غەربتە تەسىرى كۈچلۈك ماركسىزمچى مۇتەپەككۇر، مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داڭلىق پروفېسسورى تېررى ئىگلتوننىڭ 2011 ـ يىلى نەشىردىن چىققان «نېمىشقا ماركسنىڭ دېگەنلىرى ھېلىھەم توغرا» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇپ قالدىم. ئەسەردە 2008 ـ يىلىدىن بۇيان دۇنيا مىقياسىدا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى تەھلىل قىلىنغان بولۇپ، ماركسنىڭ نەقەدەر ئالدىن كۆرەر مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكى، ھازىرقى دۇنيا ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى يەنىلا ماركسنىڭ «كاپىتال» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن پىكىر رامكىسى بويىچە كۆزىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئاپتورنىڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ۋە نەزەرىيەۋى سەۋىيەسىگە گەپ كەتمەيتتى. ئەمما بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە، غەرب ماركسىزمى (شەرقچە ماركسىزمدىن پەرقلىنىدۇ)نىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن مەيلى تېررى ئىگلتون بولسۇن، مەيلى فرېدېرىخ جەمسون بولسۇن، مەيلى رىچارد رايت بولسۇن، كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان يەنە بىر ئىقتىسادىي سىستېمىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى.

بايا ماڭا ئۇچرىغان ماكانسىز كىشىلەر كاپىتالىزمنى قارا ـ قويۇق كۆككە كۆتۈرگۈچىلەر ئۈچۈن ھەم ئامېرىكىنى جەننەتتەك تەسەۋۋۇر قىلىدىغانلار ئۈچۈن بىر سوئال بەلگىسى ئىدى. ئۆزۈم ئاددىي دېتاللارنىڭ كەينىدىكى ماھىيەتنى بايقاشقا ھېرىسمەن بولغىنىم ئۈچۈن، دىققىتىمنى تارتقان بايىقى مەسىلىدە ئويلىنىشتىن خالىي بولالمىدىم. يېنىمدىكى تەتقىقاتچى ئاكىمىزنىڭ كەسپى بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە ئويلىنىپ كەتمەسلىكنى چۈشىنىشكە بولاتتى. ئەمما نېمىشقىكىن مەن كوچىدا يوتقاندا قۇچاقلىشىپ ياتقان ھېلىقى بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنى تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان ھېلىقى ئەرنى كېتىۋېتىپ خېلىغىچە ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم.

— دادا، قورسىقىم ئاچتى، — دېدى ئوغلۇم.

— ئالدىمىزدا يۆتكەلمە دۇكانلاردا تەييار يېمەكلىك ساتىدۇ، بىر ئاز ماڭساق بارىمىز، — دېدى ئۇيغۇر ئاكىمىز.

دېگەنىدەك ھايال ئۆتمەي بىر تۆت كوچا ئېغىزىدا ھارۋا شەكلىدە لايىھەلەنگەن يۆتكەلمە دۇكاننى كۆردۇق، دۇكاننىڭ بىر تەرىپىگە ھالال دېگەن بەلگە ئېسىلغانىدى.

— ھەممە يېمەكلىكلەر ھالالمۇ، — دەپ سورىدىم مەن.

— ماۋۇ يېمەكلىكلەر ھالال، — دېدى دۇكان ئىگىسى تونۇردا پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى كۆرسىتىپ، — قوي گۆشى كاۋىپى. ئەمما بۇلار ھالال ئەمەس، — ئۇ ئارىسىغا گۆش قېتىلغان ساندۇچلارنى، زىققا ئېلىنغان قىزغۇچ گۆشلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى.

ئۇنىڭ كېيىنكى گېپى مېنى ھەيران قالدۇردى. بۇ گەپچە ئۇنىڭ ھارۋىسىدا ھالال يېمەكلىكلەر بىلەن ھالال بولمىغان يېمەكلىكلەر بىر يەردە سېتىلىدىكەن. «ئۇنداقتا نېمىشقا ھالال دېگەن بەلگە ئېسىلىدىكىنا؟» دەپ ئويلىدىم مەن.

— بولدى، ئالمايلى — دېدىم ئايالىمغا، — ئازراق چىداپ بىر قەھۋەخانىنى تېپىپ، بالىغا بانانەدەك بىر نەرسە ئېلىپ بېرەيلى.

دېگىنىدەك ئۇزاقتا قالماي دۇنيا مىقياسىدا ئومۇملىشىۋاتقان ستارباكس قەھۋەخانىسى ئالدىمىزغا ئۇچرىدى. مەن بۇ قەھۋەخانىنىڭ «لاتې» ماركىسىدىكى سۈتلۈك قەھۋەسىگە ئامراق ئىدىم. ئىچىگە كىرىپ مېۋە - چېۋە بىلەن قەھۋە ئىچتۇق. ئوغلۇم مەخسۇس گۆش يېمەيدىغانلار ئۈچۈن پىشۇرۇلغان، ئىچىگە ھېچقانداق ھايۋانات مېيى قېتىلمىغان بولكىنى يەپ غەلۋە قىلىشتىن توختىدى.

ئەسلى نيۇيورك شەھرىدىكى لىنكولىن خاتىرە سارىيىنى، شەھەرلىك زامانىۋى سەنئەت گالېرېيەسىنى ئايلىنىش پىلانىمىز بار ئىدى، ۋاقىت يەتمىدى. قەھۋەخانىدىن چىقساق، ئالىبۇرۇن قاش قارىيىپ كوچا چىراغلىرى يېنىپ كېتىپتۇ. كوچا چىراغلىرىنىڭ جۇلاسىدا ھەيۋەتلىك بىنالاردىكى تەشۋىقات رەسىملىرى ئاجايىپ رەڭدار كۆرۈنەتتى. ھەممە يەردە رەڭدار ئىماگ، سىمۋول كۆچىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردە پەقەت بىر يەرگە كەلمەيدىغان بەلگىلەر ئۇستىلىق بىلەن بىرىككەنىدى. يولدا كېتىۋاتقىنىمىزدا ھېلى قۇلىقىغا ھالقا ئۆتكۈزۈۋالغان ھەمجىنس ئەرلەر، ھېلى ئۆلچەملىك ئورۇنغان مۇسۇلمان قىزلىرى، ھېلى شەرقىي ئاسىيالىق، جەنۇبىي ئاسىيالىق كۆچمەنلەر ئۇچراپ تۇراتتى.

يولدا كېتىۋاتاتتىم. بىر چاغدا ئوڭ، سول تەرىپىمدىن ئىسپان تىلى ئاڭلاندى. بۇ شەھەردە بۇ خىلدىكى چوڭ تىللارنى بىلگەن كىشىلەر ئىنگلىز تىلىنى بىلمىسىمۇ جان بېقىپ كېتەلەيدىغاندەك قىلاتتى. بىر يەردە «نيۇيوركلىقلار» ئەدەبىي ژۇرنىلىنىڭ ئېلانىنى كۆرۈپ كېچىكمەيدىن سۆيۈپ ئوقۇغان، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئانا ژۇرنال ھېسابلىنىدىغان «تارىم» ژۇرنىلى ئېسىمگە كەلدى. شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىمدا كېيىنكى مودېرنىزملىق تۇرمۇشنىڭ ئېلېمېنتلىرى ئۆز كۆچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. نيۇيورك شەھرىدە تۇرۇۋېتىپ ئۇيغۇرنى خىيال قىلاتتىم؛ شەھەر كوچىلىرىنىڭ بىر يەرلىرىنى ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات يەرلىرىدىن جۇگسەن يولىغا، داشىزىغا سېلىشتۇراتتىم. ستارباكس قەھۋەخانىسىدا يەيدىغان بىر نەرسە تاپالمىغاندا، يەنئەن يولىدا سېتىلىدىغان توقاچلار ئېسىمگە كېلەتتى. بىر يىل بۇرۇن دەۋر مەيدانىدىكى چوڭ ئېكرانغا شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئېلانىدا بىر ئۇيغۇر ئانىنىڭ رەسىمى چىقىپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. شۇ ئەتراپنى ئايلىنىۋاتقان چاغدا بىر ھازا ئېكرانغا سىنچىلاپ قارىدىم، بۇنداق كۆرۈنۈش باردىكىدەك ئەمەس.

بۈگۈن نيۇيوركنى ئايلىنىش جەريانىدا جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىدە، مەدەنىيەتشۇناسلىق ئىلمىدە مۇلاھىزە قىلىنىدىغان كېيىنكى مودېرنىزملىق تۇرمۇش شەكلىگە خاس ئېلېمېنتلارغا ۋە شەھەردە ئۆز كۆچىنى كۆرسىتىۋاتقان ئىستېمال مەدەنىيىتى ئىپادىلىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلدىم. بىزنىڭ يېڭى ئۇچۇرغا ھېرىسمەن ئوقۇرمەنلىرىمىز ئېھتىمال كېيىنكى مودېرنىزم، ئىستېمال مەدەنىيىتى ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ بۇنىڭ قانداق ھادىسە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلاشقا ئۈلگۈرمىگەن بولۇشى ئېھتىمال، شۇڭا بۇ ھەقتە ئازراق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارتۇقچە ئىش ھېسابلانمىسا كېرەك.

نيۇيورك شەھرى دۇنيانىڭ سودا، پۇل مۇئامىلە مەركىزى بولغىنى ھەم خەلقئارالىق مودا مەركىزى بولغىنى ئۈچۈن يۇقىرىقى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. ھازىرغىچە ئىجتىمائىيەت، ئادەمىيات پەنلىرى ساھەسىدە، كېيىنكى مودېرنىزملىق جەمئىيىتى ۋە ئىستېمال مەدەنىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار ھەر خىل نۇقتىدىن چىقىپ پىكىر يۈرگۈزدى. جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ، مەدەنىيەت تەنقىدچىلىرىنىڭ قارىشىچە، كېيىنكى مودېرنىزم دەۋرى مودېرنىزم دەۋرىگە نىسبەتەن قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، بۈگۈنكى زاماندىكى تەرەققىي تاپقان جەمئىيەتلەر يېتىپ بارغان ئىجتىمائىي مەنزىلنى كۆرسىتىدۇ، كېيىنكى مودېرنىزم دەۋرىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

(1) مودېرنىزم جەمئىيىتىدە سانائەتلىشىش ۋە كاپىتا-

لىستىك سىستېما ئۆزى بىلەن تەڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي قاتلامنى بارلىققا كەلتۈردى. كېيىنكى مودېرنىزم دەۋرىدە ماركسنىڭ كاپىتالىزمنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ھەققىدىكى ھۆكۈملىرىنىڭ ئەكسىچە، سىنىپ مەسىلىسى ئۇنچە مۇھىم مەسىلە بولماي قالدى. جەمئىيەت قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇرەككەپ، قاتلاملىق تۈس ئالدى ۋە پەرقلىق مەدەنىيەتلەرنى سىغدۇرۇپ كېتىدۇ.

(2) يەر شارىلاشقان كاپىتالىزم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ ماڭىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئېستېتىك تۇيغۇ قوغلىشىدۇ؛ ئىنساننىڭ كىملىكى كۆپرەك ئەنئەنە تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى شەخسىي تاللاش تەرىپىدىن لايىھەلىنىدۇ. مۇقىم ئۆزلۈك يىمىرىلىدۇ؛ ۋاقىت، زامانىنى ھېس قىلىشنىڭ شەكىللىرى كۆپ خىللىشىدۇ.

(3) ئىقتىسادىي جەھەتتىن بۇنداق جەمئىيەت ئەركىن بازار ئىگىلىكىنىڭ ۋە مەھسۇلاتنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرايدۇ. چوڭ شىركەتلەر ئاۋامىي مەدەنىيەتكە لايىقلاشقان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلايدۇ.

(4) كېيىنكى مودېرنىزم جەمئىيىتىدە پەقەت ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي كونتېكىستلارغا ۋە تارىخىي دەۋرگە خاس ئېلېمېنتلار بىر يەرگە جەم بولىدۇ ۋە ئەبجەشلىشىش بارلىققا كېلىدۇ. مۇتلەق ھەقىقەتكە گۇمان بىلەن قارايدىغان كىشىلەر ئاۋۇيدۇ، ئەنئەنىۋى بايان شەكىللىرى خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ.

كېيىنكى مودېرنىزم دەۋرىنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ئامېرىكىغا باغلىنىدۇ. يەنى بۈگۈنكى زامان كاپىتالىزم ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا كاپىتالىزمىدۇر. ھازىرقى كاپىتالىزم شەكلى ئامېرىكىدىن تارقىلىدۇ. بازار ئاز ساندىكى چوڭ شىركەتلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ. 2011 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پېرۇ يازغۇچىسى ۋارگاس لوسا ئۆزىنىڭ يەر شارىلاشقان كاپىتالىزم مەدەنىيىتى ھەققىدىكى يازمىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «يەر شارىلاشقان كاپىتالىزم ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. مەسىلەن: شۇنچە تەرەققىي قىلغان فىرانسىيەنىڭ مەدەنىيىتىمۇ بۇ خىلدىكى ئەندىشىدىن خالىي بولالمىدى. فىرانسۇز مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىش نىشان قىلىنغان نۇرغۇن ئاممىۋى ھەرىكەتلەر بارلىققا كەلدى. دېكارت، چارلىز بودلېر قاتارلىق گىگانت شەخسلەر چىققان، مودا مەدەنىيەتكە ۋە غەرب پەلسەپىسىگە شۇنچە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بىر دۆلەتنىڭ يېمەكلىك مەدەنىيىتىگە ماكدونال، پىزاخات قاتارلىق ئامېرىكا مەدەنىيىتىگە خاس يېمەكلىكلەر بۆسۈپ كىردى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى كېيىن ئامېرىكا فىلىملىرىنى چەكلەش تەدبىرى قوللاندى. زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ نۇرغۇن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىدىغانلىقى راست.»

كېيىنكى مودېرنىزم جەمئىيىتى ھەققىدە قايناق مۇنازىرىلەر مەۋجۇت. شۇلارنىڭ ئىچىدە فىرانسىيەلىك مۇتەپەككۇر ژان بوردىلياردنىڭ قاراشلىرى كېيىنكى مودېرنىزم ئېلېمېنتلىرى بىلەن روشەن خاراكتېرلەنگەن نيۇيورك جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسە كېرەك. بوردىليارد ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان ئەسەرلىرىدە مەدەنىيەت كودلىرىنىڭ كېيىنكى مودېرنىزم جەمئىيىتىدە نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەققىدە، سىمۋوللۇق فورماتسىيەلەرنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە، كىلونلانغان رېئاللىق ھەققىدە، يەر شارىلاشقان كاپىتالىزمنىڭ تەسىرىدە ئومۇملىشىۋاتقان دورامچىلىق ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى؛ «سانائەت دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا كۆچەش بولغان بولسا، بۈگۈنكى دەۋر كېيىنكى مودېرنىزم جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكنى سىمۋوللارنى دوراش» دەپ يىغىنچاقلىدى. بوردىليارد ئۆزىنىڭ «بەلگە سىياسىي ئىقتىسادقا تەنقىد» ناملىق ئەسىرىدە كېيىنكى مودېرنىزم دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى بەختنىڭ مەنبەسىنى تاۋار سېتىۋېلىش، ئىستېمال قىلىشقا باغلاش مايىللىقىنى قاتتىق تەنقىدلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەھسۇلات ئەمەس، بەلكى ئىستېمال كېيىنكى مودېرنىزم جەمئىيىتىنىڭ ئاساسلىق كاتالىزاتورى. بۇنداق جەمئىيەتتە ئېھتىياج كەشپ قىلىنىدۇ ۋە ئىستېمالچىلار شۇ ئېھتىياجغا كۆندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: نيۇيوركنىڭكىدەك جەمئىيەتتە رېئاللىق بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ ئارىلىقى غۇۋالىشىدۇ. غەربنىڭ تېخنىكىدا ۋە يەر شارىلىشىش دولقۇنىدا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى بۇ جەرياننى تېزلىتىدۇ. ساختا رېئاللىق چىن رېئاللىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن تۇرمۇش شەكلى ھەم بۇنى ئۈن ـ تىنسىز قوبۇل قىلىدىغان جەمئىيەت نۇسخىلىرى بارلىققا كېلىدۇ.

بوردىلياردنىڭ قارىشىچە، كېيىنكى مودېرنىزم دەۋرى كود ۋە سىمۋول دەۋرىدۇر. بۇنداق دەۋردە گۈزەل بىلەن خۇنۇك، كېرەكلىك بىلەن كېرەكسىز، ساختا بىلەن ھەقىقىي ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئادەملەر ئارزۇ، خام خىيال قاينىمىدا قالىدۇ، ئەمما بۇنى ھېس قىلمايدۇ. خىيالىي دۇنيادا ياكى رېـ

ئاللىقتا ياشاۋاتقانلىقىنى ئويلاپ باقمىغاچقا، بۇنداق دەۋردە ياشاۋاتقان ئادەملەر ئېزىنىشتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە ئادەم تاراتقۇ ۋاسىتىلىرىنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنى شەيدا قىلغان نەرسىلەرگە قۇل بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ يا شەيدالىقى تۈگىمەيدۇ، يا تەسەۋۋۇردىكى ئارمان ئىشقا ئاشمايدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە ھاياجان، شەيدالىق ۋە ئۆزى ئىشلەتكەن نەرسىلەرگە سىمۋول ئارقىلىق بەلگە چاپلاش قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغاچقا، ئاۋامدا چوڭقۇر ئويلىنىش ئىقتىدارى كەمچىل بولىدۇ. سىمۋول ئاشقۇنلۇقى قەلبلەرنى تۇتقۇن قىلىدۇ. ئارزۇ قايىنىمى، گۈگگا غايىلەر، شەرتى ئورۇندالمىغان ئارمانلار ئىنگىسنى ئازابلايدۇ. تۇرمۇش بىر قارىسا ساختىدەك، بىر قارىسا راستتەك. ھازىر بۇنداق تۇرمۇش شەكلى 3 - دۇنيا ئەللىرىگە ئىمپورت قىلىنىدى، ئامېرىكچە ئىستېمال مەدەنىيىتى ھەممە يەردە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.

كېيىنكى مودېرنىزم جەمئىيىتىدە مەنە ۋە ئەھمىيەت تۈيغۇسىنى ئېيتىملارنىڭ — سۆزلەرنىڭ، ئىماگلارنىڭ ۋە بەلگىلەرنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ھېس قىلىش مۇمكىن. بۇنداق جەمئىيەتتە ئوبيېكتلار مەنە قايىنىمىغا چىرمالغان، ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىكى كەسكىن مەدەنىيەت پەرقلىرى يوقالغان بولىدۇ. كىشىلەر تاراتقۇ ۋاسىتىسى ئارقىلىق تارقالغان، دورالغان سۈنئىي رېئاللىقتا ئالدىنىشتىن خالىي بولالمايدۇ ياكى ساختا رېئاللىقتا تۇتقۇن بولىدۇ. ژان بوردىليار داۋاملىق مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ دېگەنلىك دۇنيا ماددىي دۇنيالىق خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلدى دېگەنلىك ئەمەس. ئەكسىچە كېيىنكى مودېرنىزم دەۋرىدە رېئاللىق ئۆلدى. يەنى يەرشارىلاشقان كاپىتالىزم رېئاللىقنى بىرلىككە كەلگەن رامكىغا ئەكىردى. 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەنە ۋە بەلگىلەرنىڭ، غىدىقلىغۇچى سىمۋوللارنىڭ چەكتىن ئېشىشى ۋە يەرشارىلىشىشى ئەسلىدىكى رېئاللىقنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. بۇنداق دۇنيادا ئىنقىلاب شوئارلىرىمۇ، لىبېرالىزممۇ پەقەت بىر ئىدېئولوگىيە. بىزگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتقان يەرشارىلىشىش ئوربىتىسى بەلگىلەر ۋە تاۋارلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن چۆرگىلەيدۇ. بۇ دەۋردە بەلگىلەر تاۋارغا ئايلىنىدۇ».

(4)

بىر كۈنلۈك ساياھەتنى تۈگىتىپ تەتقىقاتچى ئاكىمىزنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭىدىغان 7 - يول مېتروسىغا چىقتۇق. بىر كۈن يول مېڭىپ چارچاپ كەتكەن ئوغلۇم مېتروغا چىقىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. مەن خىيالىمدا نيۇيوركنىڭ تەسىراتىمنى مۇنداق يىغىنچاقلىدىم.

كاپىتالىزم ئۇلۇغلاندى؛ ئەمما، ئەمدىلىكتە كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئېغىر مەسىلىلىرى ۋە جاراھىتى ئاشكارىلاناتقا؛ ئىنسانلار كاپىتالىزمنىڭ كۆتمىگەن ئاقىۋىتىنى ھېس قىلماقتا.

ئادەم تەسەۋۋۇرىدىكى غايىۋانە ئوبراز ئۈچۈن ئىنتىلىپ ياشايدۇ. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى رېئاللىقتا ئايلانغاندا بولسا بۇ تەسەۋۋۇردىكى ئوبيېكتىپ گۇمران بولىدۇ. نيۇيوركنىڭ ئەسلىدىكى ھەيۋەت سىماسى بۈگۈنكى تەسىراتىمدا دەل شۇنداق گۇمران بولدى.

بىزنىڭ ئامېرىكا، نيۇيورك ھەققىدە خاتا ئويلىۋالغان بىر مۇنچە يەرلىرىمىز بار. ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يەرلىرىنى ئۆگەنمەي، ئۆگەنمەسلىككە تېگىشلىك يېرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان يېرىمىزمۇ بار. مەدەنىيەت دەپ قوبۇل قىلغان نۇرغۇن نەرسىلىرىمىز ئەمەلىيەتتە زامانىۋىلىق ئەخلەتلىرى. بىزنى تەلپۈندۈرگىنى ئەسلي تاراتقۇ ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمىدە كلونلانغان رېئاللىق.

شۇ كۈنكى مېترو سەپىرىدە سەپەرداشلىرىم ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتتا ئىلھامىم قوزغىلىپ «ماماكاپ ئارمانلار» ماۋزۇسىدا بىر پارچە شېئىر يازدىم. ئۇ شېئىرنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرى مۇنداق باشلىناتتى:

شەرتى ئورۇندالمىغان ماماكاپ ئارمانلار،
ئۇستىمۇ ئۇست ئارزۇلار،
چارچىغان چۈشلەر،
گىرىمسەن كودلار،
رېئاللىقنى بېسىق قىلىدۇ.

مەدەنىيلىشىش ياۋۇزلۇقتا ھامىلدار.
نيۇيورك ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرىدۇ
ۋە چۈش ئېكسپورت قىلىشنى باشلايدۇ.

شەرق - غەرب ئارىلىقىدا تاماشىبىنسىمان بىر كىشى،
كىتاب ئوقۇمايدىغىنىدىن پەخىرلىنىدىغان بىر كىشى.
ياشاش ھەققىدە سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:
خۇشال ياشاش ئۈچۈن ئويلانماسلىق شەرت.

---

ئاپتور: ئامېرىكا ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى.




ئۆزىنىڭ بۈگۈنىدىن نارازى ئادەم ھاياتلىق خەرىتە-
سىنى قايتا سىزىپ چىقماقچى بولىدۇ. ھازىرىدىن قانائەت
تاپمىغان خەلق ئىمكانسىز رېئاللىق بىلەن غايە ئارىسىدىكى
سىقىلىشتىن بىر چىقىش يولى ئىزدەيدۇ، بۇ تەخىرسىزلىك-
نى چۈشىنىش پەقەتلا بىرىنچى قەدەم، گەپ شۇ يولنى
قانداق تېپىش، ئىشنى قەيەردىن باشلاپ نېمىلەرنى قى-
لىشتا.

يېنىمغا مەسلىھەت سوراپ، يول سوراپ، تەسەللى
سوراپ كەلگەن ئاياللار مېنى تەگسىز ئويلارغا باشلايدۇ.
بىرلىرى بالىسىنى قانداق ئوقۇتۇش ھەققىدە، بىرلىرى ئۆ-
زىنىڭ تاكامۇللۇقى ۋە مەڭگۈلۈك بەختى ھەققىدە، يەنە
بىرلىرى ئېرىدىن ئازار يېگەن، كۆڭلى ئاغرىغان، تاشلىۋې-
تىلگەن بەختسىزلىكلىرى ھەققىدە سورىشىدۇ. ئۆز بەختىگە
نۇرغۇن نەرسىلەرنى چېتىۋالغان ئادەمنىڭ ئازابىمۇ كۆپ
بولىدىكەن. بىر ئەلگە سۇلتان، بىر ئائىلىگە پاسبان بو-
لۇشقا تېگىشلىك، ئەمما، ئۆز - ئەھلى ئايالىغا ئىگە بولالمى-
غان، توغرا يولغا باشلىيالمىغان ئەرلەرگە ئىنساب - دىيا-
نەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى بىلدۈرۈش كېرەكمۇ؟ ئائىلىدىن ئى-
بارەت ئەڭ شەرەپلىك خىزمەت ئورنىنى يالتىراق، ئۆتكۈنچى نەرسىلەرگە تېگىشىپ، ئاياللىق ۋە ئانىلىقنىڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىسىدىن نېسىۋىدار بولالمىغان ئاياللىرىمىزغا ھەقىقىي بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىش كېرەكمۇ؟ ئاتا - ئانى-
سى ھايات تۇرۇپ، تەربىيەسىز قېلىپ ئىككى دۇنيالىق
بەختىدىن قۇرۇق قېلىۋاتقان باللىرىمىزنى بەخت يولىغا
باشلاش كېرەكمۇ؟ ئىشكىدىن چىققانىيۇ، بازار جايىنى ئوي-
لاشتىن غەپلەتتە قېلىۋاتقان كىشىلەرگە ھاياتلىق كەينىدىكى
يەنە بىر ھاياتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىش كېرەكمۇ؟ تەرەپ -
تەرەپكە سوزۇلغان بۇ ئىزدىنىشلىرىم ئايال دېگەن بىر
سۆزگە كېلىپ توختايدۇ، مەيلى قايسى تەرەپتىن يول ئىز-
دىمەكچى بولاي، بەختىمىز ۋە تەختىمىز، تەقدىرىمىز، يو-
لىمىزنىڭ يورۇق ساھىللىرى ئايال ئاتلىق قىرغاقتا تۇتىشى-
دۇ.

ئاياللار يېرىم دۇنيا دېيىشىدۇ، بۇ ئاياللارنىڭ جەم-
ئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى، ئۆزىگە مۇناسىپ ھاياتلىق يۈ-
كىنى ئۈستىگە ئالغۇچى ئەزا ئىكەنلىكىگە قارىتىلغان.
لېكىن، شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بۇ يېرىم دۇنيا دەل
قالغان يېرىمىنى تۇغقۇچى ۋە تەربىيەلىگۈچىدۇر. مەن دى-
يانەتلىك، ئەخلاق - پەزىلەتلىك، بىلىملىك پەرزەنت تەربى-
يەلەش توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتمەكچى بولغىنىمدا پەرزەنت-

## مەدەنىيەتنىڭ يېرىم دۇنياسى

ـنىڭ تۈنجى ئۇستازى، ھالال ـ ھارام، ھەق ـ ناھەقنى
سۈتى بىلەن، ھەر بىر نەپەسلىرى بىلەن بالىغا سىڭدۈرىدى۔
غان ئانا بولمىش ئايال تەربىيەسىدىن ئاتلاپ ئۆتەلمىدىم.
مەن مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتنىڭ ئۇل ئاساسى بولغان
ئائىلە توغرىسىدا سۆزلىمەكچى بولغىنىمدا پاكلىقى، دىيانە۔
تى، مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن ئائىلىنى كىچىك جەننەتكە
ئايلاندۇرالايدىغان، ئەكسىچە بولغاندا، بۇزۇق تەبىئەتلىك
پەرزەنت بىلەن چاك ـ چېكىدىن يىمىرىلگەن ۋەيرانە ئائە
لىنى بىنا قىلىپ، بىزنى ھالاكەت قايناملىرىغا ئىتتىرەلەيدى۔
غان ئايال تەربىيەسىنى دىققىتىمنىڭ سىرتىدا قالدۇرالمىدىم.

ئادەمنىڭ ئىستىقبالىدەك چوڭ ئىشلارنى قويۇپ تۇ
رايلى، ئاددىيسى تۇرمۇشىمىزدىكى توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ
يېتىم ئىشلىرىدىكى قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قېلىپ۔
نى بۇزۇش ياكى تۈزەشنىڭ ئاچقۇچى ئاياللارنىڭ قولىغا
تۇتقۇزۇلغان. توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم بىر مىللەتنىڭ
دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئەنئەنىسى ئەڭ
روشەن گەۋدىلىنىدىغان ئالاھىدە مۇراسىم شەكلى. ئەج۔
دادلىرىمىز بۇلارنى ئۆز ئېتىقادىغا مۇناسىپ رەۋىشتە ئارتۇق۔
چە ھەشەم ـ دەرەم، شۆھرەتپەرەسلىكتىن خالىي، ئاددىي ـ
ساددا ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. ئەمما، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە
بىزنىڭ تويلىرىمىز ھەتتاكى ئۆلۈملىرىمىزدە پەيدا بولۇۋات۔
قان يېڭىچە قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ ئىجادچىسى دەل ئايال۔
لاردۇر، نە بىر ئېتىقاد ئاساسى، نە بىر دۇنياۋى مەنپەئەتى
يوق بۇ قائىدە ـ يوسۇنلاردىكى پۇل ـ مال ئىسراپچىلىقى،
ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، زېھىن ئىسراپچىلىقى نىكاھ بوسۇغىسە۔
نى ئېگىزلىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمىنى ئاشۇر۔
ماقتا. قىز ـ يىگىت تاللاشتىكى ئەمەل ـ ئۆلچەملىرىمىز قاي۔
رىلىپ قېلىپ، مال ـ دۇنيا بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغاچقا،
دىيانەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت، مېھىر، ۋاپا ئۈستىگە قۇرۇل۔
مىغان ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشمۇ تېز بولماقتا. مانا بۇ يېڭى
قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئىجاد قىلغىنى، يولغا قويغىنى، بەس۔
لەشكىنى ئاياللار، ئەرلەر بولسا ئەگەشكۈچىدۇر، ئايالنى
تۈزىمەي تۇرۇپ، بۇ ئىللەتلەرنى تۈزىگىلى بولمايدۇ،
بۇلارنى تۈزەش دەل ئاياللارنى تۈزەشتىن باشلىنىدۇ.

سۇرىيەلىك مەشھۇر ئۆلىما، دىنىي ئىسلاھاتچى ئەلى
تەنتاۋى (1909 ~ 1999) بىر قېتىملىق لېكسىيەسىدە
مۇنداق دېگەن: «ئەي قىزىم، مەن ھازىرغىچە 50 يىل
ئۆمۈر كۆردۈم، دۇنيادىكى نۇرغۇن مەملىكەتلەرنى
كەزدىم، نۇرغۇن ياخشى ـ يامان ئىشلارنى كۆردۈم،
نۇرغۇن ئىشلارنى تەجرىبەمدىن ئۆتكۈزدۈم. مەن بۇ گەپ۔
لىرىمنى 50 يىللىق تەجرىبەمنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ
سۆزلەۋاتىمەن ھەم ساڭا نەسىھەت قىلىۋاتىمەن، ئادەملەر۔
نى ئىسلاھ قىلىمىز، تۈزىتىمىز دەپ كۆپ كۈچىدۇق، ھەتتا
تولا سۆزلەپ ئاغزىمىز تالدى. نۇرغۇن كىتابلارنى
يازدۇق. قوللىرىمىز تالدى، قەلەملىرىمىز ئۇپرىدى. بىز
ئادەملەرنى تۈزىتىمىز دەپ كۈچىگەنسېرى ئادەملەردە
ئەكسىچە بۇزۇلۇش كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەتتا بىر شەھەر۔
دىن يەنە بىر شەھەرگە ئېقىۋاتىدۇ. ئادەملەر جەننەتنىڭ ئە۔
شىكىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەكسىچە دو۔
زاخنىڭ ئىشىكىگە ئۆزىنى ئېتىۋاتىدۇ، كۆكرەك ئوچۇق،
باش يالىڭاچ، بىھايالىق، شەرم ـ ھايانىڭ كۆتۈرۈلۈپ
كەتكەنلىكى بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە سوزۇلماقتا.
بىز شۇنچە سۆزلەپ نىجات تاپالمىدۇق، مۇۋەپپەقىيەتكە
ئېرىشىمىز دەپ گۇمان ھەم قىلمايمەن. نېمىشقا، بۇنى بە۔
لەمسەن؟ بىز ئادەملەرنى تۈزىتىمىز دەپ شۇنچە نەسىھەت
قىلىپ، شۇنچە دەۋەتلەرنى قىلىپ نەتىجە قازىنالمىدۇق،
ئەسلى بىز ئادەملەرنى تۈزىتىدىغان يولنى تاپالمىغان ئە۔
كەنمىز، كىرىدىغان ئىشىكنى تاپالمىغان ئىكەنمىز، بىز ئە۔
شىكتىن كىرمەي دېرىزىدىن كىرىشكە ئۇرۇنۇپ يۈرۈپ۔
تۇق، ئادەملەرنى تۈزىتىدىغان يول قەيەردە؟ ئۇنىڭ ئىشە۔
كى قەيەردە؟ ئۇنىڭ ئاچقۇچى كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى
بىلمەي يۈرگەن ئىكەنمىز، ئاخىر بىلدۇقكى، ئادەملەرنى
تۈزىتىشنىڭ ئاچقۇچى ئاياللارنىڭ قولىدا ئىكەن، ئادەملەر۔
نى تۈزىتىدىغان يولنىڭ بېشى ئاياللاردىن باشلىنىدىكەن.»

ئەپسۇس، بۇ ھەقىقەتنى بىز ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش
ئەمەس، تېخىچە ئېڭىمىزدا ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خۇلاسىلەپ
بولالمىدۇق. «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر ئەر ـ ئايالغا
پەرزدۇر» دېگەندەك قىز ـ ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىتىش، ئو۔
قۇتۇشتەك تەلىماتلار بۈيۈك دەستۇرلىرىمىزدا ئېنىق ئېيە۔
تىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك پەيلاسوپ ئالىملىرىمىز
ئەسەرلىرىدە:

(4504) تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلا بول.
(4506) ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ،

بىرۇر بۇ ئاغا ئىككى دۇنيالىق نەپ.
دېگىنىدەك قىزلارنى ياخشى تەربىيەلەش كېرەكلىك-
نى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، يېقىنقى زامان تا-
رىخىدا مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ مۇھىم نۇق-
تىغا تازا ئەھمىيەت بېرىلمەي كەلدى. مەشھۇر قازاق تا-
رىخچى چوقان ۋەلىخانوف (1859 ~ 1858 - يىللىرى) دە-
يارىمىزدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىدە ئۇيغۇرلار ھەققى-
دە: «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزلىرىدىن چېچەنلىكى
چىقىپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھالى بەك خارابكەن،
چۈنكى بۇلار ئاياللىرىنى ئوقۇتمايدىكەن» دېگەن.

ھازىر مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن قىز - ئاياللار
ئىلىم ئېلىش، ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ،
ئەقىدە، ئادىمىيلىك، ئەخلاق - پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنى
ئەمەس، ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىش، مەكتەپتىن مەك-
تەپكە ئۆتۈشنىلا ئۆلچەم قىلغان مائارىپ بىزگە كۈتكەن-
مىزنى بېرەلمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىزنىڭ ئائىلىگە
يۈكلىگىنىمىز، كۈتىدىغىنىمىز، موھتاجلىقىمىز ھەسسىلەپ
ئاشتى. ئەسلىدىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى،
چۈنكى، تەربىيە ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت
ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، ئىنسان ھاياتىغا ئەڭ
چوڭقۇر ۋە ئۆچمەس تامغا باسىدىغىنى ئائىلە تەربىيەسى
ئىدى. ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن ئائىلىنى چوڭ بىلگەن،
ھالال - ھارام چېگراسى ئېنىق بەلگىلەنگەن ئەقىدە، ئەدەپ -
ئەخلاق، مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئائىلىنىڭ بىرلىكىنى،
مۇكەممەللىكىنى روياپقا چىقارغان. ئەجداد ئىزىنى ئۆچۈر-
مەيدىغان، يارامىلىق پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەپ، زامانى -
زامانغا ئۇلىغان. ئائىلىدە ئەر - ئەرگە، ئايال - ئايالغا
ئوخشىغان، ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىگۈدەك بۇ ئېسىل ئەنئە-
نىلىرىمىزگە بىز قانچىلىك ۋارىسلىق قىلالىدۇق؟ ھازىر
بىزنىڭ ئائىلە تەربىيەمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەر ئاز
ئەمەس. ھەممىمىز قاقشايمىز، ئىچىملىك - چېكىملىك ئىس-
تېمال قىلغۇچىلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى، يېشىنىڭ بارغان-
سېرى كىچىكلىشى، ھەتتا ئەرلەرگە خاس قىلمىش سانالغان
بۇ ئىللەتنىڭ قىز - ئاياللاردا كۆرۈلۈشى، ئەخلاقىي بۇزۇق-
چىلىق، ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشى، شەرم - ھايا،
مېھىر - ۋاپا كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەردىكى بەخت تۇيغۇسىنىڭ
كېمىيىپ كېتىشىنى بىز جاھاننىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە
ئارتىپ قويالمايمىز. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ 30 خىل چا-
رىسى بولسىمۇ، قورقۇنچاق ئادەم ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ياققان
ۋە تاللىغان بىردىنبىر ئامال «قېچىش» بولغىنىدەك بارلىق
مەسئۇلىيەتنى جەمئىيەتكە ئىتتىرىپلا قويالمايمىز، بىز كوچى-
غا تۇغۇلمىدۇق، بىزنى جەمئىيەت بېقىپ چوڭ قىلمىدى،
بىزنىڭ كۆز ئېچىپ كۆرگىنىمىز ئائىلە بولدى، بىز تۇنجى
سۆزنى ئائىلىدە قىلدۇق، تۇنجى تەربىيەنى، ئەدەپ - ئەخ-
لاقنى، مېھىر - مۇھەببەتنى ئائىلىدە، ئانا پەرۋىشى، ئاتا نە-
سىھىتىدىن ئالدۇق. ئائىلىدىن ئالغان ئاشۇ خېمىرتۇرۇچ
تەربىيە بىلەن ئاندىن جەمئىيەتكە، ھاياتقا يۈزلەندۇق.

— بالام، بىر ئوبدان بالىتى، جەمئىيەتتىكى يامان با-
لىلارغا ئارىلىشىپ قېلىپ بۇزۇلۇپ كەتتى، ھەرقانچە قىلىپ-
مۇ گەپ ئاڭلىتالمىدۇق، مەكتەپتىن چىقىرىۋالايمىكىن،
زادى مۇشۇنداق يەردە ياشىغانىدىكەن..— دەپ قاقشاۋات-
قان ئانىغا شۇنداق دېدىم:

— يەر يۈزىدە مۇتلەق ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككىلا
تولغان جەمئىيەت مەۋجۇت ئەمەس. تاشقى مۇھىتنىڭ ئا-
دەمگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي، ئەمما ئۇ
ھەرگىز بىرلەمچى ئامىل ئەمەس. ئەگەر سىز ئېيتقانىدەك
بولىدىغان بولسا، بۇ جەمئىيەتتە ياشىغان ھەممە ئادەم بۇ-
زۇلۇپ كېتىشى، بىرمۇ دۇرۇس ئادەم قالماسلىقى كېرەك.
لېكىن ئاچچىق ھەقىقەت شۇكى، مەكتەپنىڭ، جەمئىيەتنىڭ
بالىڭىزدىكى تەسىرى سىزنىڭ تەسىرىڭىزدىن ئۈستۈن
كەلگەن. سىزنىڭ تەربىيەڭىز بالىڭىزنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتال-
مىغاچقا، بالا سىرتقى ناچار خاھىش بىلەن ئۇچراشقاندا،
تەربىيەڭىز بوراندىكى ماكاپتەك توزۇپ كەتكەن. ئائىلە
تەربىيەسىنىڭ غەلىبىسى ياكى مەغلۇبىيىتى دەل مۇشۇ
يەردىن باشلىنىدۇ، ئائىلىنىڭ رولى دەل بالىلاردا سىرتنىڭ
يامان تەسىرىنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدىغان روھى توغان،
مەنىۋى پاسىل ياساشتا، تەلەپچان ئائىلە پەرزەنتلىرىگە
بەرگەن ئەقىدە، مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تاشقى مۇھىتنىڭ
پايدىسىز ئامىللىرىدىن غالىب كېلىدۇ، مانا بۇ ئائىلىنىڭ
مۇۋەپپەقىيىتى، ئاتا - ئانىنىڭ غەلىبىسى.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر مەسىلىنىڭ
سەۋەبىنى ئالدى بىلەن ئائىلىدىن، ئانا بىلەن ئاتا تەربىيە-
سىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق، ئاياللارنى تەر-
بىيەلىمەي تۇرۇپ، مۇكەممەل ئائىلىدىن، يارامىلىق ئەۋلاد-

تىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئاياللارنى تەربىيەلىمەي
تۇرۇپ، بۈگۈنىمىز ۋە كەلگۈسىمىزنىڭ شەرەپلىك بەتلىرىـ
نى ئاچقىلى بولمايدۇ. مەۋجۇتلۇق ئېغىر سوئالغا ئايلىنىپ
ئالدىمىزغا قويۇلغاندا، بىزگە كېرىكى ئەيىبلەش، قاقشاش
ئەمەس، دەبدەبىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن تەشۋىقاتمۇ
ئەمەس، بەلكى بىزگە كۆزلىگەن نىشانغا يېتىشتە قايسى
يول بىلەن قانداق مېڭىشنى كۆرسىتىپ بېرىش. بۈگۈن
بىزگە ئەڭ زۆرۈر بولۇۋاتقان قىز ـ ئاياللار تەربىيەسىنى
قانداق ئېلىپ بېرىشنى تۆۋەندىكى بەش نۇقتىغا يىغىنچاقـ
لىدىم. ئاياللار تەربىيەسى بىزدە پەقەتلا ئەھمىيەت بېرىلـ
مەيۋاتقان تېما دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، يالتىراق شوئار، چە
رايلىق گەپلەر دۆۋىسىگە ۋە ياكى تىللاپ قاقشاش بىلەن
ئابستراكت چۈشەنچىلەرگە تولۇپ كەتكەن، كونكرېت
قەدەم باسقۇچلار كۆرسىتىپ بېرىلمىگەن، مۇشۇنداق ئەھـ
ۋالدا مەن بايان قىلغان بۇ نۇقتىلار قىز ـ ئاياللىرىمىزغا
بىر توغرا نىشاننى كۆرسىتىپ بېرەلىسە ئەجەب ئەمەس.

### 1. ئېتىقاد ـ نىشان تەربىيەسى

«جۇڭگو قانۇنچىلىق گېزىتى»نىڭ بىر سانىغا
مۇنداق خەۋەر بېسىلغان، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك
تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگودا يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا،
ئۇچۇر ۋاستىلىرىگە ئالاقىدار مۇناسىۋەتلىك دېلولار يىلـ
سېرى كۆپەيگەن، بۇ دېلولارنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى
جىنايەتچىلەر يۇقىرى مەلۇماتلىق بولۇپ، تۆۋىنى ئالىي
مەكتەپ باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا، يۇقىرىسى دوكتورلۇق
ئۇنۋانىغا ئىگە ئىكەن. بۇ كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان مەسىـ
لە، ئىلىمنىڭ ئىنسان زاتىنىڭ قەدرىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىـ
غان قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكى قىل سىغماس ھەقىقەت،
ئەمما ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئىلىمنىڭ ئىنسانىيەت دۇچ
كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىشقا قادىر ئەـ
مەسلىكىمۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت. «ئىنسان
ئۆزىنى بىكار قويۇپ بېرىلىدۇ دەپ ئويلامدۇ» (سۈرە قىـ
يامەت 36 ـ بەت). ئۇنداق ئەمەس. ھەر بىر قۇلۇپنىڭ ئۆـ
زىگە ماس كېلىدىغان ئاچقۇچى بولىدۇ، ئەمما دۇنيادا
شۇنداق بىر ئاچقۇچ باركى، جىمى قەلبلەر ئۇنىڭ بىلەن
ئېچىلىدىغان، جىمى غەم ـ قايغۇ ئۇنىڭ بىلەن تۈگەيدىغان،
بارچە مۈشكۈلات ئۇنىڭ بىلەن ئاسانلىشىدىغان، ئۇ بولسىـ
مۇ توغرا ئېتىقادتۇر، پەقەت ئېتىقاد يىلتىزىدىن كۆكلىگەن
ھاياتلا ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى ئۆتكۈنچى مەنپەئەتكە باغلىـ
نىپ قالمىغان كامالەتلىك ھاياتتۇر، ئايال تەربىيەسىدىكى
بىرىنچى قەدەم مانا مۇشۇ نۇقتىدىن باشلىنىدۇ.

ئېتىقادسىز ئايال ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ، ئېتىقادـ
سىز ئايال پۇل ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى سېتىـ
ۋېتىدۇ. ئېتىقادسىز ئايال دۇنيا ئۈچۈن خارلىققا مۇپتىلا
بولىدۇ. ئېتىقادسىز ئايال مۇكاپات ۋە جازانى «نەق»تىن
ئىزدىگەچكە، پىداكارلىق ۋە قۇربان بېرىشنىڭ قىممىتىنى
ۋە ئەجرىنى چۈشەنمەيدۇ. ئېتىقادسىز ئايال ئۈچۈن قىلسا
بولمايدىغان ئىش، بارسا بولمايدىغان يەر يوق. ئېتىقادسىز
ئاياللدىن بىز پەرزەنتنىڭ، خەلقنىڭ قاراڭغۇ تۈنلىرىنى كۆـ
رىمىز، ئېتىقادسىز ئاياللدىن يۈكسەك ئەقلىلىقتىنمۇ چىقىش
يولى تاپالمىغان جەمئىيەتنىڭ خارابلىقىنى كۆرىمىز. مۇكەمـ
مەل ئېتىقاد ئاياللارغا ئۆزىنى سۆيۈشنى، قەدىرلەشنى، ئىنـ
سانىنى سۆيۈشنى، مېھىر ـ مۇھەببەت، ۋاپا ـ ساداقەت،
غەيرەت ـ جاسارەت، ئالىي ھىممەت، سەممىيلىكتەك ئېزـ
گۈلۈكلەرنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى كۆز ئالدىدىكى ماددىيەتـ
تىن ھالقىتىپ، چەكسىز مەنىۋىيەت لەززەتلىرىگە باشلايدۇ.
چىن پۈتۈنكى، بىز ئارزۇ قىلغان شەرم ـ ھايالىق قىز،
مەسئۇلىيەتچان ئايال، ئۇلۇغ ئانا ئۇنىڭسىز بارلىققا كەلـ
مەيدۇ. بىز «قىز بالىنى ئوقۇتۇپ نېمە قىلىدۇ» دەيدىغان
ھېچبىر كىتابتا يوق قۇرۇق گەپ بىلەن قىزلارنى ئىلىم ئۆـ
گىنىشتىن، ئېتىقادنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىشتىن مەھرۇم
قىلدۇق ياكى قىزلارنى مەكتەپكىلا تاشلاپ قويۇپ، ئاتا ـ
ئانىدىن بۆلەك ھېچكىم بېرەلمەيدىغان ئادىمىلىك، ئەقىـ
دە، ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيەسىنى كەم قىلدۇق.

يېقىندا ئۇندىدارىدا 13 ياشلىق ئاقسۇلۇق بىر قىزنىڭ
قىز دوستى بىلەن ئۆيىدىن ئۇرۇمچىگە قېچىپ چىققانلىقى،
تاغىسى دۆڭكۆۋرۈكتە تۇتۇۋالغاندا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
يەنە قېچىپ كەتكەنلىكى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يىغلاپ تورغا
مۇراجىئەت قىلىپ، قىزنى جىددىي ئىزدەۋاتقانلىق ئېلانىـ
نى كۆرۈپ قالدىم، بۇ مېنىڭ ئېسىمگە ئىككى يىل ئىلگىـ
رى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم شەھەردىن 16 ياشلىق
قىزنى ئېلىپ مەسلىھەت سوراپ كەلگەن بىر ئانىنى ئېسىمـ
گە سالدى، ئۇ ئايال يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەنىدى:
«بۇ مېنىڭ چوڭ قىزىم، بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز
بەك ياخشى، ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىمىز ئالىي مەكتەپنى

پۈتكۈزگەن، مۇشۇ قىزىم 14 ياشقا كىرگىچە مەن شۇنداق
خاتىرجەم هالدا كۆڭلۈم خالىغان يەرگە بېرىپ، چاي، ئول-
تۇرۇشتىن قالماي ئويناپ - كۈلۈپ ياشىغانىدىم، شۇ يىلى
قىزىم ئۆزىدىن چوڭ بىر ئوغۇل بىلەن قېچىپ كەتتى. شۇ-
نىڭدىن بۇيان مېنىڭ كۈلكەم، ئويۇن - تاماشىلىرىم توختى-
دى، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى، هەر تەرەپتىن ئىزدەپ
تاپالمىدۇق. ئەل - جامائەت ئىچىدە يۈزۈم يەر بولدى،
ئاخىر تېپىپ ئۆيگە سولاپ قويساق، يەنە قېچىپ كەتتى.
يەنە تېپىپ كەلسەك ئاشۇ بالا بىلەن توي قىلمىسام ئۆلۈۋا-
لىمەن دەپ قورقۇتتى. ئاخىر ئامالسىز 14 ياشلىق قىزىم-
نىڭ تويىنى قىلىپ قويدۇق، بۇ يۈرەك ئاغرىقىم، ھەسرى-
تىم تېخى بېسىلماي تۇرسا، بىر يىل ئۆي تۇتۇپلا ئاجرى-
شىپ ئۆيگە كېلىپ ئولتۇردى، ھېلىقى بالا ئىككى كۈندە
بىر يارىشىمەن دەپ كېلىۋېلىپ، ئۇچۇر يوللاپ بىزگە ئا-
راملىق بەرمىدى. كۆزدىن يىراق تۇرساق قۇتۇلىمىزمىكىن
دەپ بۇ يەرگە چىقتۇق، ياخشىراق بىرەر كەسىپ ئۆگىنى-
دىغان يەرگە بېرەي دېسەم، گىرىم قىلىشنى ئۆگىنىمەن
دەيدۇ»، قىزغا سەپسالدىم، يوتىسىنى ئاران ياپقان قىسقا
كۆڭلەك بىلەن قېنىق گىرىم قىلىۋالغان قىز ئەسلى يېشى-
دىن خېلىلا چوڭ كۆرۈنەتتى.

ھەر ئىككى ئانىغا ئىچىم ئاغرىدى. ئەمما بۇ ئىچ ئاغ-
رىتىش ئۇلارنىڭ پەرزەنتىگە ئەڭ زۆرۈر تەربىيەنى بېرەل-
مىگەن، قىزلىرىنى ھاياتنىڭ رەڭگارەڭ ئېزىتقۇلىرىدىن
قوغداپ، ئىززەت - ھۆرمەتلىك، بەختىيار ھاياتقا ئىگە قى-
لالمىغان خاتالىقىنى ياپالمايتتى. بۇ مەن يولۇقتۇرغان كى-
چىككىنە مىسال. ئەتراپىمىزدا ھەررەڭ - سەررەڭ كىيىنىپ،
تاپتىن چىقىۋاتقان قىزلار، ئەركىنلىك ئىزدەپ كۆڭۈل
خۇشى ئىزدەپ ئائىلىنىڭ سىرتىغا ئۆزىنى ئېتىۋاتقان ئايال-
لار تولۇپ تۇرۇپتۇ، دېيىشتىن تىلىمىز كۆيسىمۇ، دىيارى-
مىزدىن ئېشىپ، شەھەر ئاتلاپ، مېھمانخانا، تانسىخانىلاردا
مۇلازىمەت قىلىدىغان يولدىن چىققان ئاياللار ئاز
ئەمەس. جەمئىيەتشۇناسلار، پسىخولوگلار، قانۇنشۇناسلار،
مائارىپشۇناسلار يۇقىرىقى ھادىسىلەرنى بەلكىم تۈرلۈك
نۇقتىلاردىن تەھلىل قىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ قوشۇمچە
سەۋەبلەر. ھەقىقەت شۇكى، ئاياللىرىمىزغا ھاياتنىڭ يەنە
بىر يۈزىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئەقىدىنى تىكلىيەلمە-
گەنلىكىمىزدە، سۆزىمىز بىلەن، ئەمەلىيىتىمىز بىلەن، ھايا-
تىمىز بىلەن ئۈنى سىڭدۈرەلمىگەنلىكىمىزدە.

### 2. مەسئۇلىيەت ــ مەجبۇرىيەت تەربىيەسى

يەر شارىلىشىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىزنىڭ
تۇرمۇش شەكلىمىزگە ئاز بولمىغان ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ
كەلدى. ئاياللارنىڭ مەكتەپلەردە ئوقۇش، ئەرلەرگە
ئوخشاش تۈرلۈك ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىش ئىم-
كانىيىتى كېڭىيىپ، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق-
لاشتى، بۇنىڭ بىلەن كەسىپ ۋە خىزمەتنى ئەڭ مۇھىم ئو-
رۇنغا قويغان، ئائىلە ۋە پەرزەنتكە بولغان مەسئۇلىيەت
ئېڭى ئاجىزلاشقان ئاياللار ئارىمىزدا كۆپىيىشكە باشلىدى.
ئاياللار ئائىلىدە ھېرىپ - چارچايدىغان، ئىچى پۇشىدى-
غان، بالىسىنىڭ تۈگىمەس جاپالىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
ئايىغى چىققۇدەك بولغاننى يەسلىگە، يەتتىگىمۇ توشمىغاننى
ئالدىراپ تەييارلىق سىنىپقا بېرىپ ئارام تاپىدىغان، ياسى-
نىپ - جابدۇنۇپ سىرتقا چىقسا، چايغا بارسا باشقىچە روھ-
لىنىپ خۇشاللىنىدىغان غەيرىي نورمال پسىخىكا ئاياللىرى-
مىزدا ئاۋۇپ قالدى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھەم-
مىڭلار پادىچىغا ئوخشايسىلەر، پادىچى ئۆز پادىلىرى ھەق-
قىدە سورالغاندەك سىلەرمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلار ھەققىدە
سورىلىسىلەر. ھاكىم گويا بىر پادىچى. ئۇ ئۆز پادىلىرىغا
مەسئۇل، ئەرمۇ مىسالى بىر پادىچى، ئۇ ئۆز ئەھلى - ئايا-
لىغا مەسئۇل. ئايالمۇ گويا بىر پادىچى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيى
ۋە بالىلىرىغا مەسئۇل». بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، ھاياتنى
تاكامۇللۇققا ئىگە قىلغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ يارىتىلىشتا
تەقسىم قىلىنغان مەجبۇرىيىتى بار. ئەر ۋە ئايالنىڭ فىزىيو-
لوگىيەلىك ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئاجايىپ ماس
كەلگەن بۇ تەقسىماتتا ھېكمەت چاقناپ تۇرىدۇ. قارىسى-
ڭىز بۇنىڭ باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقەت
شۇكى، جەمئىيەت قانچە تەرەققىي قىلسۇن، ئايالنىڭ ئايال-
لىق ۋە ئانىلىقتەك مۇقەددەس ۋەزىپىسى ئۆزگەرمەيدۇ،
شۇنداقلا ئۇنىڭ قىممىتى ۋە تۆھپىسى ھەرقانداق كەسىپ-
تىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ب د ت نىڭ باش كاتىپى بان كى-
مۇننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «بىز ئۆزگىرىۋاتقان دۇن-
يادا تۇرۇپ، خىلمۇخىل خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىمىز، لېكىن،
ئانىنىڭ ئائىلە ۋە ئەۋلادلارنى بېقىپ تەربىيەلەشتىكى
مۇھىم رولى ئۆزگەرمەيدۇ». ئاياللار مۇناسىپ كەسىپ

بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنى پۇختا ئىگىلەش ئۈچۈن ئىلىم ئۆ-
گەنسە بولىدۇ، ئەمما شەرت شۇكى، بۇ ئائىلە بەختى،
پەرزەنت تەربىيەسىنى زايە قىلىۋېتىش ھېسابىغا بولماسلىقى
كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ ناھايىتى چوڭ خاتالىق
ھېسابلىنىدۇ. ئائىلىلىق ۋە ئانىلىقنى ئالىي شەرەپ بىلگەن،
ئۇنى ھاياتتا ئېرىشكەن بەختى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئۆلچە-
مى قىلالىغان ئاياللار كۆپ يەردە بەرىكەت ۋە خاتىر-
جەملىك قارار تاپىدۇ، ئۇنداق جەمئىيەت پەزىلەتلىك ۋە
ئىناق جەمئىيەت بولىدۇ، ئۇنداق ئائىلە بەخت شولىلىرى
پارلىغان ئائىلە بولىدۇ.

بىر پېداگوك مۇنداق دېگەن: «ئىنسان بېشىدا ئۈچ
كۈلپەت بار، ئۆلۈم، قېرىلىق ۋە يامان پەرزەنت. قېرىلىق
ۋە ئۆلۈمدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، بىراق يامان
پەرزەنتلەردىن ياخشى تەربىيە بىلەن ساقلىنىش مۇمكىن».
ھاياتتا مەغلۇبىيەتنىڭ تۈرى كۆپ. بىرى سودىدا زىيان
تارتىدۇ، بىرى ئىشتىن بوشىتىلىدۇ، بىرى كەسپتە ھېچبىر
نەتىجە قازىنالمايدۇ. يەنە بىرىنىڭ تۇرمۇشتا تەلىيى چىق-
مايدۇ، مېنىڭ نەزەرىمدە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئورنىنى تو-
لۇقلىغىلى بولىدىغان، باشقا بىر يول ئىزدىسە يول تاپقىلى
بولىدىغان ئىشلار، ئەمما بىزنىڭ يۈرەك - باغرىمىزنى
ئۆرتىۋېتىدىغان، يۇرۇق كۆڭلىرىمىزنى قاراڭغۇلۇققا
مەھكۇم قىلىدىغان، ئورنىنى تولدۇرغىلى، قايتىدىن باشلى-
غىلى بولمايدىغان تولىمۇ ئەلەملىك بىر مەغلۇبىيەت بار. ئۇ
بولسىمۇ، پەرزەنت تەربىيەسىدىكى مەغلۇبىيەت. يارامسىز،
ناكەس بالىنىڭ خاپىلىقى ئاتا - ئانىنىڭ ئازابى بىلەن تۈگە-
مەيدۇ، بەلكى شۇ ئاتا - ئانا، يەنە ئەل - جامائەتنىڭ:
«نەدىمۇ چوڭ بولغان بولغىيتتىڭ؟ ۋاي ئېىست سېنى
باققان ئاتا - ئاناڭغا!» دېگەندەك لەنەتلەرگە دۇچار بولى-
دۇ. پەرزەنت تەربىيەسى نۆۋەتتە بىز ئەستايىدىل ئويلان-
مىساق بولمايدىغان جىددىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى، بۇنى
ئاۋۋال ئاياللىرىمىزغا ئانىلىق مەسئۇلىيەتنىڭ بۈيۈكلۈكى
ۋە ئېغىرلىقىنى ئېنىق تونۇتۇشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

بىر سالىھ ئايال ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «مېنىڭ
ئەڭ قورقىدىغان ۋە داۋاملىق پاناھ تىلەيدىغان ئىشىمنىڭ
نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ مەن بالىلىرىمنى تەربىيەلەشتە
مەغلۇپ بولۇشتىن ئەڭ قورقىمەن، مەن ئۈچۈن جېنىمنى
يېنىمغا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ تۇغقان، ياشلىقىمنى، ۋاقتىمە-
نى، زېھنىمنى، ئىلكىمدىكى سەرپ ئەتكىلى بولىدىغان
جىمى نەرسەمنى خورىتىپ تۇرۇپ بېقىۋاتقان بالىلىرىمنىڭ
يارامسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇنچلۇق ئىش يوق.
شۇڭا، مەن ياخشى تەربىيە ھەققىدە توختىماي ئىزدىنىمەن،
باش قاتۇرىمەن، ۋاقتىمنىڭ كۆپ قىسمىنى بالىلىرىم بىلەن
بىللە ئۆتكۈزىمەن». ئارىمىزدا مۇشۇنداق دېيەلەيدىغان
ئانىدىن قانچىسى باردۇ؟ خىزمەت ئاز كەلگەندەك توي -
تۆكۈن، چاي - ئولتۇرۇش، ئادەمگەرچىلىك، بازار چۆرگە-
لەش دېگەنلەر ئاياللىرىمىزنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ئىگە-
لەپ كېتىگىلىك. ئەمما، بۇلاردىن ئېرىشكەن تايىنى يوق
خۇشاللىق، ھۇزۇر كەلگۈسىدە يارامسىز پەرزەنت ئۈچۈن
تۆككەن بىر تامچە ياشقىمۇ دال بولالمايدۇ. مەن خېلى
تۈزۈك ھېسابلايدىغان بىر ئانا گەپ ئارىسىدا سەككىز
ياشلىق ۋە 13 ياشلىق ئىككى قىزىنى ئويىنىتىپ كېلىش
ئۈچۈن سۇ ئۈزۈش كۆلۈبىغا ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ،
مېنىڭ چەكچەيگەن كۆزۈمگە قاراپ: ۋاي قورقماڭە،
ئەرلەر سەل نېرىراقتا چۆمۈلىدۇ، ئاياللار بىلەن بىر كۆل-
چەكتە ئەمەس، دېگەنىدى. ئاز كۈندىن كېيىنلا ماڭا 13
ياشلىق قىزىنىڭ بىر ئوغۇل بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقى، تېلېفو-
نىنى تارتىۋېلىپ، كومپيۇتېرنى تىقىۋېتىپ، ھەتتا دادىسى
ئۇرسىمۇ گەپ ئاڭلىماي، يەنە شۇ بالا بىلەن ئۆيىنىڭ ئال-
دىدىمۇ سۆرۈشۈپ يۈرگەنلىكىدىن دادلاپ بەردى، ئەجەب-
لەنمىدىم، شەرم - ھايا، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىشكە تې-
گىشلىك ئانا قىزلىرىنى كەينىگە سېلىپ، ئەر - ئاياللار يال-
ڭاچ دېگۈدەك يۈرىدىغان يەرلەرگە ئاپارغاننىڭ نەتىجىسى
ئەلۋەتتە شۇنداق بولاتتى.

بالىلىرىمىز بىزنىڭ ھاياتىمىز، كەلگۈسىمىز، ياخشى
تەربىيە بىزنىڭ بەختلىك ھاياتىمىز، نۇرلۇق كەلگۈسىمىز.
يامان تەربىيە بولغۇسى قايغۇ - ئەلەملىرىمىز، كۆز - ياشلى-
رىمىز، ۋەتەن ئالدىدىكى، باشقىلار ئالدىدىكى خاتالىقى-
مىز.

دېمەكچى بولغىنىم، ئاياللىرىمىزنىڭ ھايات مىزانىدا
ئەڭ مۇھىم ۋە بىرىنچى بۇرچ ئاياللىق ۋە ئانىلىق
بولسۇن، ئاياللىرىمىز ئايالغا بولغان ئىززەت - ھۆرمەت،
مەرتىۋە ۋە بەخت ھۇزۇرىنىڭ ھالاللىق ۋە دىيانەت بۆ-
شۈكى قىلىپ قۇرۇپ چىقالىغان ئائىلە، ئەل - ۋەتەن
مەمنۇن بولغىدەك قىلىپ تەربىيەلىگەن پەرزەنت بىلەن بو-

لدىغانلىقنى چۈشىنىپ يەتسۇن ۋە شۇ ئۇلۇغلۇق مەقامغا
يېتىش ئۈچۈن جىمى نەرسىسنى سەرپ ئەتسۇن.

### 3.كىتاب ئوقۇش تەربىيەسى

كىتاب ـــ ھاياتنىڭ ئەڭ جۇلالىق ۋە شېرىن نېئمەت-
لىرىنىڭ بىرسى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ خەزىنى-
سى. بىر ئادەمنىڭ ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى شۇ ئادەمنىڭ
قانچىلىك دەرىجىدە كىتاب ئوقۇشقا باغلىق بولىدۇ. شۇ-
نىڭغا ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ ساپاسىمۇ خېلى زور دەرىجە-
دە شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇش ئەھۋالىغا مۇ-
ناسىۋەتلىك بولىدۇ. قاراپ باقساق، كىتاب ئوقۇشقا
ھېرىس مىللەتلەر دەل ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان،
رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك مىللەتلەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.
2011 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت-
لەرنىڭ كىتاب ئوقۇش نىسبىتى ھەققىدىكى ئىستاتىستىكى-
دىن مەلۇم بولۇشىچە، يەھۇدىيلار يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن 64 پارچە، رۇسلار 55 پارچە، ئامېرىكىلىقلار 50
پارچە، ياپونلار 40 پارچە، كورېيەلىكلەر 11 پارچە كىتاب
ئوقۇيدىكەن. فىرانسىيەدە ئاياللار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن
يىلىغا 12 پارچە، ئەرلەر توققۇز پارچە كىتاب ئوقۇيدى-
كەن. جۇڭگولۇقلار بولسا 2.8 پارچە كىتاب ئوقۇيدى-
كەن، ئەمىسە ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب ئوقۇش نىسبىتى قانچى-
لىكتۇ؟ ئائىلىنى ئىدارە قىلغۇچى، پەرزەنتنىڭ تۇنجى ئۇس-
تازى بولغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىتاب ئوقۇش ئەھۋال-
چۇ؟ قولىمىزدا بۇ توغرۇلۇق ئېنىق سانلىق مەلۇمات بول-
مىسىمۇ، جاۋابىنىڭ كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغانلىقى ھەممىمىز-
گە ئايان.

ئائىلىنى ئىدارە قىلىشمۇ خۇددى بىر ئەلنى ئىدارە
قىلغانغا ئوخشايدۇ، ئەلنى باشقۇرۇش كىشىدىن قانچە
چوڭقۇر ئىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت، چارە ـ تەدبىر ۋە سەۋر-
چانلىق تەلەپ قىلسا، ئائىلىمۇ ئاياللاردىن بىلىملىك، پاراسەت-
لىك بولۇشنى، ھەر ئىشتا ئەستايىدىل، سەرۋچان بولۇشنى
تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق پاراسەت ئاسماندىن چۈشمەيدۇ،
ئۇ پەقەت ئايالنىڭ ھەر ۋاقىت كىتاب ئوقۇپ تۇرۇشى،
ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ ئۆزىنى داۋاملىق تولۇقلاپ،
يېڭىلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرۇشىدىن كېلىدۇ.
شۇندىلا ئۇ ئائىللىق ۋە ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئەڭ
ياخشى رەۋىشتە ئادا قىلالايدۇ. مەكتەپ مائارىپى ئىنسان
ھاياتىدىكى ئۆگىنىش مەنزىللىرىنىڭ پەقەتلا بىر ھالقىسى،
ۋاقىت چەكلىمىسى تۈپەيلى مەكتەپنىڭ بىر ئادەمگە ئۆگە-
تىدىغىنى ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ، ئەمما ئۆگىنىش ئۇ
مەڭگۈلۈك جەريان، ئۇ ئۆمۈربويى داۋاملىشىدۇ، ئاياللار
ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئالجىرىيە ئازاد-
لىق ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى ئىبنى بادىس (1888 ~
1940) مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر ئەرگە ئىلىم ئۆگىتى-
دىكەن، ئۇ پەقەت بىر ئادەمگە ئۆگەتكەن بولىدۇ، كىمە-
كى بىر ئايالغا ئىلىم ئۆگىتىدىكەن، ئۇ بىر قوۋمغا ئۆگەت-
كەن بولىدۇ».

تەنىنىڭ ئوزۇقى تائام بولسا، روھنىڭ ئوزۇقى ئىلىم ـ
ھېكمەت، ئانىنىڭ قەلبى پەرزەنتنىڭ مەكتىپىدۇر. كىتابقا
ھېرىس ئانىنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇغان ئىلىم ـ مەرىپەت زىيا-
سى پەرزەنتكە ئەڭ ياخشى تەربىيەنى بېرىپ، ئۇنىڭ
ھايات يوللىرىنى يورۇتىدۇ، ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ قو-
لىغا كىتاب ئالمايدىغان ئانىنىڭ قەلبى قۇپقۇرۇق بولۇپ،
نە ئۆزىنى يورۇتۇشقا، نە پەرزەنتىنى توغرا يولغا سېلىشقا
يارىمايدۇ.

بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاياللىرىدا كىتاب ئوقۇماسلىق مە-
سىلىسى ھەقىقەتەن ئېغىر. ھەتتاكى، كىتاب ئوقۇماسلىق ئا-
دەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، مەيلى ئاران ساۋاتى بارلار
بولسۇن ياكى ئالىي مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەنلەر
بولسۇن، بىز ئاياللاردا كىتابقا بولغان ئىشتىياقنى كۆرەل-
مەيمىز. قاراپ باقساق خىزمەت تەلىپى، ئۇنىۋان ئېھتىياجى
ئۈچۈن ئەمەس، مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن، ئىنسانىي كامالەت
ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيدىغان ئاياللار بەك ئاز. كۆڭلىمىزنى
يېرىم قىلىدىغىنى ئاياللار سورۇندا ئىلىم بىلەن كىتابتىن
بۆلەك جىمى گەپ ـ سۆزلەر بولۇنىدۇ. بىزدەك جامائەت-
چىلىك ئېڭى كۈچلۈك مىللەتتە چاي ـ ئولتۇرۇشلار بەك
كۆپ. نېمىشقا ھېچ بولمىسا مۇشۇ يەپ ـ ئىچىش، بىھۇدە
پاراڭدىن باشقا ئىش يوق سورۇنلىرىمىزنى ئىلىم سورۇنى-
غا، ياخشى كىتابلارنى ئۆزئارا تەۋسىيە قىلىشىدىغان، مۇلا-
ھىزە قىلىدىغان سورۇنغا، پەرزەنت تەربىيەلەش ھەققىدە
ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، بۇ ھەقتىكى ياخشى
كىتاب، ياخشى چارە ـ ئۇسۇل، تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرى-
دىغان سورۇنغا ئايلاندۇرمايمىز؟

مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇماسلىقىدا مۇنداق

ئىككى تۈرلۈك سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچى، كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتى، ئۇنىڭ شەخس ۋە جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان كۈچ - قۇدرىتىنى تونۇپ يېتەلمەسلىك؛ ئىككىنچى، كىتاب ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان، تۈرتكە بولىدىغان، قوللايدىغان، ئىجتىمائىي مۇھىت، شەرت - شارائىت ۋە رىغبەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ بولماسلىقى. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىمدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئارا كىتاب ئوقۇش، ماقالە يېزىش، نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرى دائىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى، بىز زور ئىشتىياق بىلەن ئۆزىمىز يازغان ئەسەرلەرنى ئۆزىمىز جانلىق دېكلاماتسىيە قىلىپ، 1 - ، 2 - لىكنى تالىشاتتۇق، ئويلىسام كىتابقا بولغان ئاشۇنداق رىغبەت باللارنى دەسلەپتىلا كىتابقا باغلايدىكەن، رۇسىيەلىك لونا چارىسكىي مۇنداق دېگەن: «كىتاب ئوقۇمايدىغان ساۋاتلىق ئادەم نېمىگىمۇ ئەسقاتار؛ بۇنداق ئادەم يەنە تەكرار ساۋاتسىزلىققا مەھكۇمدۇر». ھەقىقەتەن كىتاب ئوقۇماسلىقنى ساۋاتسىزلىقنىڭ يەنە بىر تۈرى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئاياللار ئۆزىنى ۋە دۇنيانى بىلىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك.

ھەر ۋاقىت ئەرنى ئۆزىگە باغلاپ تۇرىدىغان پاراسەتلىك، مېھرلىك خوتۇن بولۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك،

ياراملىق پەرزەنت تەربىيەلەش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك.

ئائىلىنى بەخت قورغىنىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك.

ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشالايدىغان، جەمئىيەتنىڭ تىرىك ھۆجەيرىسى بولۇش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش كېرەك.

..........

ئەگەر مۇشۇ تەرىزدە يازساق كىتاب ئوقۇشقا بولغان مىڭلاپ ئېھتىياجنى يېزىش مۇمكىن. ئايالنىڭ ۋاقتى چەكلىك ۋە تولىمۇ قىممەتلىك، شۇڭا خۇددى دوستىنى تاللاپ تۇتقاندەك، كىتابنى تاللاپ ئوقۇش، قايسى مەزمۇندىكى كىتابلارنى ئوقۇشمۇ تەكىتلەشكە تېگىشلىك مەسىلە. كاللا ئۇيۇپراتمايدىغان، بىزنى ئويلاندۇرالمايدىغان، تەپەككۇرغا باشلىيالمايدىغان كىتابلارنى ئوقۇش ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، ھەزىم قىلىش ئاسان، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى كىتابلار ئاياللىرىمىزنىڭ تاللاش دائىرىسىدىن نېرى تۇرۇشى كېرەك. كلاسسىك ئەسەرلەر، ئەدەپ - ئەخلاق، پەرزەنت تەربىيەسى، تارىخ، پەلسەپە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنغان، شۇنداقلا، مەشھۇر يازغۇچى - ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىزگە ھەقىقىي نەپ بېرىپ، ئەقىل قۇۋۋىتىمىزنى ئاشۇرىدۇ. بىزدە ئەڭ گۈزەل ئارزۇ - تىلەكلەرنى ئويغىتىدۇ، بىزگە ئالىيجاناب مەسلىھەت بېرىدۇ. كىتاب بىزنىڭ ئىللەتلىرىمىزنى خۇددى ئوت مايىنى ئېرىتكەندەك ئېرىتىۋېتىدۇ، چۈنكى، كىتابنىڭ ئادەم تەربىيەلەش كۈچى ھەتتا مۇنتىزىم مەكتەپلەردە ئالغان بىلىمنىڭ قۇدرىتىدىن چوڭ، ئابدۇراخمان جامىنىڭ كىتاب ھەققىدىكى مۇنۇ مىسرالىرى ئاياللىرىمىزغا ئۆرنەك بولسىكەن دەيمەن:

كىتابتىن ياخشىراق دوست يوق جاھاندا،
غەمخورۇڭ بولغان ئۇ غەملىك زاماندا.
ئۇ بىلەن قال تەنھا، ھېچ بەرمەس ئازار،
جېنىڭغا يۈز راھەت بەرگۈسى تەكرار.

**4. ياخشى ئۈلگە تىكلەش تەربىيەسى**

زېمىننىڭ ئاۋات بولۇشى ئۈچۈن ئادەمنىڭ خۇرۇچىغا ئەقلىمۇ، ھېسسىياتىمۇ ئارىلاشتۇرۇلۇپتىكەن. شۇڭا، بىز ئەتراپتىكى ئادەم، ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىمىز. گاھىلىرىدىن سۆيۈنۈپ، زوقلانساق، گاھىلىرىغا ياقا تۇتىمىز، ئاياللار ھېسسىياتچان بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىش ھادىسىلەردىن تېخىمۇ ئاسان تەسىرلىنىدۇ ۋە ناھايىتى تېزلا مايىللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. «ياخشى ئۈلگىنىڭ ئېغىز نەسىھەتتىن ئارتۇق» دېگەن گەپ بار. ديانەتلىك، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇغان ۋە ئادا قىلغان پەزىلەتلىك ئايال مۇنداق بولىدۇ، دەيدىغان ياخشى ئۈلگىنى تىكلەش ئاياللار تەربىيەسىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۈگۈنكىدەك ئۈچۈر دەۋرىدە كىشىلەر تۇرمۇشىغا ئەڭ يېقىن تۇرىۋاتقان تېلېۋىزور، كىنو، ئېلان ۋە گېزىت - ژۇرنال، مەتبۇئات ۋاستىلىرى بۇنىڭدا خېلى چوڭ رول ئوينايدۇ. ناۋادا بىرەر سەلبىي ھادىسە ئىجابىي ۋەقە سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىنىپ، ھۆرمەت لىباسى كىيدۈرۈلسە، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدىكى توغرا - خاتا قارىشىنى ئاستىن -

ئۇستۇن قىلىۋېتەلەيدۇ، گۈزەللىك ئېيىلىنىپ، خۇنۇك
كۆرستىلسە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن خۇدۇكسىرەيدىغان
بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى، ئادەملەرنىڭ ئەقلى ئوخشاش دە-
رىجىدە ئەمەس.

بىزدىكى ئاياللار تەربىيەسى ھەققىدە يېزىلغان ئە-
سەرلەردە، شاكىلىغا ئېسىلىۋېلىپ، ماھىيەتكە كۆچەلمەسلىك
مەسلىسى مەۋجۇت. بۇمۇ ياخشى ئۈلگە تىكلەشتىكى بىر
توسالغۇ. بىزگە ئاياللارنىڭ روھىغا تەسىر قىلىدىغان،
روھنى يېڭىلاشقا تۈرتكە بولالايدىغان ئەسەرلەر كېرەك.
ئۇلۇغ ئانا، مەسئۇلىيەتچان ئايالنى تەربىيەلەش ئۈچۈن،
رادىيو، تېلېۋىزور ۋە مەتبۇئات ۋاستىلىرىمىزدە قېيىپ
كەتكەن، ئېزىپ كەتكەن ئەمەس، دەل جايىغا چۈشكەن،
ياخشى ئۈلگىنى توغرا بايقاپ، شۇنى كۆرستىش ۋە
تەشۋىق قىلىش كېرەك. گاھىدا بىر قېتىملىق ۋەز - نەسىھەت-
تىن ياكى مۇشۇنداق ماقالىدىن نەچچىنى يازغاندىن بىر ئە-
مەلىي ئۈلگىنىڭ تەسىرى چوڭ بولىدۇ.

**5. مۇھەببەت تەربىيەسى ـــ ئاياللار يىغلىمىسۇن**

يەر يۈزىدە ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئۆرنە-
كىنى كۆرسەتكۈچى، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، خالىس
بېغىشلاش روھى بىلەن ئائىلە ۋە پەرزەنت ئۈچۈن ئەڭ
كۆپ قۇربانلىق بەرگۈچى پىداكار ئىنسان پەقەت ئايال-
دۇر.

قايسىبىر كىتابتا: ئوغۇل بالىنىڭ ھاياتى تۇغۇلغان
كۈندىن باشلىنىدۇ، قىز بالىنىڭ ھاياتى توي قىلغان كۈنە-
دىن باشلىنىدۇ، دېگەن سۆزنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. ئائىلە
بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان كۈندىن باشلاپ، ئايالنىڭ ھېچ تە-
مەسىز، مېھنەتلىك ئەمگىكى باشلىنىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ
ئەمگەك بىر - ئىككى يىللىق مۇددەتتە ئاياغلىشىدىغان بول-
ماستىن، ئايالنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر مىنۇت، ھەر
نەپەستە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىدۇ، ئائىلىسىنىڭ بەختى، پەرزەن-
تىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ياشلىقىنى، ئەقىل - پاراستىنى، ھا-
ياتىنى پىدا قىلىپ، شامدەك ئېرىپ تۈگەيدىغان بۇ قەدەر
ھېچ غەرەزسىز پىداكارلىقنى پەقەت ئاياللارلا قىلالايدۇ،
ئەجەبا مۇشۇ پىداكارلىقى بىلەن ئايال ئەرنىڭ مۇھەببىتى-
گە، قەدىرلىشىگە، ھۆرمىتىگە ئېرىشىشكە لايىق ئەمەسمۇ؟
بۇ قەدەر خالىس مۇھەببەت ۋە مېھنەت ئۈچۈن ئەرنىڭ
ئاسرىشىغا ۋە كۆيۈنۈشىگە ھەقلىق ئەمەسمۇ؟

«ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر» (سۈرە نىسا 34 -
ئايەت). ئاياللارنىڭ ئۇنىۋېرسال سېلىشتۇرمىدا ئەرلەردىن
ئاجىزلىقى بىر رېئاللىق. ئەر مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە
قارار بېرىشتە ئەقىلگە مايىللىقى، يىراقنى كۆرەرلىكى،
كۆڭلى - كۆكسىنىڭ كەڭ، ئەپۇچانلىقى، جىسمانىي قۇۋ-
ۋەتتە كۈچلۈك، روھىيەتتە ھەم ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستى-
گە ئېلىشقا لايىق يارىتىلغانلىقى بىلەن ئاياللارنىڭ ھامىيلە-
رى ھېسابلىنىدۇ. رېئاللىقىمىزدا ئەرلەر ئۆزلىرىگە يەرز قى-
لىنغان بۇ ھامىيلىقنى قانچىلىك ئادا قىلىۋاتىدۇ؟ بىر ئۇيغۇر
بىلەن توي قىلغان ئەنگلىيەلىك ئايال ئۆتكەن يىلى ئېرى-
نىڭ جەنۇبتىكى يۇرتىغا تۇغقان يوقلاشقا كېلىپ، قايتىشىدا
ئۇرۇمچىدە ئۆز تەسىراتىنى سۆزلىگەن، ئۆزىگە يېقىنلىق
تويۇلغان بەزى ئىشلارنى دەپ كېلىپ: مەن ئۇ يەردە
خېلى كۆپ ئۇيغۇر ئاياللىرى بىلەن ئۇچراشتىم، مېنى
ھەيران قالدۇرغىنى بۇ ئاياللار تولا يىغلايدىكەن، ئۇيغۇر
ئاياللىرى نېمىشقا يىغلايدۇ؟ دېگەن.

«ئۇيغۇر ئاياللىرى نېمىشقا يىغلايدۇ؟» دېگەن بۇ
سوئال نەچچە كۈنگىچە كاللامدا ئەكس ئېتىپ تۇردى
زېمىنىسگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان
تورلۇك كۈلپەتلەردىن قىز - ئاياللىرنى قوغداشنىڭ ئورنە-
غا قوشلاپ تۇرمۇش كۈلپىتى بىلەن ئايالنى قەدىرسىز
قىلغان ئەرلەر كۆپ يەردە ئاياللارنىڭ كۆزى ياشلىق،
دىلى غەملىك، باللارنىڭ روھى سۇنغان، بەختى كەمتۈك
بولىدۇ. «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئەھلى ئايالىغا
ياخشى مۇئامىلىدە بولغىنىدۇر» دېگەن تەلىماتنى ئۇنتۇپ
كەتكەن، كۆزى دۇنيادىن باشقىنى كۆرمەيدىغان ئەرلەر
كۆپ يەردە ئايالنىڭ يىغىسى كۆپ بولىدۇ. مەن ھازىرغى-
چە ئۇچراتقان، سۆھبەتلەشكەن ئاياللار ئارىسىدا ئېرى ھا-
ۋايى - ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆيىنى بۇزغان، باللە-
رىغا ئاتىلىق مېھىر ۋە تەربىيەنى ئەمەس، بىر تىيىن
بەرمەي تۆت - بەش بالىنى بېقىشنى خوتۇنىغا ئارتىپ قو-
يۇپلا، يېڭى خوتۇن بىلەن شېرىن تۇرمۇشنى باشلىۋالغان،
ئانا قۇشتەك باللىرنى پاناھىغا ئېلىپ ھەم ئانا، ھەم
يوقنى بەرپا قىلىدىغان دادا بولۇپ ياشاۋاتقان ئاياللار
خېلى كۆپ. ئۆزىنىڭ «كۆڭلى» ئۈچۈن ئايالى ۋە باللە-
رىنى ھاياتنىڭ گۈزەل نېسىۋىلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ،
موھتاجلىق كوچىسىغا سالغان ئەر لەنەت ئوقلىرىغا كۆمۈ-

لۇشكە لايىق. ئايالى ئۈچۈن، تەربىيەسىز قالغان باللىرى ئۈچۈن ۋەتەن ئالدىدا جاۋابكاردۇر. بىر كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مەن ئايالىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تالاق قىلىمەن» دېگەندە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئايالىڭنى ياخشى كۆرمىسەڭمۇ نىكاھقا ۋاپا، ئائىلىگە رىئايە قىلىش، مەسئۇل بولۇش دېگەنلەر يوقمۇ؟ يوق بولسا دۇنيادىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچى مۇھەببەت بىلەن تولغانمۇ؟» دېگەن. «ھەققەتەن ئاياللار ئەرلەرنىڭ ھەمشىرىلىرىدۇر، ئايالنى ھۆرمەتلىگەن ئەر ئەسلى ئۆزى ھۆرمەتلىك ئەردۇر. ئايالنى خارلىغان ئەر ئەسلى تېگى پەس ئەردۇر.» ئەرەبلەردە مۇنداق بىر ھېكمەت بار: ئايال ئەرگە يوغانچىلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ باش سۆڭىكىدىن يارىتىلمىغان، شۇنداقلا خار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەرنىڭ پۇت سۆڭگەكىدىنمۇ يارىتىلمىغان، بەلكى ئەرنىڭ قانىتى ئاستىدا تۇرۇشى، قەلبىگە يېقىن تۇرۇشى ئۈچۈن قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان.

يامانلىق تۇسىملىرى ئېچىۋېتىلگەن، پىتنە - پاسات كۆپەيگەن زاماندا ئايال خاتالاشسا، ئېزىپ كەتسە، ئۇنى مېھىر - مۇھەببەت ۋە توغرا تەربىيە بىلەن ئائىلىگە قايتۇرۇپ ئەكىلىدىغىنى ئەر بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئەر — ئۇ شەپقەتلىك دادا. چۈنكى، ئەر — ئۇ كۆيۈمچان ئاكا ۋە ئۇكا. چۈنكى، ئەر — ئۇ مەرھەمەتلىك تاغا، چۈنكى، ئەر — ئۇ ئۇلۇغ نىكاھ بىلەن بۇ ئامانەتنى ھالاللاپ ئالغۇچى ئۆمۈرلۈك ھەمراھ.

ئەرنىڭ مۇھەببىتى ئۇ يالغۇز ئايالغىلا بېرىلگەن مۇھەببەت ئەمەس، ئايالنى ھىمايىسىگە ئالغان، تەربىيەلىگەن، ھۆرمەتلىگەن ئەر ئۈممەت سائادىتى بىلەن باغلانغان دىيانەتلىك ئايالنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش بابىدا ۋەتەننى سۆيگەن بولىدۇ، كەلگۈسىنىڭ ئانىلىرى بولغان قىز پەرزەنتلىرىنى ئاتىلىق مۇھەببەت ھەم مەسئۇلىيەت بىلەن ياخشى تەربىيەلىگەن ئەر، ۋەتىنى ئۈچۈن ئۇلۇغ بىر خىزمەت تەقدىم ئەتكەن بولىدۇ. ئۆز ئەھلى ئايالنى ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئىككى دۇنيالىق بەختنى قولىدىن بەرمىگەن، ئائىلىنى بەرپا قىلغان ئەر، ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئائىلىلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بەختى ئېچىلىدىغان، ۋەتەنىنىڭ بەختىگە ھەسسە قوشقان بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرى ئارىسىدا ئايالغا بولغان مۇھەببەتنى، پەرزەنت ۋە ئائىلىگە بولغان بۇرچىنى ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈ ۋە مەسئۇلىيەتكە باغلاپ چۈشىنىدىغان ئەرلەر قانچىلىك چىقار؟

تەلەپنى، ئۆلچەمنى ئاياللارغا قويدۇق. ئەمما ئېيتىمىساق بولمايدىغان رېئاللىق شۇكى، ئۆزىگە پەرز قىلىنغان ئاتىلىق مەجبۇرىيەتنى تونۇغان ۋە ئەڭ ياخشى ئادا قىلغان ئەرلەر بولمىسا، بىز روھى توق، ئانا بولۇش شەرتلىرىنى ھازىرلىغان ساپالىق قىز بولالمايمىز، ئەرلىك مەسئۇلىيەتنى ياخشى ئادا قىلىپ ئايالنى سۆيگەن، قەدىرلىگەن، ئاسرىغان ۋە قوغدىغان ئەرلەر بولمىسا، بىز ئۇلۇغ ئانا ۋە ياراملىق ئايال بولالمايمىز.

رىقابەت ۋە خىرىس ھەممىنى ۋەھىمىگە سالغان، تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئۈستۈنلۈك تالىشىۋاتقان، ئەخلاق ۋە ئەنئەنە قورغانلىرى يىمىرىلىۋاتقان، ماددىي راھەت - پاراغەت ھاياتنىڭ غايىسى قىلىنغان بۇ ئىشلار بىزگە تەسىر كۆرسىتەمەكتە، بىزنى غىدىقلىماقتا. ئاياللار بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ مەركىزىدە تۇرماقتا. قىز - ئاياللار تەربىيەسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھەر بىر شەخس، ھەر بىر ئائىلە، پۈتكۈل جەمئىيەت جىددىي ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. چۈنكى، ئىززىمىزنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلىيالايدىغان، مەڭگۈلۈك بەختنى قولىدىن بەرمەيدىغان پەرزەنت ئاتىلىق شەرىپىنى چۈشەنگەن، ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلانغان، دىيانەتلىك ئايالسىز ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بىز موھتاج بولۇۋاتقان مۇكەممەل ئائىلە ئاياللىق ۋە ئانىلىق ھەقلىرىنى جايىدا ئادا قىلغان تەربىيەلىك ئايالسىز بەرپا بولمايدۇ، يۈكسەلگەن دۆلەت، پەزىلەتلىك جەمئىيەت شەخسىي غەم - قايغۇ ۋە ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ۋەتەن غېمى ۋە ئىستىقبالىغا باغلىيالىغان ئاقىل ئايالسىز بارلىققا كەلمەيدۇ.

قىسمەتلىرىمىز ئايالسىز يېزىلماس، يوللىرىمىز ئايالسىز تۈزەلمەس، ئىستەكلىرىمىز ئايالسىز چېچەكلىمەس.

ئىرىشقانلارغا يەنىلا پۇرسەت ۋە ئۈمىد بار. تارىختىن قالغان ئاچچىق ساۋاق شۇكى، پاجىئەنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ مىدىرلىمىغانلارنىڭ بېشىدا پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلىگىنى چۆرگىلىگەن.

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونىدىن.



كامىلە ئىسرائىل فازىل

# قېرىنداشلىق مېھرى ئىزدەپ

مەن كىچىك ۋاقىتلىرىمدا، ھەتتا ياشلىقىمنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىمۇ «قېرىنداشلىق» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تازا چوڭقۇر چۈشەنمىگەنىكەنمەن. ئۇ چاغلاردا مەن ئاتا-ئانامنىڭ ئىللىق باغرىدا، ئاكا-ئاچامنىڭ ھىمايىتلىرىدا ئۆزۈمنىڭ خالىغىنىنى قىلىپ، ئەركىلىك ھەم بەختىيارلىق ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ قانداق چوڭ بولۇپ قالغانلىقىمنىمۇ سەزمىگەنىكەنمەن. ھەتتا مەن ئاتا-ئانامنىڭ «يەۋال، ئىچۋال، كىيۋال، ئوقۇۋال، ئۆگىنىۋال!» دېيىشلىرىدىن بىزار بولۇپ، بىر تۇغقانلىرىمنىڭ ئەركىلىتىشلىرىدىن قېيداپ دومسىيىپ، گېزى كەلسە يىغلاپ قەغىشلىك قىلىدىغان شۇ چاغلىرىمدا ئۆزۈمنىڭ مىننەتسىز، چەكسىز بىر بەخت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى پەقەت ھېس قىلمىغانىكەنمەن. شۇ بالىلىق مەسۇم چاغلىرىمدىكى بەختىنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئەركىن، ئەڭ غەمسىز چاغلار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئۇنتۇلماس بىر ئەسلىمىلا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھەم بىلمىگەنىكەنمەن. كاشكى، بالىلىققا قايتىپ، ھاياتىمىزنى قايتىدىن باشلىشىمىزغا پۇرسەت بولغان بولسا-ھە؟! ھاياتلىق مانا مۇشۇنداق سىرلىقلىقى بىلەن بىزگە قىممەتلىك بىلىنسە كېرەك؟ مانا مۇشۇنداق ھېكمەتلىرى بىلەن بىزنى تەربىيىلىسە كېرەك؟!

مەن ئۆز ئالدىمغا مۇستەقىل ياشاپ يالغۇزلۇقۇم بىلىنگەندە، يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ مۇساپىرلىق يەتكەندە، «قېرىنداش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئاندىن تولۇق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم، دېمەك، ئادەم بېشىغا ئىش كەلمەي تۇرۇپ چوڭ بولمايدىكەن، ئىش كۆرمەي تۇرۇپ ھاياتلىقنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتمەيدىكەن. قىسقىسى، ئادەم بالىلىق مەزگىلىدە ئەللىيلەنگەن ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ بىر بەخت ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتمەيدىكەن. بەلكى ھايات قىسمەتلىرىدىن سىلكىنگەن ۋاقىتدىلا، ئەقىل كۆزلىرى ئويغىنىشقا باشلايدىكەن. مانا قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن يۇرتۇمغا كېلىپ، ئاتا-ئانامنىڭ ئىللىق كەڭ باغرىدا غەمسىز خۇشال ئۆتكۈزگەن نەچچە كۈن خۇددى نەچچە مىنۇتتەكلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ شېرىن ھىدىغا، ئىسسىق باغرىغا قانمىغاچقىمۇ خۇددى شېرىن چۈشتىن ئويغانغۇسى كەلمىگەن ئادەمدەك، ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالەتتە يېنىش-يېنىشلاپ قۇچاقلاپ، ئىچ-ئىچىمدىن كەلگەن يىغىنى زورىغا يۇتۇپ، كۆزلىرىمدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياشلىرىمنى توختىتالمىغان ھالەتتە خوشلاشتىم. ئايرىلىش يەنە ئايرىلىش! شۇ قەدىردان ئاتا-ئانامدىن، ئىللىق مەھەللەمدىن، ساپ ھاۋالىق يۇرتۇمدىن يەنە ئايرىلدىم. كۆز ئالدىمدىن دادامنىڭ پېشانىمگە سۆيۈپ بەختىمنى تىلەشلىرى، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئامانلىق ھەم ئاق يول تىلەشلىرى، ئاپامنىڭ باغرىغا مەھكەم يېقىپ بېشىمنى سىلاشلىرى كەتمەيتتى. كىچىكىمدە «ئاتا دېگەن تاغ، ئانا دېگەن باغ» دېسە تولۇق چۈشەنمىگەنىكەنمەن. مەن چوڭ بولۇپ ئەقلىمگە يەتكەندە بىلسەم كۈلسەم تەڭ كۈلگىنى، يىغلىسام تەڭ يىغلىغىنى، يىقىلسام يۆلىگىنى، شۇنداقلا ھەر بىر ئىشىمغا تەڭ پايپېتەك بولغىنى يەنىلا شۇ غەمگۈزار ئاتا-ئانام بولۇپتۇ. ئۇلار بىز ئۈچۈن پەرۋانە بولۇپ قاپقارا چاچلىرى ئاقـ

رىشقا، ئاپپاق يۇزلىرى قورۇلۇشقا، قارىغايدەك بوي-
بەستى يادەك ئېگىلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما
ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان ئۇمىدۋار روھى سولماپتۇ، مېھر-
مۇھەببىتى ئۆزگەرمەپتۇ! بۇ نېمىدېگەن ئالىيجاناب روھ،
نېمىدېگەن ئۇلۇغ مۇھەببەت-ھە؟! ئۇلار گەرچە يېنىمدا
بولمىسىمۇ ئۇلارنىڭ شۇ روھى، شۇ مۇھەببىتى مەن بىلەن
بىللە، مەن ئۇلار ئارقىلىق روھىي ئوزۇق ئېلىپ تۇرىمەن،
شۇڭا، مەن يالغۇز ئەمەسمەن! ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئارقى-
لىق كۈچ-قۇۋۋەتكە تولىمەن، شۇڭا، مەن ئاجىز ئەمەس-
مەن! سارغايغان ياپراقلارنىڭ ئىرىنچەكلىك بىلەن لەيلەپ
چۈشۈشلىرى، ماشىنا چاقى ئاستىدا شىرىقلاپ ئاۋاز چىقى-
رىشلىرى مۇجۇلۇۋاتقان يۈرەك-باغرىمنى تېخىمۇ تىلغاپ
ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ چىقىۋاتقان يىغامغا جور بولۇۋاتقاندەك
بىلىنىپ كەتتى. مۇنتىزىم قانۇنىيەت ئىچىدىكى مەۋجۇدى-
يەت ھامان ئۆز يولى بويىچە داۋام ئېتەتتى. يەر يۈزىدىكى
ھەر بىر جانلىق ئۆز ئويى-كويىدا تىركىشەتتى. مەن ھەم
ئىسسىق ماكانىمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، يىگانە قەدەملى-
رىم بىلەن ئۆز مەنزىلىمگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ-تىرمى-
شىپ كېتىۋاتىمەن. ئادەم ھامان مەلۇم توپقا تەۋە، ئۇنىڭ
ئادىمىيلىكى توپ ئىچىدە سىنىلىدۇ ھەم تاۋلىنىدۇ. نەپسانى-
يەتچىلىك، ساختىلىق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن بۇ دۇنيادا
خۇددى چاڭقىغان ئادەم سۇغا تەشنا بولغاندەك، كىشى
كۆڭلى ساپ مېھر-مۇھەببەتكە، ھەقىقىي قېرىنداشلىققا ئىن-
تىزار بولۇپ قالىدىكەن. كونىلاردا «بۇغداي نېنىڭ بولمى-
سا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ؟» دېيىلگەندەك، بۇنداق
چاغلاردا سىزگە كۆيۈنۈپ بىر ئېغىز سەممىي ھال-
ئەھۋال سورىغانلارمۇ ئاجايىپ يېقىن بىلىنىپ كېتىدىكەن.
دەسلەپ تارىخىي كىتابلىرىمىزدا تىلغا ئېلىنغان ساھابىلار
ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ، شۇنداقلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ
تىز پۈكمەس روھى، قېرىنداشلىق ساداقىتى، مېھر-مۇھەب-
بىتى مېنىڭ قەلبىمنى ھاياجانغا سالغان بولسا، كېيىن كىشى-
لىك ھاياتىمدا ئۆزۈم يېڭىشكە ئاجىز كەلگەن بەزى مۈش-
كۈللىرىمنى تەڭ يېڭىشكەن ئالىيجاناب كىشىلەر «قېرىن-
داش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئۆز ئەمەلىي-
تى بىلەن چۈشىنىشىمگە نائىل قىلغانىدى. شۇڭىمىكىن،
«قېرىنداش» دېگەن بۇ سۆز ماڭا چوڭقۇر مېھر-مۇھەب-
بەتنى ھېس قىلدۇراتتى. ماڭا ئاجايىپ خۇشاللىق، ئۈمىد
ھەم تەسەللى ئېلىپ كېلەتتى. شۇڭا، بۇنداق مۇناسىۋەتتىن
سۆيۈنىمەن، پەخىرلىنىمەن ھەم قەدىرلەيمەن، قېرىنداشلىق
بۇرچۇمنى كۈچ مادارىمنىڭ يېتىشىچە يەتكۈزۈشكە ئىنتىلى-
مەن.

مېھر-مۇھەببەت سۇسلاپ كېتىۋاتقان بۇ دەۋردە،
«قېرىنداش» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۈستىدە قايتا-قايتا ئويلى-
نىپ قالدىم. ئاڭلىماققا «قې + رىن + داش» دېگەن بۇ
ئۈچ بوغۇملۇق سۆز مەنىسىدىن بىر قېرىندىن يەنى، بىر
قورساقتىن چۈشكەن قانداش بىر تۇغقانلارغىلا قارىتىلغان-
دەك بىلىنىدۇ. ئۇنى سەل چوڭقۇر چۈشەنسەك، بىر ۋە-
تەننىڭ تۇپرىقىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بارلىق ۋەتەنداش
مىللەتكە قارىتىلىدۇ. دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىلتىزى
بىر. شۇنداق تۇرۇپ زادى نېمە ئۈچۈن بىر دۇنيادا ياشا-
ۋاتقان ئادەملەر ئىتتىپاق ياشالمايدىغاندۇ؟ دېگۈمىز كېلى-
دۇ. بۇ چوڭ جەھەتتىن سىياسەت، قانۇن، تارىخ، جۇغرا-
پىيە، دىن، مەدەنىيەت، ئىقتىساد قاتارلىق نۇرغۇن ساھە-
لەرگە چېتىلىدىغان مۇرەككەپ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە
ئېلىشى مۇمكىن. جۈملىدىن، توختىلىۋاتقىنىمىز «قېرىن-
داش» ھەققىدىكى ئاددىي تېما بولۇپ، ساغلام بىر جەمئى-
يەت قۇرۇشتا، ئۇنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئورنىنى
سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئىچىمىزدىكى بەزى ئىتتىپاقسىز-
لىقنىڭ تۈپ يىلتىزى، دەل مۇشۇ «قېرىنداش» ئۇقۇمىنى
ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن چۈشەنمىگەنلىكىمىزدىن كېلىپ چى-
قىۋاتىدۇ دېسەك خاتا بولماس. مەن نۇرغۇن كىشىلەردىن:
«سىزگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلەلەيدىغان بىرەر يېقىن قېرىن-
دىشىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىغىنىمدا، كۆپىنچىسى «يوق»
دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟! ئەلۋەتتە، بۇنىڭ-
مۇ نۇرغۇن سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىز ئۆزىمىز-
گە ھەم ئەتراپىمىزغا قاراپ باقساقمۇ بولىدۇ. ئاددىيسى،
بىز كۆپ ھاللاردا ئۆز مەنپەئەتىمىزنى بىرىنچى ئورۇنغا
قويۇۋالىمىز. شۇڭا، ئۆزىمىزگە نەپ يېتىدىغانلارغا
بەكرەك كۆڭۈل بۆلىمىز. ئەگەر ئۆزىمىزدە باشقىلارغا
نىسبەتەن بىرەر ئارتۇقچىلىقنى سەزسەك، شۇ ھامان شۇ
تەرىپىمىزنى پەش قىلىپ كۈچلۈك ئورۇنغا ئۆتۈۋالىمىز.
ئۆزئارا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ مەنمەنلىك تالىشىمىز.
بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە سەممىي، ئادىل، باراۋەر مۇئامى-

لە قىلالمايمىز. شۇ سەۋەبتىن ئـالا كـۆڭۈللۈك پـەيدا بولۇپ، بىر-بىرىمىزگە ئىشەنمەيمىز، ئىشەنچ بولمىغانكەن ئۈملۈك بـولمايدۇ. ئۈم-ئىتتىپاقلىق بـولمىسا غـالىبلىقتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋالدا خارلىق، ئازغۇنلۇق ھەم نادانلىق يىلتىز تارتىپ، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئۇچۇپ يۈرىدىغان قامغاقتەك نام-نىشانسىز، ماكانسىز بولۇپ قالىدۇ.

مۇقەددەس كىتابلىرىمىزدا «قېرىنداشلىق» مۇناسىۋىتىنىڭ بىر بىنانىڭ خىشلىرىغا، بىر تەننىڭ ئەزالىرىغا ئوخشاش يېقىن، ئىجىل بولىدىغانلىقى، بىر-بىرى بىلەن سۈركۈشۈشنىڭ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگەن بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنى بىنانىڭ بىر خىشى كەم بولسا ئۇنىڭ مۇستەھكەم بولمايدىغانلىقى، بىرەر ئەزايىمىز ئاغرىسا يەنە بىر ئەزايىمىزنىڭمۇ بىئارام بولىدىغانلىقى، شۇڭا، بىر-بىرىمىزگە سەمىمىي، سادىق بولۇپ، خۇددى گۆش بىلەن ياغدەك ھايات-ماماتتا بىللە بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئاتا-بوۋىلىرىمىزمۇ ئۇنىڭدىن ئۇلگۈت ئېلىپ تالاي ئەمەلىيەت ھەم نەسىھەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىشقا بولىدۇكى، «قېرىنداشلىق» — ئۆزئارا نەسەب، مەزھەپ، مەنسەپ ئايرىپ، يۇرت، سورۇن، دەرىجە ئايرىپ بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئەمەس، بەلكى ھەققانىي، ئادىل، باراۋەر بولۇپ ئۈملىشىپ، يۈپۈشۈپ ئۆتۈش. بىر-بىرىگە ئاداۋەت تۇتۇپ قېرىشىش، دۈشمەنلىشىش ئەمەس، بەلكى بىر-بىرىگە كەڭ قورساق بولۇپ ئەپۇچان، سەۋرچان، قانائەتچان بولۇش. بىر-بىرىنى پۇتلاش، غاجىلاش، چېقىش، ئەيىبىنى ئېچىش، ھەتتا تۆھمەت قىلىش ئەمەس، بەلكى ئەيىبىنى يېپىپ جاراھىتىگە مەلھەم بولۇش، كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ يار-يۆلەك بولۇش، ئارتۇقچىلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئىلھاملاندۇرۇش ھەم ياخشىلىققا يېتەكلەش. بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىش ئەمەس، بەلكى بىر-بىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھۆرمەتلەش ھەم قەدىرلەش. بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىش ئەمەس، بەلكى سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش ھەم قوللاش. بىر-بىرىنى كەمسىتىش، چەتكە قېقىش ئەمەس، بەلكى كۈچ-مەدەت بېرىش، ئاسراش ھەم قوغداش. قىسقىسى، بىر-بىرىگە ئازار بېرىش ئەمەس، بەلكى دەردىگە دەرمان بولۇش! «قېرىنداشلىق» — دۇنيالىق نەپسى ئۈستىگە قۇرۇلغان تىجارەت ئەمەس، بەلكى يۈكسەك ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇلغان ئادىمىي بۇرچ. «قېرىنداشلىق» — ئېغىزدىكى يەل، قەلەمدىكى سىياھ ئەمەس، بەلكى تومۇر-تومۇرلاردىن ئۇرغۇپ چىققان ۋىجدانىي ئىنكاس. «قېرىنداشلىق» — ھەرقايسى يىغىلىش ياكى قاراتمىلاردا جاكارلايدىغان نام-ئابرۇينىڭ كوزىرى ئەمەس، بەلكى ئوڭ قولنىڭ بەرگىنىنى سول قول بىلمىگىدەك ئىپادىلەيدىغان چىن يۈرەكنىڭ ھۆزۈرى. قىسقىسى، «قېرىنداشلىق» — سېنىڭ مېنىڭ دېمەيدىغان مىننەتسىز دوستلۇق. «قېرىنداشلىق» — ھېچقانداق بەدەل تەلەپ قىلمايدىغان تەمەسىز دوستلۇق. «قېرىنداشلىق» — بىر-بىرى ئۈچۈن قۇربانلىق بېرەلەيدىغان ھېسابسىز دوستلۇق. خۇددى ئاتا-ئانىلار باللىرىغا، ئاشىقلار مەشۇقلىرىغا پىدا بولغاندەك. «ھېسابلىق دوست ئايرىلماس» دېگەنلىك — بىر-بىرىگە ئۆتكۈزگىنىنى ھېسابلاش ئەمەس، بەلكى بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدىكى ماددىي ياكى مەنىۋى ھەقلىرىنى ئادا قىلىش تېگىشلىك بولغان ئادىمىي قەرز ھەم پەرز ئىكەنلىكىنى تونۇش، شۇنداقلا ئۇنى ئادا قىلغان-قىلمىغانلىقىنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ تۇرۇش دېگەنلىك. «باشقىلارغا بەرگىنىڭنى ئۇنۇت، بەرگىنىنى ئۇنتۇما» دېگەن ھېكمەتمۇ بۇنىڭغا جاۋاب بولالايدۇ. مانا بۇلار ھەقىقىي قېرىنداشلىق! ھەقىقىي ساپ مېھىر-مۇھەببەت! بۇنداق مېھىر-مۇھەببەتتىن تۈپلانغان كۈچ-قۇدرەتكە دۇنيادا ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ھېچقانداق نەرسە ھەم ئايرىۋېتەلمەيدۇ، ھەم ئازدۇرۇپمۇ ئالالمايدۇ. ھەرقانداق بىر ئەمەلنىڭ غەلىبىسىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ. ئاڭلىماققا، بۇ ھازىر ئېرىشكىلى بولمايدىغان غايىۋى نەرسىدەك بىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ بىزدىن ئىلگىرىكىلەر ۋە بىزلەردىن بىر قىسمىمىز ئېرىشكەن ھەقىقەت، بىزگە ئوخشاش ئادەملەر ئورۇندىغان ھەم ئورۇنداۋاتقان رېئاللىق.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال بىزدە ئورتاق تونۇش، ئورتاق ئەقىدە ھازىرلىنىشى كېرەك. ئەكسىچە ئاسان ھاياجانلىنىش، ئاسان ئۆزگىرىش، ئاسان ئەگىشىش ھەم ئاسان ئېزىپ كېتىش، ھەتتا ئازراق نەپسى ئۈچۈن بىر-بىرىنى قاقتى-سوقتى قىلىشلار بىزلەردىن ئەمەس قېرىنداشلار! «ھەرقانداق بىر قوۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.» دېيىلگەندەك، قېرىنداشلىق ئاۋۋال ئۆزىمىز، ئائىلىمىز ھەم

قوۋمىمىزدىن باشلىنىدۇ. چۈنكى، ئۆزىنى، ئائىلىسىنى ھەم قوۋمىنى سۆيمىگەن ئادەم باشقىلارنىمۇ سۆيەلمەيدۇ. ئاددىيسى، بىر ئادەمنىڭ ئۆز قەدىر-قىممىتىنى تونۇشى ھەم ھۆرمىتىنى ساقلىشى، بىر ئائىلىدىكى ئەر-ئاياللىڭ ئائىلىسىدىكى مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتلىرىنى ياخشى ئادا قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ بىر مىللەتنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسى ياكى پەرزەنتى بولۇشتەك بۇرچىنى تونۇپ يېتىشى، بىر-بىرى بىلەن قان قېرىنداش بولۇشتەك ھەقىقەتنى ھەر ۋاقىت ئۇنۇتۇماسلىقى ئۆز قوۋمى ھەم جەمئىيىتى ئۈچۈن قاتقان تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر تال مايسا سۇ ۋە ھاۋادىن بۆلەك قۇياش ئېنېرگىيەسىگە موھتاج بولغاندەك، ئادەممۇ ماددىي ئېستېماللىرىنى تولۇقلىيالايدىغان مېھىر-مۇھەببەتكە موھتاج بولىدۇ. ھاياتىدىكى بەخت تۇيغۇسىنى ئۇ ئارقىلىق تېپىدۇ. نېمىگە ئىشىنىشنى، نېمىگە ئەگىشىشنى ساغلام قەلب تونۇيدۇ. قەلب روھىيەتنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. روھىيەت پىكىرگە، پىكىر ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بىرەر ئىشنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىش-چىقماسلىقى يەنىلا قەلبتىن ئىبارەت قوماندانغا باغلىق بولىدۇ. قەلب ھەقىقەت ئارقىلىق ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ، مېھىر-مۇھەببەت ئارقىلىق ياشنايدۇ. ئەگەر ئائىلە ياكى قوۋم قېرىنداشلار ئارا بۇ ئوزۇق كەم بولسا، ئۇنى ياتلاردىن ئىزدەپ قېلىشى مۇمكىن. ھەتتا ئۆز نەپسى ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان، ئۆز ئادىمىلىكىگە چەك قويمايدىغان بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ ھەم ماددىي نەرسىلەرگە زىيادە بېرىلىپ كېتىش، ھەتتا چوقۇنۇش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: كىشىلەرنىڭ نام-شۆھرەت، مال-دۇنيا ھەم راھەت-پاراغەتنى چوڭ بىلىپ كېتىشى، ھەر خىل ئېقىملارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىشى، ئۆز شەخسىيىتىنىلا مەركەز قىلىپ چارپايلاردەك ياشىشى، ھەتتا بۇ ئىللەتلەرنى ئەتراپىدىكىلەرگە يۇقتۇرۇپ، ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرۇشى... قاتارلىقلار. ئەگەر ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كېلىپ، نېمە ئۈچۈن كېتىدىغىنىنى تونۇپ، بىھۇدە خوراپ كېتىۋاتقان ۋاقتىنى، ئەقلىنى، ئىقتىسادىنى ھەم سىڭدۈرگەن ئەقىدىسىنى ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، شۇنداقلا ۋەتەن-خەلقىگە مەبلەغ قىلىپ سالغان بولسا، قەلبى ھەقىقىي ئەمىنلىككە ئېرىشكەن، دۇنيا ھەقىقىي گۈزەللىككە تولغان بولاتتى ھەم شۇنداق بولغۇسى!

ئومۇمەن، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشتە، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ رولى بار دەپ قارايمەن:

1. دۇنيادا كەم-كوتىسىز ئادەم بولمايدىكەن. مەيلى ئۇ قايسى ساھەدىكى ئالىم، ئۆلىما بولۇشىدىن قەتئىينەزەر؟! «موللامنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دېگەن سۆز ئەسلىي پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغانىكەن. ئىنسان بىر-بىرىنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ ئۆملىشىپ ئۆتەلەيدىكەن. ئەگەر ئۇ بىر قەدەم يولنى خاتا باسسا ئۇنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايدىكەن. «ئانىماقنىڭ بەرمىكى بار» دەپ ھەممە نەرسىنىڭ ھېسابى بولىدىكەن. مانا بۇ ھاياتلىقنىڭ ھېكمىتى بولسا كېرەك؟!

2. ئىنسانلار مېھىر-مۇھەببەت ئىزدەيدىكەن، ئەمما ئۇنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەيدىكەن. كۆپىنچە بىر-بىرىدىن مېھىر-مۇھەببەت تەلەپ قىلىدىكەنۇ، ئۆزلىرى تەشەببۇسكار ئورۇندا بولالمايدىكەن. گاھىدا بىر ئېغىز ئەھۋال سوراشقا ياكى بىر ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويۇشقىمۇ پىخسىقلىق قىلىدىكەن. باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى لوپا ئەينەك بىلەن كۆزەتكەن بىلەن، ئۆزىنى شۇنداق كۆزىتىپ باقمايدىكەن. باشقىلارنى ھامان ئۆز ئىدىيەسى بىلەن باھالاشقا ئالدىرايدىكەن. ئادەم ھايات ۋاقتىدا ياكى قولىدا بار ۋاقتىدا، بىر-بىرىنىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يېتىپ كەتمەيدىكەن. «كالىنىڭ مۆگگۆزىگە ئۇرسا تۇۋىقى سىقىراپتۇ» دەپ بىر-بىرىنىڭ ئازابىنى كۆرسە چىدىمىغىنى بىلەن، نۇرغۇن ئىشلارغا سەل قاراپ قالىدىكەن. مانا بۇ ئىنساننىڭ ئەڭ ئاجىز تەرىپى بولسا كېرەك؟!

3. ئىنسان نەپسانىيەتچى ھەم قانائەتسىز بولىدىكەن. شۇڭا ئۆزىنىمۇ بىلىپ-بىلمەي ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىكەن. ھامان ئۆز نەپسى بويىچە ئىش كۆرىدىكەن، بىرىگە ئېرىششە يەنە بىرىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ قالىدىكەن. خۇددى «قورسىقى تويسىمۇ كۆزى تويماپتۇ» دېگەندەك. گەرچە دۇنيا ئىنساننىڭ مۇشۇ نەپسى ھەم قانائەتسىزلىكىنىڭ تۈرتكىسىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئادەمىي خىسلەت ھەم ئىنسانىي پەزىلەت يوقالسا دۇنيا ھامان ھالاك بولۇشقا يۈزلىنىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق نەرسە ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىدىكەن، ھامان مەغلۇپ

بولماي قالمايدىكەن. مانا بۇ ئادەمىيلىككە، شۇنداقلا بارلىق مەۋجۇدىيەتكە قويۇلغان چەك بولسا كېرەك؟!

4. ئىنسان قەلبى ئىنتايىن نازۇك بولىدىكەن. ئازراق ئىشتىن خۇش بولسا، يەنە ئازراق ئىشتىن خاپىمۇ بولۇپ قالىدىكەن. چۈنكى قەلب ھەقىقەت قورغىنى، مېھىر-مۇھەببەت گۈلشىنى. شۇڭا ئۇ زەررىچە تەگكۈسىزلىكنى، ناھەقچىلىكنى ھەم كۆڭۈلسىزلىكنى سىغدۇرالمايدۇ. «ئىنساننىڭ بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بار. ئۇ تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. ئۇ بولسا يۈرەكتىن ئىبارەت.» (سەھىھۇل بۇخارى) دېيىلگەنىدەك، ئادەم ئاۋۋال توغرا نىيەت بىلەن ھەقىقەت يولىدا ماڭىدىكەن، گەرچە ئۇ جاپالىق بولسىمۇ ئىشلار ھامان ياخشىلىنىدۇ. زەررىچە ساختىلىق ئارىلاشتۇرىدىكەن گەرچە ئاسان نەتىجىگە ئېرىشسىمۇ ئىشلار ھامان يامانلىشىدۇ. دۇنيا مانا مۇشۇنداق يۈكسەك ھەقىقەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەگەر بۇ ھەقىقەت ئېتىبارغا ئېلىنمىسا دۇنيامۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىسا كېرەك؟!

5. ھەممە ئادەم ئۆز ئىدىيەسى بىلەن ياشايدىكەن. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىرسىيىتى، ياشىغان مۇھىتى ۋە ئالغان تەربىيەسىگە قاراپ، ئۇنىڭ مىجەز ۋە خاراكتېرىدە پەرق بولىدىكەن. تېببىي ھەم پسىخولوگىيە ئىلمىدا ئىنسانلار سەپرا، سەۋدا، كۆپ قان، بەلغەم قاتارلىق تۆت خىل مىجەز تىپىغا ئايرىلىدىكەن. مەسىلەن: ئادەملەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ مىجەزى ئىنتىك، بەزىلىرىنىڭ ئېغىر-بېسىق، بەزىلىرى مۇلايىم، بەزىلىرىنىڭ شوخ بولۇشى مۇشۇ سەۋەبتىنكەن. خۇددى «قان بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەنىدەك، ئادەملەرنىڭ مىجەزى ئىرسىيەتتىن كەلگەچكە ئاساسەن تۇراقلىق بولىدىكەن. ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى بولسا مۇھىت، تەربىيەنى ئاساس قىلغان ھالەتتە، شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. مەسىلەن: بەزىلەرنىڭ مۇكەممەللىكنى قوغلىشىشى، بەزىلەرنىڭ ياردەم بېرىشكە ئامراق، بەزىلەرنىڭ باشقۇرۇشقا ئامراق بولۇشى، بەزىلەرنىڭ پائالىيەتچان، بەزىلەرنىڭ تارتىنچاق، بەزىلەرنىڭ رومانتىك، بەزىلەرنىڭ گۇمانخور، بەزىلەرنىڭ راھەتپەرەس، بەزىلەرنىڭ تىنچلىقپەرۋەر بولۇشىدەك. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنسە كېرەك؟!

دېمەك، ئىنسان تۇغما يامان بولمايدۇ. ئۇنىڭ خاتا ئوي-پىكىردە بولۇشى ياكى خاتا ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويۇشى، كېيىنكى ئۆسۈپ-يېتىلىش داۋامىدا مەلۇم ئىشلارنىڭ تەسىر قىلىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلسە تۈزەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنى چۈشىنىشى مۇھىم. ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرەلەيدىغان كۆز، كەمچىلىكنى سىغدۇرالايدىغان قەلب بولۇش بىلەن بىللە يەنە، بۇ ئىككى تەرىپىنى توغرا ھەل قىلىپ كېتەلەيدىغان ئەقىل بولۇشى كېرەك. بۇلارنىڭ ئازماي داۋاملىشىشىدا، تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغىنى يەنىلا توغرا بولغان ئېتىقاد ياكى قىممەت قاراش. بىز كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆپرەك كۆرسەك ھەم كۆيۈنسەك، كەمچىلىكى ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم ھۆرمەتكە، قوللاشقا، شۇنداقلا خۇشاللىققا موھتاج. شۇڭا بىر ئادەمگە باھا بېرىشتە، پەقەت سۆز-ھەرىكىتىگە قارىماستىن ئاۋۋال ئۇنىڭ نىيەت-مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر. خۇددى، دوختۇر بىمارنى داۋالاشتا ئاۋۋال كېسەللىك ۋىرۇسىنى ئېنىقلىغاندەك. كىشىلەرنىڭ نىيەت-مەقسىتى ئادەتتە ئۇنىڭ پوزىتسىيەسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. پوزىتسىيە ئۇنىڭ ھەرىكەت ئەندىزىسىنى بەلگىلەيدۇ، بۇ خۇددى «ئادەت خاراكتېرنى، خاراكتېر تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ» دېيىلگەنىدەك. دېمەك، مىجەز ئادەمدە تۇغما بار بولغان بىيولوگىيەلىك ھادىسە، خاراكتېر كېيىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ھادىسە. شۇڭا ھەر بىر ئادەمنى ئۇنىڭ مىجەز، خاراكتېرى بويىچە چۈشەنسەك ھەم مۇئامىلە قىلساق، بۇ شۇ كىشىگە نىسبەتەن ئادىللىق بولىدۇ. ھەم توغرا مۇناسىۋەت ئورناتقىلى بولىدۇ مەسىلەن: سەپرا مىجەز تىپىدىكىلەر — روھلۇق، قىزغىن، ئوچۇق-يورۇق، بىراق ئاچچىقى يامان بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىل تىپتىكىلەر قەيسەر، كەسكىن، ئىزچىللىقتەك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئاسان شەكىللەندۈرەلىسىمۇ، كەيپىياتىنى كونترول قىلىشتەك خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشى تەسكە توختايدۇ. كۆپ قان مىجەز تىپىدىكىلەر — شوخ، سەزگۈر، ئالاقىگە ماھىر، بىراق سەۋرچانلىقى كەمچىل بولىدۇ. بۇ تىپتىكىلەر قىزغىن، ئوچۇق-يورۇق، چىقىشقاق خاراكتېرنى شەكىللەندۈرەلىسىمۇ، سەۋرچان، ئىنچىكە خاراكتېر ئالاھىدىلىك-

نى يېتىلدۈرۈشى تەسكە توختايدۇ. سەۋدا مىجەز تىپىدىكىلەر — ناھايىتى سەزگۈر، زىل، بىراق گۇمانخور بولىدۇ. بۇ تىپتىكىلەر ئوچۇق، كەسكىن، ئەستايىدىل خاراكتېرنى شەكىللەندۈرەلىسىمۇ، قىزغىن، چىقىشقاق خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشى تەسكە توختايدۇ. بەلغەم مىجەز تىپىدىكىلەر — ئەستايىدىل، ئىشلارنى تەرتىپلىك قىلىدۇ، بىراق قىزغىنلىقى تۆۋەنرەك بولىدۇ. بۇ تىپتىكىلەر سەۋرچان، ئېغىر-بېسىق، ئىنچىكە خاراكتېرنى شەكىللەندۈرەلىسىمۇ، ئوچۇق-يورۇق خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشى تەسكە توختايدۇ. بۇ مىجەز-خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىق-كەمچىلىكلىرى بار بولىدۇ. شۇڭا ھەر بىر تىپنىڭ خاسلىقىغا ھۆرمەت قىلىپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ياردەم قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق مەيلى ئائىلىمىزدە بولسۇن، مەيلى جەمئىيەتتە بولسۇن قېرىنداشلار ئارا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرگىلى ھەم مېھىر-مۇھەببەتنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. بۇ ئالەمدىكى ھەر بىر نەرسە ئەنە شۇنداق رەڭدارلىقى بىلەن گۈزەل ھەم مەنىلىك! ئەنە شۇنداق خاسلىقى بىلەن ئەھمىيەتلىك! مۇھىمى، بىزنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيەمىزدە.

جەڭچى جەڭدە سىنالغاندەك قېرىنداش قىيىنچىلىقتا سىنىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھاياتلىقنىڭ ئۆزى بىر جەڭ. دۇنيا چوڭ بىر جەڭ مەيدانى، ئازدۇرغۇچى دۇنيا زىننەتلىرى بىز ئۈچۈن رەقىب، توغرا ئېتىقاد (ياكى قىممەت قاراش) بىز ئۈچۈن كومپاس، ئىلىم ھەم ئىقتىساد بىز ئۈچۈن قورال، ئەخلاق-پەزىلەت بىز ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت، قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببىتى بىز ئۈچۈن ئوزۇقتۇر.

2012-يىلى 10-نويابىر

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى «فازىل» قىز-ئاياللارنى تەربىيەلەش ھەم پسىخىك مەسلىھەت بېرىش مەركىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى




# خەلقنى تۈزەش تەسمۇ ياكى ئەمەلدارلارنىمۇ؟

زۇ شيۇك

بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلدار بىلەن پۇقرالارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە گەپ ئېچىش ھەقىقەتەن ناھايىتى قىزىقارلىق. ئەمەلدارلارنىڭ نەزەرىدە كاززاپ پۇقرالار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، ئەكسىچە، پۇقرالارنىڭ نەزەرىدە بولسا گاللىۋاڭ ئەمەلدارلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۇ ئەھۋالغا ئىزاھ بېرىش توغرا كەلسە، ئىختىيارسىز ھالدا كىشىنىڭ ئېسىگە خەن خەننىڭ: «بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەت — خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئەقىل بۆلۈنمىسى بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ كۈنسايىن چېكىنىپ بېرىۋاتقان ئەخلاقىي ساپاسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت» دېگەن بىر جۈملە سۆزى كېلىدۇ.

دەرۋەقە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ ئۇچرىشىشىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى، ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىساد، سىياسىي قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەرگە بولغان ئېھتىياجىمۇ كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھازىر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرى ئەمەس؛ لىن بياۋ، تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ ئەلگە

تەرجىمە كۆزنىكى

نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى ئەخمەق قىلىدىغان دەۋرى تېخىمۇ ئەمەس. ھالبۇكى، بىزنىڭ بىر قىسىم ئەمەلدارلىرىمىز يەنە شۇ بۇرۇنقى كونا مۇقامغا دەسسەپ ماختاپ ئۇچۇرۇش، خۇشامەت سۆزلىرى بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەكتە. خەلق بۇنىڭدىن نارازى، ئەسلىدە بۇنى كەچۈرۈۋېتىشكىمۇ بولاتتى، بىراق، بۇنداق ئەمەلدارلارنىڭ نەزەرىدە ئەنە شۇنداق پۇقرالار كاززاپ پۇقرالار بولۇپ، تۈزەش ناھايىتى تەس.

ئۇنداقتا، جۇڭگو پۇقرالىرى ھەقىقەتەن شۇنداق «كاززاپ»، تۈزەش ھەقىقەتەن شۇنچە تەسمۇ؟ مېنىڭچە سېلىشتۇرغاندىلا، ئاندىن بايقىغىلى بولىدۇ. ئوخشاش بىر جۇڭگولۇقلار بولغان تەيۋەندە پۇقرالار پەقەت بىر ئايلىق كىرىمىنىڭ بەشتىن بىرىنى سەرپ قىلسىلا، پەرزەنتلىرىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتالايدۇ؛ بىراق، ئۇلار ئوقۇش پۇلى يۇقىرى، دەپ ئاغرىنىپ، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئالدىدا كۈچ كۆرسىتىپ نامايىش قىلغان. ھالبۇكى، چوڭ قۇرۇقلۇقتا، پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق كىرىم ۋە تەئەللۇقاتىنى دوغا تىكىپلا قالماي، ھەتتا تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە، بانكىلارغا قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلغاندىلا، ئاندىن پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشىنى تاماملىيالايدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى كۈچ كۆرسىتىپ نامايىش قىپتۇ، دېگەننى

بىز قاچان ئاڭلاپ باقتۇق؟ لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك
تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئەنگلىيەلىك ئىشچىلار ئىش تاشلىدى،
جۇڭگودا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا جۇڭگو ـ
لۇق ئىشچىلار ئىش تاشلىدىمۇ؟ جۇڭگونىڭ پۇقرالىرى ئەمەل ـ
يەتتە سەممىي، ئاق كۆڭۈل؛ ئۇلارنىڭ تىرىشىپ قولغا كەلتۈر ـ
مەكچى بولغىنى ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقلىرى، يەنى: خاتىرجەم
ئولتۇرۇپ بىر ۋاقلىق غىزالىنىش، ياتىدىغان ئۆيى بولۇش،
مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان، كېسىلنى كۆرستەلەيدىغان بولۇش،
بىر قەدەر مۇقىم خىزمىتى بولۇش؛ بىر قىسىم ئەمەلدارلار: «بىز
ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىشى ـ
مىز كېرەك» دەپ كۈندە ۋارقىرايدۇ. بىراق، خەلقنىڭ بۇ تۈپ
مەنپەئەتلىرى كاپالەتكە ئىگە بولدىمۇ؟ پۇقرالار ئاز ـ تولا نارا ـ
زى بولۇپ غۇدۇڭشىپ قويسىمۇ بولمامدىكەن؟ بۇنداق ئەمەل ـ
دارلارنىڭ پۇقرالارنى «كاززاپ» دەيدىغانغا نېمە سالاھىيىتى
بار؟

قارايدىغان بولساق، بەزى ئەمەلدارلارنىڭ گەپ ـ سۆزلە ـ
رى ھەقىقەتەن قاملاشمىغلى تۇردى. بۇ بىر قانچە يىلدىن
بۇيان ئادەمنىڭ گېپىگە ئوخشمايدىغان نۇرغۇن گەپلەر
شۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتىدۇ: «سەن پارتىيەگە ۋاكالىتەن
گەپ قىلىۋاتامسەن ياكى پۇقرالارغىمۇ؟»، «گاندوك ئېلىۋال ـ
ساڭ باسقۇنچىلىق قىلىش ھېسابلانمايدۇ»، «پەيتى كەلگۈچە
چىرىكلەشمەي سەۋر قىلىش كېرەك»... بىز بۇنداق مۇتەھەم ـ
لەرچە گەپلەرنى كۆپ ئاڭلاپ تۇرىمىز، بۇنداق ئەمەلدارلار
يەنە نېمىلەرنى دېمەيدۇ، بۇنىسى ماڭىمۇ قاراڭغۇ.

ئۇلار يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى قىلىپلا قالماي يەنە خا ـ
لىغانچە ئەسكىلىكمۇ قىلالايدۇ. قاتناش ۋەقەسى يۈز بەرسە،
مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئاۋۋال ئويلايدىغىنى مۇۋاپىق
ئۇسۇل بىلەن ئادەم قۇتقۇزۇش بولماستىن، بەلكى تېزرەك بې ـ
سىقتۇرۇش. شۇاڭلىۇ ناھىيەسىدە «ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش
خىزمەت ئەترىتى» قۇرۇلۇپ، ئۆي چېقىش ـ كۆچۈرۈش ئىشلى ـ
رىدا مەخسۇس پۇقرالارنى بوزەك قىلىشقا مەسئۇل بولغان. ما
چېڭ شەھىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پارتا ـ ئو ـ
رۇندۇقلارنى مەكتەپكە ئۆزلىرى ئاپىرىپ ئوقۇغان، بىراق،
شۇ يەردىكى ئەمەلدارلار داڭلىق ماركىلىق سائەت تاقاپ، ئالىي
دەرىجىلىك خىزمەت بىنالىرىدا تۇرغان، بۇنداق مىساللار
ھەددى ـ ھېسابسىز.

بىراق، بىزنىڭ ئادەتتىكى پۇقرالىرىمىزنىڭ ئاشۇ ئەمەل ـ
دارلارنىڭ ئورنىنى ئېلىۋېلىشقا ھەقىقەتەن ئامالى يوق. ئۇنداق
ئەمەلدارلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ئاشكارىلىغانلىق سەۋەبىدىن
ئۆلكە ئاتلاپ قوغلاپ تۇتۇلدى. بەزى يەرلىك ئەمەلدارلار بېي ـ
جىڭغا ئەرزگە بارغان ئاممىغا قارىتا «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەر ـ
تىش» ئېلىپ باردى، روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا ئاپى ـ
رىپ قويدى. بەزى جايلاردا ئىش چىقىۋىدى، ئەمەلدارلار بىر
نەچچە دېھقان ئىشلەمچىلەرنى تېپىپ جىنايەتچى قىلىپ قويۇپ
قۇتۇلدى. ھەقىقەتەن مەسئۇلىيىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانلار يا ـ
مىنىغا كەلگەندە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى ـ يۇ، ئۇزاق ئۆتمە ـ
يلا يەنە قايتا ۋەزىپىگە قويۇلدى ياكى ئۆستۈرۈلدى. بۇ ئەمەل ـ
دارلار تېگىشلىك جازاسىنى تارتمايلا قالماي، ئارقا تىرىكىم بار
دەپ تېخىمۇ غەمسىز، قورقماس بولۇپ كەتتى، بىز پەقەت تىكى ـ
لىپ قاراپلا تۇرالىدۇق.

بىز دائىم: «خەلق ــــ دۆلەتنىڭ غوجايىنى، رەھبىرىي كا ـ
دىرلار بولسا خەلقنىڭ چاكىرى» دەيمىز. بىراق، ھازىر غوجا ـ
يىن يەنىلا چاكارنى كۈتۈۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ چاكارنىڭ خو ـ
رىكى ناھايىتى ئۈستۈن. بەزى ئەمەلدارلار «خەلقنىڭ چاكى ـ
رى» دېگەننىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى خېلى بۇرۇنلا ئۇنتۇپ، ئۆ ـ
زىنى خەلق بىلەن قارشىلاشتۇرۇپ بولدى. ئەگەر ھوقۇق يەنە
مۇشۇنداق ئەمەلدارلارنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىشىگە قويۇۋېتىل ـ
سە، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن.

قىسقىسى، ئەمەلدارلارنى تۈزەش خەلقنى تۈزەشتىن
قىيىن، ھەم تېخىمۇ مۇھىم. ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئىجتىمائىي
تۇرمۇشتىكى يېتەكچى كۈچ، شۇڭا ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ـ
گە تېخىمۇ مەسئۇل بولۇشى كېرەك. بىز ھەرگىزمۇ ئەمەلدار ـ
لارنىڭ خاتالىقلىرىغا چەكسىز سەۋر ـ تاقەت قىلالماسلىقىمىز، ھەم
پۇقرالارنىڭ ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ مۇكەممەل، نۇقسان ـ
سىز بولۇشىنى تەلەپ قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئالايلۇق، ئەمەل ـ
دارلار قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ تۇرۇپ، قانداقسىگە
خەلققە قانۇن ـ ئىنتىزام ھەققىدە ئېغىز ئاچالىسۇن؟ ئەمەلدار ـ
لارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى بىردەك بولماي تۇرۇپ، قانداقسىگە
خەلقتىن سەممىيلىكنى كۈتەلىسۇن؟ ئۇنداق بولمايدىكەن، «ـ
ھالۋىنى ھېكىم يەپ، تاياقنى يېتىم يېگەن» دەك ئىش بولماـ
دۇ؟

زۇ شيۇڭ قەلىمىدىكى بۇ ئەسەر «نۇتۇق ۋە ناتىقلىق،
قىزىل نەشرى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىللىق 23 ـ سانىدا ئېلان
قىلىنغان بولۇپ، لى شۈجېننىڭ تەۋسىيەسى بىلەن «فېلىيەتونلار
ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2013 ـ يىل 3 ـ ئاي كېيىنكى يېرىم
ئايلىق سانىغا تاللاپ بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن ئەھەت
داۋۇت تەرجىمە قىلدى.

---

تىلماچ: كۇچا ناھىيەلىك «قوش تىل» ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەر ـ
بىيەلەش مەركىزىدىن.

# خەلقنىڭ بەخت- سائادىتى ئەڭ ئالىي قانۇندۇر

جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ۋاڭ لىمىڭ «قانۇنچىلىق گېزىتى»دە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «قانۇن دېگەن زادى نېمە؟» دېگەن بۇ مەسىلىگە، مېنىڭچە قەدىمكى رىملىق سىتسېرونىڭ «قانۇن سەھىپىلىرى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ئەڭ تارقىتىلغان ۋە قوبۇل قىلىنغان — خەلقنىڭ بەخت- سائادىتى ئەڭ ئالىي قانۇندۇر دېگەن ھېكمەتلىك سۆز ئەڭ ياخشى جاۋاب بەرگەن.

«خەلقنىڭ بەخت- سائادىتى ئەڭ ئالىي قانۇندۇر» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەلۋەتتە قانۇن يەنە ئادەتتىكى قانۇن ۋە ئەڭ ئالىي قانۇن دەپ ئايرىلىدىغانلىقتىن ياكى قانۇننىڭ ئۈستىدە يەنە باشقا «قانۇن»نىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىز بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى ئۆزلەشتۈرىدىغان بولساق، ئۇ ئالدى بىلەن مۇددىئا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قانۇن ھەقىقەتەن خەلقنىڭ بەخت- سائادىتىنى ئاخىرقى مەقسەت قىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا پەقەت قانۇن ئىدارە قىلىشنى تەكىتلىگەندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوغدىغىلى بولىدۇ. قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش خەلقنىڭ بەخت- سائادىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاستىسى. قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ، ماھىيەتتە ئۇ بىر خىل «ئۇستۇن قانۇن» ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتۇر، پەقەت قائىدە- نىزامنى تەكىتلىگەندىلا، ئاندىن ئىنسانىيەت تەرتىپىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوغدىغىلى، ئىنسانلارنىڭ بەخت- سائادىتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

«جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتى»نىڭ 2012- يىلى 7- ئاينىڭ 15- كۈندىكى سانىدىن زۇنۇن باقى تەرجىمىسى

# بىزگە قانداق يېزىلار كېرەك؟

گاۋ فېڭ

شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقى ئېنىق ھالدا زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تۇسالغۇسى ياكى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

زامانىۋىلاشتۇرۇشتا يېزىلارنى خۇددى شەھەرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرغانغا ئوخشاش تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقىنى تۈگىتىش كېرەك دەپ قارىلىپ كەلدى.

بۇ خىل تونۇشقا ئەمەلىيەتتە بىر ئېغىر خاتالىق يوشۇرۇنغان، ئۇ بولسىمۇ شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقىنىڭ ھەممىسى پاسسىپلىق، ئارقىدا قالغانلىق، شۇڭا زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ نىشانى يېزىلارنى يوقىتىش ياكى بىزگە كېرىكى شەھەرلەرگە ئوخشاش يېزىلار دېگەندىن ئىبارەت. بۇ خىل تونۇشتىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە شۇكى، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرىدىكى ئىككى خىل پەرقى، يەنى شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ تۈزۈلۈش فۇنكسىيەسى تېپىدىكى پەرقى بىلەن بايلىق پۈرستى تېپىدىكى پەرقى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

تارىختىن قارىغاندا، شەھەرلەر پەيدا بولغاندىن كېيىن، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقى ئېنىق ھالدا ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، مۇنداق پەرق ئىنكار قىلىنمايلا قالماي، بەلكى يەنە جەمئىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى دەپ قارىلىپ كەلگەن. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، يېزىلار يەرگە ۋە تەبىئەتكە تېخىمۇ يېقىن بولۇپ كەلدى، شۇڭا يېزا تۇرمۇشى ئادەملەرنىڭ تەبىئەت بىلەن ئارىلىشىشىنى نامايان قىلىدۇ. شەھەرلەر بولسا ئادەملەرنىڭ يىغىلىشىنى، شۇنداقلا تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش سەۋىيەسىنى نامايان قىلىدۇ، شۇڭلاشقا، شەھەر تۇرمۇشى ھەمىشە ئاھالىنىڭ يىغىلىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

بۈگۈنكى دەۋردە، ھازىرقى زامان كىشىلىرى شەھەرلەردىكى شاۋقۇن- سۈرەن، ۋاراڭ- چۇرۇڭلاردىن، قىستاڭچىلىق تۇرمۇشتىن زېرىكسە، يېزىلارغا بېرىپ تىنچ، پاكىز، يېڭى تۇرمۇشنى ئىزدەيدۇ، شۇڭا يېزىلاردىكى دېھقانلار ئارامگاھلىرىغا بېرىش، تاغقا يامىشىش، مېۋە- چېۋە تېرىش، ئەۋرىشكە

يىغىش، ئېكسپېدىتسىيە قىلىش قاتارلىق تەبىئەتكە قايتىشنى، چىنلىققا قايتىشنى قوغلاشماقتا. ئوخشاشلا يېزىلاردىكى كىشىلەر قاينام - تاشقىنلىق، ئاۋات، رەڭگارەڭ چىراغلار چاقناپ تۇرغان تۇرمۇشنى ئىزدىسە، مۇقەررەر ھالدا شەھەرلەرگە بېرىشنى ئويلايدۇ. شەھەرلەر بىلەن يېزىلاردا مۇشۇنداق ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ئېكولوگىيە سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ بۇ خىل پەرقىنىڭ يوقىلىشىنى ھېچكىم ئۈمىد قىلمىسا كېرەك. بۇ شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ بىر خىل تۇرمۇش فورماتسىيەسى ۋە فۇنكسىيەسى جەھەتتىكى پەرقى ياكى بۇ شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ تۇرمۇش فۇنكسىيەسى تىپىدىكى پەرقى دەپ ئاتىلىدۇ.

شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ يەنە بىر خىل پەرقى، يەنى كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان، قوبۇل قىلىنمىغان پەرقى بار بولۇپ، بۇ، جەمئىيەتنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئادىللىقىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئىناقلىقىغا پايدىسىز دەپ قارالماقتا. ئۇ شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى بايلىق ۋە پۇرسەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان بىر خىل پەرق، يەنى شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ بايلىق - پۇرسەت تىپىدىكى پەرقى. نۆۋەتتە، جەمئىيەتتە تەنقىد ۋە گۇمان قىلىنىۋاتقان مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ بۇ خىل پەرقى ئاساسلىقى شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ كىرىم جەھەتتىكى پەرقىنىڭ چوڭىيىشى، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەتنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، يېزىلاردا ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ تولۇق بولماسلىقى، دۆلەتنىڭ يېزىلاردىكى ئۇل مۇئەسسەسەلەرگە مەبلەغ سېلىشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى جەھەتتىكى پەرقى، يېزىلاردىكى كۆچمە نوپۇسلار ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولالماسلىقى قاتارلىق جەھەتلەرگە مەركەزلەشكەن.

قانداق شەھەر - يېزا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنىڭ ئاچقۇچى بايلىق بىلەن پۇرسەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا باغلىق. ئەگەر بايلىق شەھەرلەرگە مايىللاشتۇرۇلسا، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقى، يېزىلارنىڭ خارابلىشىشقا يۈزلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ۋاھالەنكى، يېزىلارنىڭ خارابلىشىشى شەھەرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خۇش خەۋەر ئەمەس، چۈنكى ئۇ يېزىلاردىن ئايرىلغان ئاھالىلەرنىڭ شەھەرلەرگە قىستىلىپ كىرىپ، شەھەرلەرنىڭ نوپۇس بېسىمىنى ئاشۇرۇۋېتىپلا قالماي، بەلكى يەنە شەھەرلەرنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئىككى قۇتۇپلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، شەھەرلەردىمۇ ئېغىر دەرىجىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

شۇڭا شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىشتە ئاساسلىقى بايلىقنى يېزىلارغا كۆپرەك ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. لېكىن بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش يالغۇز مىقدار جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ ئېلىپ كەلگەن پۇرسەتنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە ۋە پۇرسەتنىڭ سۈپىتىگە باھا بېرىلىشى لازىم. ئەگەر يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بايلىق كۆپەيتىلگەن بىلەن، ئۇ پۇرسەتنىڭ كۆپەيتىلىشىگە، بولۇپمۇ پۇرسەتنىڭ تەكشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولمىسا، يېزىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، نەتىجىدە شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتە، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ تۇرمۇش فۇنكسىيەسى تىپىدىكى پەرقىنى ئەمەس، بەلكى بايلىق ۋە پۇرسەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى جەھەتتىكى پەرقىنى تۈگىتىش كېرەك. يېزىلارنى شەھەرلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە فۇنكسىيەسى ئارقىلىق ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىشنى ھەمدە ئۇنى شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ بىر گەۋدىلەشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى قىلىشنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. ھازىر نۇرغۇن جايلاردا پەيدا بولۇۋاتقان «كەنتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە بىرلەشتۈرۈش»كە زورلاش، «دېھقانلارنى بىنالارغا چىقىرىش»، «دېھقانلارنى مەھەللىلەرگە يىغىش» قاتارلىق ئۇسۇللار ئەمەلىيەتتە بىر خىل شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش نامىدىن پايدىلىنىپ، ئەكسىچە، بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى، يېزىلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ بايلىقىنى يەنە بىر قېتىم تالان - تاراج قىلىش، شۇنداقلا، دېھقانلارنىڭ ھاياتلىق ۋە تەرەققىيات پۇرسىتىنى تارتىۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى ئىككى خىل پەرقىنى ئېنىق تونۇش ۋە توغرا پەرقلەندۈرۈش شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشكە ۋە يېزا قۇرۇلۇشىغا قارىتا مۇھىم سىياسەت ۋە ئەمەلىيەت قىممىتىگە ئىگە.

«فىلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2012 - يىللىق (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) 1 - سانىدىن **مۇسا ئەخمەت تەرجىمىسى.**




قار باسقان شەھەرنىڭ قار باسقان كېچىلىرىدە ناتونۇش كۆلەڭگىلەر ئارىسىدا كېتىۋېتىپ يىغلىدىم. مېنىڭ يىغلىغىنىمنى ھېچكىم كۆرمىدى، مەنمۇ ھېچكىمنىڭ كۆرۈشىنى خالىمايتتىم.

ماڭا بۇ شەھەرمۇ يىغلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. يېغىۋاتقان قار شەھەرنىڭ مۇزدەك سوغۇقتا قارغا ئايلانغان كۆز يېشى بولۇپ تۇيۇلدى.

بىر - بىرىدىن ئالدىراش ئادەملەر قار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن چىراغ نۇرلىرى ئارىسىدىن چىقىپ يەنە شۇ چىراغ نۇرلىرى ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولاتتى. قاردا تېيىلىپ كېتىشتىن ئەنسىرىگەندەك ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتقان بوۋايغا قاراپ قويدۇم. ئۇنى شۇ ھالدا مۇشۇ قارلىق كوچىدا مېڭىشقا مەجبۇر قىلغىنى نېمە موھتاجلىقكىن.

— بارمايلى بالام.

قۇياشتىن سادا كەلدى. مەن مەڭگۈ يېنىپ تۇرىدىغان چىراغتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ياق دېدىم. خۇددى ئاشۇ قار ئاستىدىكى شەھەرگە، قار ئاستىدىكى شەھەردە ياشايدىغان مىڭلىغان پەرىشتىلەرنىڭ قولى بىلەن مېنىڭ چىراغىم ئۆچمەيدىغاندەك ئويلايتتىم. مەن ھازىرغىچە چۈشىنەلمىدىم: مەن نېمىشقا بەزى ئادەملەرنى پەرىشتە دەپ ئويلايمەن ھەم يەنە نېمىشقا ئۇلارنىڭ پەرىشتىلىكىگە ئىشىنىمەن؟ مېنىڭ ئۈمىدىم نېمىشقا ئۇلارغا باغلىنىپ قالدۇ؟

مەن ئىشەنگەن بەزى نەرسىلەرگە، بەزى ئىشلارغا، بەزى ئادەملەرگە، بەزى پەرىشتىلەرگە ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن چېغىمدا كېچىككەنىدىم. مەندەك كېچىككەن ئادەملەر ساماندەك، بەزىدە كېچىكىش بىلەن كېچىكمەسلىكنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش بولۇپ قالدۇ.

تار كوچىدىكى ئاشخانىدىن تاماقنىڭ ھورى كۆتۈرۈلۈپ چىراغ نۇرىنى خىرەلەشتۈرىدۇ. سوغۇقتا دۈگدىيىپ قالغان بىر يىگىت ئورۇق بىر قىز بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

قوناقلار تىزىدىن ئاشقان، سۇسىزلىقتىن قوناقلارنىڭ قىڭراقتەك يوپۇرماقلىرى سولىشىپ جانسىز ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئوتتەك ئىسسىق ھاۋا جاننى قىسىدۇ. ئېتىزدا گىرىمسەن يالىلدايدۇ. گىرىمسەن ئارىسىدا بىر قۇياش دۈمچىيىپ ئوت ئوتاپ يۈرىدۇ. بىر بالا ئانىسىنى كېتىشكە زورلاپ قولىدىن تارتىدۇ، ئانا ئوغلىنىڭ بېشىنى سىيلاپ يەنە ئازراق ئىشى قالغانلىقىنى، بۈگۈن مۇشۇ ئىشنى قىلىۋالمىسا بولمايدىغانلىقىنى دەيدۇ، بالا ئۇنىمايدۇ، قۇياش بالىنىڭ كۆڭلىنى يىرالماي ئۆيگە قاراپ ماڭىدۇ. ئوتتەك ئېتىزدىن قوناق مايسىلىرىنىڭ تاتلىققا مايىل ھىدى كېلىدۇ.

— بۇ ئىشنى قىلمىساق بولمامدۇ.

بۇنى قىلمىساق جاننى قانداق باقىمىز بالام.

بالىنىڭ كۆڭلىدە شۇ گەپ ناھايىتى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالدى.

مۇزدەك شەھەرنىڭ مۇزدەك باغرىدا كېتىۋېتىپ ئاشۇ تونۇردەك ئىسسىقتا قاغجىرىغان قوناقلار ئارىسىدا يۈرگەن ئانىنى خىيال قىلغان بىرسىنىڭ يۈرىكىدىكى پۈتمەس ھەس-

ئەدەبىيات گۈلزارى

رەتلىرى جاھاننى ئوت بولۇپ كۆيدۈرەتتى.

قار ئاستىدىكى مۇزدەك شەھەر.

ئوت ئاستىدىكى ئوتتەك سەھرا.

بىر ئانا پۈتۈن ئۆمرىنى ئوت بىلەن مۇز ئارىسىدا تامام قىلدى.

يۈرىكىمدە كۆيۈپ تۇرغان ئۈمىد ئوتىنىڭ شولىسى گا-ھىدا قارا تامغا قارا بولۇپ چۈشىدۇ. مىڭلارچە شادىمانلىقلار-نى بەرگەن دۇنيا مىڭلارچە نادامەتلەرگە پاتۇرۇپ تۇرىدۇ.

بىرسى شۇنداق دېگەن:

ئادەمنىڭ ھاياتقا بولغان ئىشقىنى ھېچنېمە ئۆچۈرەلمەي-دۇ.

مەن بۇ گەپكە ئىشىنىمەن. تىكەنگە دەسسەپ مېڭىۋېتىپ-مۇ، ھاياتىنىڭ مەركىزىگە ئىنتىلىشتىن يالتىيالمايمىز. پەرىشتە-لەرنىڭ مېھرىگە بۆلۈنگەندىمۇ، ئالۋاستىلاردىن يىرگىنىشلەر كۆڭۈل پايانىمىزنى قاراڭغۇلاشتۇرغاندىمۇ.

بالدۇرراق بولسام.

خۇدانىڭ ... بەرگىنى چېغىۋاكەن...

مۇنداق بىر نەرسىلەر ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمىدى. مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدىغاندەك قىلىدۇ:

قار ... ئېگىز بىنا... مېھرىبان ئادەم... چىرايلىق يول.

ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرىدىن پارلىغان كۆچلۈك نۇر قار ئۈستىدە يالىلداپ تۇرىدۇ. ئىككى ئادەم ناھايىتى ئىنتىك قە-دەملەر بىلەن يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ ماڭا سوقۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزۈمنى تارتىپ يول بەردىم. بۇ يەردە دىققەت قىلاي، پۇلنى ئوغرىغا بېرىپ قويماي يەنە. ئىلگىرى بۇ شەھەردە يانچۇقچى كۆپ دەپ ئاڭلىغان.

سەھرانىڭ يۇمشاق توپىلىق يولىدا بىر ئانا بىر تاغار ئوتنى يۈدۈپ كېلىدۇ. بىر قۇياشنى ئېلىپ كېلىدۇ، بىر دۇنيا-نى يورۇتۇپ كېلىدۇ، بىرجاھاننى يارىتىپ كېلىدۇ.

— ساڭا ھارام ياراشمايدۇ.

بۇ گەپ ئېسىمدىن چىقمىدى. ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن بۇ گەپنىڭ مەنىسى بەك چوڭقۇر دەپ ئويلىدىم، يولۇم-دا ئۇدۇل، دۇرۇس مېڭىش ئۈچۈن بۇ گەپكە ناھايىتى نۇرغۇن مەنىلەرنى يۈكلىدىم.

قار... ئېگىز... بىنا... مېھرىبان ئادەم... چىرايلىق يول

بۇنداق نەرسىلەر ھەممە شەھەردە بار، ئەمما مېنىڭ خا-تىرەمدە ساقلىنىپ قالغىنى ئۈرۈمچىنىڭ قارلىرى، ئېگىز بىنا-لىرى، شۇ يەردىكى مېھرىبان ئادەم ۋە مېھرىبان ئادەملەر، يوللاردىكى پاتقاق ۋە پاتقاقتەك ئادەملەر... پەرىشتىنىڭ تو-نىنى كىيىۋالغان... دەك ئادەملەر... ئۈرۈمچىنىڭ چىرايلىق يوللىرى بۇ يوللاردا مېڭىپ كۆنمىگەن ئادەمنىڭ تۇيغۇسىنى شىددەت بىلەن تىتماتاتاڭ قىلىدۇ.

— ھەرنە ئىش بولسا مانا مەن بار، تارتىنما.

بىر بۇرادىرىم شۇنداق دېدى. بۇ رەسمىيەت ئۈچۈنلا دېيىلگەن گەپ ئەمەستى.

قۇمدەك بىپايان كۆڭۈل. قۇمدەك يۇمشاق كۆڭۈل، قۇمدەك قۇرغاق كۆڭۈل.

ئۇ ئانامدىن ئايرىلىپ قالارمەن، دېگەنلەرنى پەقەت ئويلىمىغانىدى. ئۇ دانىشمەن چىراي، بۇرۇتلۇق دوختۇرنىڭ ئاغزىدىن قورقۇنچلۇق كېسەللەرنى ئاڭلىغاندا ئانامنىڭ ئۆرە يۈرۈشىگە كۈچ بەرگىنى مۇستەھكەم روھى ئىكەن، دېگەن-لەرنى ئويلىدى... قىيا... توغراق...

باياۋاندا ئۆسىدىغان توغراقلار بار. غوللىرى قۇرۇپ كەتكەن، يىلتىزلىرى ھەم كاردىن چىققان... ئىچى يىللارنىڭ ھەرەجلىرىدە پورلىشىپ تۆگەشكەن... ئاشۇ توغراقلار ئەڭ ئاخىرقى كۆچى، ماتانىتى بىلەن... ئەڭ ئاخىرقى ئىنچىكە ھەم ئاجىز يىلتىزى بىلەن ئۇششاق شاخلىرىنى ياشارتىپ تۇ-رىدۇ. قۇرۇغان توغراقتا قۇرۇمىغان، قۇرۇمايدىغان شۇڭ بو-لىدۇ.

مەن ئۆزۈمنى شۇڭغا ئوخشاتتىم.

كۆكۈم قويندىكى ئەزىم شەھەر نۇر ئىچىدە چاقناپ تۇرىدۇ.

قۇمغا ئوخشايدىغان بىر ئادەم قۇمدەك روھى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىگە كىردى.

بىر ماشىنا بەش يۈرەككە لىق قاچىلانغان ئۈمىدنى ئېلىپ بۇ شەھەرنىڭ مۇزدەك باغرىغا كىرىپ كەلدى. بۇ شە-ھەرنىڭ يات يۈرىكىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلدى. بۇ شەھەرنىڭ چەكسىز ئۆتكۈر، ئېپادىسىز كۆزلىرىگە تەلمۈردى.

مۇزدەك شەھەرنىڭ باغرىدا ئوت - يالقۇن كەبى ئادەم-لەر بار ئىدى.

قاتتىق شەھەرنىڭ باغرىدا يۈرىكى مېھىرلىك ئادەملەر

بار ئىدى.

سوغۇقلۇق... قاتتىقلىق... ئادىمىيلىك... مېھىر...

بىرسى ماڭا بۇ شەھەردە ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، — دېگەنىدى.

— ئابلىمتكا، ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن.

بىر ئادەم نۇردەك پاك تۇيغۇسى بىلەن يەنە بىر ئادەمگە رەھمەت ئېيتتى.

يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈنمۇ رەھمەت ئېيتالمايدىغان بىر جاھانلار بولۇۋاتىدۇ.

پەرىشتە دېگىنى مۇشۇنداق بولسا كېرەك.

ئۇ ئۆزىگە مېھىرلىك تەبەسسۇم بىلەن قول بەرگەن سوغۇق شەھەردىكى ئىسسىق چىراي ئادەملەرنى ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يۆلەنچۈكىدەك ھېس قىلىپ قالدى.

ئۇ جېنىدىن، روھىدىن، ئىمانىدىن، ئېتىقادىدىن چىقىرىپ رەھمەت ئېيتتى.

بىر ئادەم ئانىسى بىلەن بىللە يەر تېرىغانلىرىنى، ئۇلار تېرىيدىغان يەرنىڭ ئەتراپىدىكى پاكار سۆگەتلەرنى ئويلىدى. بۇغدايلار تەلۋە بېدە ئارىسىدا قالاتتى. يەرگە سۇ باشلىماق تەس ئىدى. كىچىك ۋاقتىدا يەرنى سۇغىرىپ بولالماي جىق ئادەملەردىن تىل ئىشىتەتتى. تاياق يەيتتى، ئوغلى تىل ئىشىتكەندە، تاياق يېگەندە بىر ئانىنىڭ يۈرىكى توپىغا پۇچىلىناتتى. بىر ئانىنىڭ قەلبى ئوتتا كۆيەتتى. جاپا - مۇشەققەتكە تولغان لەنەتلىك دۇنيا مەسخىرىلىك كۈلەتتى. ئېرىق بويىدىكى كۆك قۇم... شەبنەمدىكى كەندىرنىڭ دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان ھىدى... غاچچا ئوتلارنىڭ قول - پۇتلارنى ئېچىشتۇرىدىغان سۆتكە ئوخشايدىغان سۈيى... ماشىنا شىددەت بىلەن كېتىۋاتقاندا ئۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ قالدى، دۇنيا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدى. پېژغىرىم ئاپتاپتا ئەنجە ئېلىۋاتقان بىر بالا بىلەن بىر ئانا دۇنيانىڭ مۇشەققىتىگە كۆمۈلۈپ ئۆمىلىشىپ يۈرەتتى. 13 مو سەككىز پۇڭ يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئوروپ، ئەنجىسىنى توشۇپ باشقىنى تېرىپ ئەترەتنىڭ خامىنىغا ئاپىرىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار بۇغداي ئوراتتى. قۇياش كۆيدۈرەتتى، بۇغدايلىقتىن كۆتۈرۈلگەن ئېگىز پورايدىغان دىمىقچىلىق جاننى كۆيدۈرەتتى. بۇغدايلار ئورىغانسېرى كۆپىيىپ كېتەتتى. تۈگىمەس جاپا... قارا تەر... ئۈمىدسىزلىك، ھارغىنلىق... شۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئوتتەك ئېتىزدا قوناق تاقالايدىغان، ئوتتەك ئىسسىقتا بۇغداي ئورۇيدىغان، ئوتتەك ھاۋادا قارا تەرگە چۆمۈلىدىغان بىر ئانا، بىر بالا، ئىككى بالا، يەنە بىر نەچچە بالا ھازىر شۇ كۈنلەرنى قورقۇنچ بىلەن ئەسلەيدىغان كۈنلەرگە ئۇلاشقاندا بىر ئالۋاستى مۇستەھكەم قوللىرى بىلەن بىر قۇياشنى قۇتۇلغۇسىز ماتىۋالدى.

دەرۋازىسى يوق ھويلا، ئۆگزىسى بېسۋالاي دېگەن پاكار ھەم قاراڭغۇ ئۆي. كۆكتاتلار شۇنداق ئوخشايدىغان باغ... قورساق ئاچ، كىيىملەر يىرتىق ھەم ياماق... شۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەنىدى، ھايات كۆلۈپ باققان دەملەردە ئالۋاستىنىڭ قارا قاناتلىرىنىڭ قارا سايىسى ئېغىر بولۇپ يېپىلدى.

مەڭگۈ قورۇمايدۇ، دېگەن سۇۋادان قورۇشقا باشلىدى.

مەڭگۈ سولمايدۇ، دېگەن گۈل سولۇشقا باشلىدى.

مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، دېگەن ئوت ئۆچۈشكە باشلىدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىگە كىرمەك تەس ئىدى. ئۇلار يول تاپالمىدى. كىرىۋاتقان، چىقىۋاتقان ماشىنىلار بەكلا كۆپ ئىدى. كىرىۋاتقانلارمۇ، چىقىۋاتقانلارمۇ بىر - بىرىدىن ئالدىراش ئىدى. ئۈرۈمچى چۈمۈلە ئۇۋىسىغا ئوخشايتتى.

— مەنمۇ ئىلگىرى كۆپ كەلمىگەن، راستىنى دېسەم بىز بارىدىغان يەرنى تېپىپ بارالمايمەن.

— ھېچقىسى يوق، بىرەر ماشىنا تاپايلى، يول باشلىتىپ بارساق بولىدۇ.

پور سېمىز ئادەمنىڭ قانۇنسىز كىرا ماشىنىسى ئۇچرىدى. ئۇ بىر كىمنىڭ چىرايىغا قارىمايدىغان، توختىماي گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە مەن مۇشۇنداق سېمىز ياكى تولا گەپ قىلىدىغان ئادەمنى كۆرسەم شۇ كىشى، شۇ ئاخشام، ئاشۇ ئەبجەق ماشىنا يادىمغا يېتىپ قالىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىز دېگەن يەرگە ئۇدۇللا باشلاپ بارىمەن، ئەمما يول ئۇزۇن، ئۇ دېگەن شەھەرنىڭ مەركىزى، تاپماق تەس، لېكىن مەن بىلىمەن، بىز ئۇ يەرگە كۈندە نەچچە قېتىم بارىمىز، كىرا قىلىدىغان، يول سورايدىغان، تۇغقانلىرىنىڭ، تونۇش بىلىشلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى تاپالمايدىغانلارنى باشلاپ قويىمەن. بىزدەك ئادەملەرنىڭ بارمايدىغان يېرىمىز يوق. ماشىنامدىنمۇ خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆزى 1998 - يىلنىڭ ماشىنىسى، دېگەن بىلەن موتورى ئالامەت ساز، چەت ئەلنىڭ، مەن قەشقەردىن چىققىلى 12 يىل بولدى، 12 يىلدىن بېرى مۇشۇ ماشىنا بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىۋاتى-

مەن، ھۆكۈمەت قانۇنسىز كىرا دەپ قوغلاپ تۇردۇ، بىز قېچىپ تۇرىمىز، تۇتۇلۇپ قالساق دېگەن جەرىمانىسىنى بېرىپ تۇرىمىز، ئىشقىلىپ مۇشۇنداق قىلىپ مۇشۇ كۈنگە كەلدۇق، تېلېفون نومۇرۇمنى دەپ بېرەي، قاچان ماشىنىغا ھاجىتىڭىز چۈشسە مېنى ئىزدەڭ... بۇرۇن مېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز...

ئۈرۈمچى چىراغلار بىلەن يورۇپ تۇراتتى. يوپيورۇق شەھەردە ئۇ بارىدىغان يېرىنى تاپالمايۋاتاتتى.

شوپۇر توختىماي گەپ قىلاتتى. ئارقىدىكى ماشىنا ئۇلارغا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئارقىدىكى ماشىنىدا بىر قۇياش بار ئىدى، 60 يىل پارلىغان بىر قۇياش يېتىپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. مەن بۇ قۇياشنى تۇتۇپ قېلىشقا تىرەجەۋاتاتتىم. خۇدادىن قاراڭغۇ كۈنلەردىن پاناھ بېرىشىنى تىلەيتتىم.

شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتۇق، شوپۇر سۆزلەۋېتىپ يولدىن ئېزىپ قالغاندىمۇ.

ئارقىدىكى ماشىنا ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ناھايىتى ئۇزاقتىن كېيىن ماشىنىلار، ئادەملەر، چىراغ نۇرى، يول، كۆلەڭگىلەر بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن شەھەرگە كىردۇق.

— يىغلىماڭ بالام.

بىر قۇياش بىر ئالەمگە شۇنداق دېدى. ئىسسىق يامغۇر تاراملاپ تۆكۈلدى. بۇ يامغۇردىن ھەسرەتنىڭ، پۇشايماننىڭ، كىچىككەننىڭ، قەتئىي بولمىغاننىڭ دەردىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. بۇ پۇراق ھېچنېمىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشىمايدىغان پۇراق ئىدى. بىر تۈپ سۆگەت، بىر پارچە يەر، خامان، سۇپۇرا، ئەلگەك، ئوچاق، قازان... داستىخان ھېكايە سۆزلەيتتى. مەن ئاشۇ نەرسىلەر ئارىسىدا يۈرگەندىم. ھەممە نەرسىنى بىرلا نەرسە يورۇتۇپ تۇراتتى، بالا مېھرى.

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى.

قۇياش چېھرىدە ئاجايىپ قورۇقلار بار ئىدى. نۇر تالاللىرىغا ئوخشايدىغان چەكسىز نەرسە بار دېسە ئىشىنىمەن. ھېچنېمىگە ئىشەنمىسەممۇ شۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ئانا مېھرى.

ئۇ قورقۇپ قالدى. قورقاقچا كۆزىگە ھەممە نەرسە سوغۇق كۆرۈنگەن بولسا كېرەك.

قورقۇنچلۇق ئۈسكۈنىلەرنىڭ قىزىل، كۆك يېنىۋاتقان چىراغلىرى... جاننى سىقىدىغان ھىد... جاننىڭ نېمە ئىكەنلىكى، كېسەللىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، ھاياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى.. ھەممە نەرسە مۇشۇ يەردە... جانغا ھەممە نەرسە تەھلىكە سېلىۋاتقان مۇشۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئەسلىي نېمە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىدۇ.

— تۆۋەنلىمەپتۇ، بۇرۇنقىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ.

كىچىككىنە ئېكراندىكى ئالبۇلماچ سىزىقلار، كاتەكچىلەر، سانلار... جان مۇشۇ نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇ قورقۇپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇيغۇسى، ئۆزىنىڭ بىلىشى بويىچە تۆۋەنلىدى، دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ يېقىندىن بۇيان مۇشۇ خىلدىكى سان - سىپىرلارغا تولا قاراپ ئازراق بىلىپ قالغان گىرافىدىنمۇ تۆۋەنلىگەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى، ئۇ ئۆزىگە ئىشىنەلمىدى. خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئويلىدى.

جانغا قول سوزغان كېسەللىكنىڭ، كېسەللىك ئالۋاستىسىنىڭ تەھلىكىسى سان بىلەن ئىپادىلىنەتتى. تۆۋەنلىسە جانغا ۋەھىمە ئاز بولاتتى.

پەرىشتىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ئالۋاستىلار بولىدۇ. ئالۋاستى سىياقتىكى پەرىشتە بولىدۇ. جان بىلەن ئويناشقاننىڭ قانداق كىيىمى بارلىقى، كىملىكىدىن قەتئىينەزەر ئالۋاستى دەيمىز. بۇنىڭغا ياق دەيدىغان ئادەم يوق، مەن ئۇزاققىچە ئاشۇ چىرايىنى ئۇنتۇيالمىدىم. جانغا ئالاقىدار سانلارنى خاتا ئوقۇغان ياكى قەستەن خاتا دېگەن ئادەمنىڭ چىرايىنى ئۇنتۇيالمىدىم. ماڭا ئالۋاستى سىزىشقا توغرا كەلسە خۇددى مۇشۇ چىرايىنى سىزىپ چىقىمەن.

ئاسمان گۈمبىزى قاراڭغۇلۇققا پاتقانىدى. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بۇ شەھەر چاقناپ تۇراتتى. چىرايلىق بولۇپ كۆزگە تاشلىناتتى. ئادەملەرنىڭ گۈزەل شەھەر دېگىنى مۇشۇنداق بولسا كېرەك. كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق ئادەم چىراغلىرى ساناقسىز، ئەمما ئاسمىنىدا يۇلتۇز كۆرۈنمىگەن شەھەر ھەققىدە ئويلاپ ئولتۇرمىدى.

تورغاي چۇچۇلغان سەھەرلەردە بىر بالا بىلەن بىر ئانا قوشنىلاردىن سوراپ چىققان ساپان بىلەن ئۆتكۈزنى ئېلىپ ئېتىزغا ماڭاتتى. تاڭ يورۇقىدا ئۆتكۈزنىڭ ھارغىن كۆزلىرىنىڭ پارقىرىشى سىرلىق كۆرۈنگەنىدى. يەيدىغان نەرسە ئۆكسۈپ قالاتتى، توك پۇلى يىغىدىغان ئادەم بىلەن جېدەل بولۇپ تۇراتتى. بانكىنىڭ ئادەملىرى قەرزنى تۆلىمىدىڭ دەپ كالا بىلەن قويلارنى يېتىلەپ ماڭاتتى. جاڭگال ئوتۇنى دۆۋىلىنىپ

تۇراتتى. قاچان ياخشى كۈنگە ئۇلىشارمىز...

قۇياش نۇر سېپىپ تۇرغان ئاچ - زېرىنلىقتىكى ئاشۇ كۈنلەر شادىمان كۈنلەر بولۇپ بىلىندى.

— بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ.

كونسۇل كوچىسىدا كەسكەن لەگمەن يەۋاتقان دەمدە مۇشۇ زاماننىڭ ئەقىلدارلىرى جاھاننىڭ سىرلىق ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ بولۇپ شۇ گەپنى دېدى، پەرىشتە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بولسا كېرەك.

تولىمۇ يوغان، بەكمۇ قالايمىقان زالدا ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ كارى بولمايتتى. بىز ئۈچۈن ئالدىن جىمى تەييارلىقلارنى قىلىپ تەق قىلغان بالىنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىنى ئانام كۆرگەن بولسا نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ. گەپ قىلغۇدەك پۇرسەت بولمىدى. بولسا ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دەر ئىدىكىن. قىلچىلىك ياخشىلىقىمۇ ئالەمچە تەشەككۈر قىلىدىغان ئانام نېمىلەرنى ئويلىۋېدىكىن.

ئانام ئەتىلا كۈلۈمسىرەپ ئورنىدىن تۇرىدىغاندەك ئويلايتتىم. بىر مىڭ نەچچە يۈز كىلومېتىر ئۇزاقتىن مۇشۇنداق بىر خۇشاللىقنى دەپ، مۇشۇنداق خۇشاللىقنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۇچقۇم كەلگەندەك ئالدىراپ كەلگەنىدىم. مەن شۇنداق بىر ئۈمىد بىلەن قۇياشمنى پەرىشتىگە ئوخشايدۇ، دېگەن ئادەملەرگە تاپشۇردۇم. ئەسلى ئاللاغا تاپشۇردۇم دېيىش كېرەك ئىدى. ئۇنتۇغان بولارمىدىم. ئۇلار پولات ئىشىكلىرى يوغان ھەم مەزمۇت بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى، مېنى يىغا باستى.

40 ياشتىن ئاشقان بىر ئادەم بۇرۇتلۇق دوختۇرغا، پەگەز قاپاق، نازۇك دوختۇرغا، دۆت چىراي دوختۇرغا، ئىشىك باقىدىغان، ئاۋازى تولىمۇ يېقىمسىز ئايالغا، تەلەتىدىن مۇز ياغىدىغان كۆزەينەكلىك سېستىراغا، مۇلايىم، ئەمما يالغانچىلىقى چىقىپ تۇرغان تازىلىق ئىشچىلىرىغا تەلمۈرۈپ پىرقىراپ يۈرەتتى. خۇددى بىر قۇياشنىڭ پېتىپ كېتىشى يا نۇر چېچىشى خۇددى مۇشۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندەك ئۇلاردىن قورقاتتى، ئۇلارنىڭ پەرۋاسىز ھالىدىن نەپرەتلىنەتتى.

پەرىشتە دېگەن نېمە، ئالۋاستى دېگەن نېمە، مەن قار ياغقان ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پاتقاق كوچىلىرىدا ئالەمچە ھەسرەتنى يۇدۇپ كېتىۋېتىپ مۇشۇلارنى ئويلىغاندەك قىلاتتىم. شۇ چاغلاردا مۇشۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى تېپىپ چىققاندەك قىلغان. نېمىلەرنى ئويلىۋېدىمكىن.

— كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، بىز بار. مەن سىزنىڭ قېرىندىشىڭىز.

قارلار كۈلۈمسىرىدى. نۇر تەبەسسۇم قىلدى. ھايات ناخشىسى مۇشۇنداق بولاتتى. پاكلىق، ئىزگۈلۈك، ئادىمىيلىك ناخشىسى ئىدى. بۇنداق ناخشىلارنى بىز دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز، دائىم ئاڭلاپ تۇرۇشقا تەشنا بولىمىز. دائىم ئېيتىپ تۇرساق. دائىم ئاڭلاپ تۇرساق ئادەمگە ئوخشىيالايمىز.

پۇلنى دەپ ئادەم خار بولىدىغان جاھاندا دۈشمەنگە يامانلىق تىلەشكە توغرا كەلسە پۇل بىلەنمۇ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان بالا تىلىسەڭ بولىدۇ. بىر ئادەم شۇنداق ئويلىغان. ئادەمنىڭ ئىززەت - نەپسى، غۇرۇرى ھەم شاد - خۇراملىقلا ئەمەس جېنىمۇ پۇلنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن دۇنيانى نېمە دەيمىز...

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە توي بولغاندا قوي سويۇلدۇ. ئۇ چىرايلىق كۆزلىرى مۇلايىم قوينىڭ بوغۇزلىنىشىنى كۆرۈشتىن قورقۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەرگەندەك روھى تىترەپ كۆڭلى بىئارام بولۇپ كەتتى، دۇنيادىن چىرايلىق بىر جانى ئېچىنىشلىق ھالدا كېتىپ قېلىۋاتاتتى. ئىككى قاسساپنىڭ شۇ چاغدىكى خىرامان تۇرقى ئۇنىڭ پەقەت يادىدىن چىقمىدى. ئىككەيلەن ئۆرۈپاپ كەتكەن قوم بىلەيگە پىچاقلىرىنى بىلەشەتتى. ئۇلار پىخىلداپ كۈلۈشۈپ قانداقتۇر بىر ئايالنىڭ خۇپىيانە ئىشلىرى ھەققىدە چاقچاقلاشقاچ قوينى چۈشىدى. ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگىنىچە قوينى بوغۇزلىدى، ئارقىدىن بايىقى چاقچاقنى يەنە داۋام قىلدى. ئۇ ئايالنىڭ چىرايى قاملاشقان بىلەن بەكلا سېمىز كەن، بىر قېتىم ئارىلاشسا كىشىنىڭ قايتا ئىزدىگۈسى كەلمەيدىكەن. مەن شۇ چاغدا ھېلىلا بىخەۋەر مېڭىپ يۈرگەن قوينىڭ ھەمساتتا گۆش ھەم تېرىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغانىدىم.

قار يېغىۋاتاتتى. پاك - پاكىز قارلار شەھەرنىڭ يوللىرىدا بىردەمدە پاتقاققا ئايلىنىپ كېتەتتى.

بىر نەچچە يېرىگە تۈۋرۈك قويۇلغان پاكار ئۆيدىكى ئوچاقتا گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. تىنىمسىز ئانىنىڭ قولىدىن چىققان پىننە سالغان چۆپ ئاشنىڭ مەززىلىك ھىدى بىر بالىنىڭ، بەش بالىنىڭ دىلىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۆي

پاكار، ئىسسىق ئىدى. ئۆي ـ ئوچاقتىكى ئوت بىلەنلا ئەمەس، بىر قوياشنىڭ تەپتى بىلەن تېخىمۇ ئىسسىپ كەتكەندى.

دۆڭكۆۋرۈك سوغۇق كۈلۈمسىرەپ، بۈگۈنكى ئاجايىپ دۇنيانىڭ ئاجايىپ ھېكايىسىنى ئۈنسىز ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

بۈلۈتلۈق ئاسمان سۇرلۇك، يېقىمسىز، قورقۇنچلۇق بولۇپ كۆرۈندى. كۆك بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ھەيۋەتلىك، ئېگىز بىنالار بۇ شەھەرنى تېخىمۇ ناتونۇش كۆرسەتتى.

يېنىدىنلا ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنىنىڭ كۈچلۈك سىگنالىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە يات نەزەردە قارىغان شوپۇرنىڭ ئاچچىق ھومىيىشلىرىنى غۇۋا كۆرۈپ قالدى.

مەن قورقۇپ كەتكەچكە ھەممە نەرسىدىن ۋەھىمە كېلىۋاتقاندەك ئويلاپ قالسام كېرەك. ئۇ تېلېفوندىن دوستىنىڭ نومۇرىنى ئىزدىدى.

— ھازىر يېتىپ بارىمەن، سەل ساقلا.

ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ قالدى. ئادەم ناتونۇش دۇنيادا بىرىب بولىدۇ. يۇرت يۇرەككە تونۇش بولغاچقا كىشىنىڭ ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنى: «مەن كىچىك بالىدەكلا ياشاپتىمەن» دەپ ئەيىبلىدى. مۇشۇ شەھەردىكى يالغۇزلۇق، دوستانىلىق، مېھرىبانلىق، ئازاب، خورلۇق... ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى پىششىپ يېتىلگەن ئادەم ئەمەسلىكىنى سېزىپ قالدى، دوستى كېلىپ بولالمايۋاتاتتى.

ناتونۇش ئادەملەر ئۆتۈپ تۇراتتى. ناتونۇش ماشىنىلار ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، ھەممە نەرسە ئالدىراش ئىدى، ھەممە نەرسە جىددىي ئىدى.

— نېمە ئىشىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، قولۇم كۆكسۈمدە.

پەرىشتىنىڭ ئاۋازى مۇشۇنداق بولسا كېرەك. ئاۋازى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان، چىرايى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان پەرىشتىلەر قەشقەردە، قومۇلدا، تۇرپاندا، غۇلجىدا، خوتەندە، كورلىدا تېپىلىدۇ. قۇياش پاكىز نۇر سېپىپ تۇرىدۇ.

ئانامنى بۇ يەرگە ئەكەلگىنىم توغرا بولدىمۇ، خاتا بولدىمۇ.

قاراڭغۇ جاڭگالدا تېنەپ قالغان ئادەم ئىشەنچسىز، ئۈمىدسىز يول ئىزدەپ يۈرگەندە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغان نەرسە نېمە. يىراقتىن كۆرۈنگەن يورۇق ئۇنىڭغا ئۈمىد بېرىدۇ. بىر نەرسىنىڭ ۋال ـ ۋۇل چاقناشلىرى ئۇنىڭغا كۈچ بېرىدۇ. چاقنىغان، پارقىرىغان نەرسە مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان يۇلتۇز بولۇشىمۇ، ئوت شولىسى بولۇشىمۇ ياكى بۆرىنىڭ كۆزى بولۇشىمۇ مۇمكىن. تېنەپ ياشايمىز.

قوللىرى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر نەرسىنىڭ بىر قولىدا جان، بىر قولىدا پۇل تۇراتتى.

ئۇ بۇ نەرسىنى ئۇنتۇپ كېتەي دەپ ئۇنتۇپ كېتەلمىدى.

بۇ نەرسە بەك چىرايلىق بىر نەرسىنىڭ ئىچىدە تۇراتتى، پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. نۇر ئىچىگە، كۈلكە ئىچىگە، ئۈمىد ئىچىگە كىرىۋالغاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئەتراپقا ئەيمىنىپ قاراپ قالدى. بۇ شەھەردە كۈلۈپ يۈرىدىغان بىرمۇ ئادەم يوقتەك قىلاتتى. بۇ شەھەردە ھەممە نەرسە تېپىلىدىغاندەك قىلاتتى، مۇھىمى بۇ شەھەرگە جاننى جانغا ئۇلايدىغان خىسلەت يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى، شۇنداق خىسلەتلىك ئادەملەر مۇشۇ شەھەردە ياشايتتى. شۇنداق خىسلەتلىك جايلار مۇشۇ شەھەردە ئىدى. شەھەر سوغۇق بولسىمۇ گۈزەل ئىدى، شەھەر ئاچچىقى يامان بولسىمۇ مېھرىباندەك قىلاتتى.

ناھايىتى چوڭ زالدا ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ، ئالدىرىشىپ بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ مۈدۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. بۇ يەردە جان يار ئۈستىدە تۇراتتى. جاننى قوغدىغۇچىلار بىلەن جاننى ئېلىپ كەتكۈچىلەر ئارىسىدا كۈرەش بولاتتى. جاننى قوغدىغۇچىلار پەرىشتىلەر ئىدى، جاننى ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلار ئالۋاستىلار ئىدى.

پاك ـ پاكىز قار شەھەرنى پاتقاققا ئايلاندۇرۇۋاتاتتى. بىنالار سوغۇق، ھاۋا سوغۇق، كۆڭۈللەر سوغۇق ئىدى.

ئۇ شۇنداق ئويلىغانلىرىدا مېھرىبان بىر ئادەمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ ئادىمى ئىدى. مۇشۇ شەھەرنىڭ مېھرى ئىدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى قار ئاستىدا ئىدى. دېكابىرنىڭ سوغۇقى قار بىلەن تېخىمۇ كۈچەيگەن، ئاسمىنىدا قۇياشنى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ شەھەردە بىر قۇياش مۇستەھكەم تۆمۈر ئىشىكلىك بىر ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىلدى.

«كىرسەڭ بولمايدۇ، بىر كۈندە ئىككى قېتىم كۆرۈشكە بولىدۇ، ھەر قېتىمدا يېرىم سائەت...»

مەن ھاڭ-تاڭ قالدىم. غەزىپىم كەلدى. قانداقتۇر ناھەق، تەتۈر ئىشقا دۇچ كەلگەندەك بوغۇلۇپ چاپچىپ باقتىم. تىركىششلىرىم، سۆزلەشلىرىم ھېچنېمىگە يارىمىدى، ئاقمىدى.

چىرايىدىن ئىللىق تەبەسسۇم، ئادىمىيلىك نۇرى پارلاپ تۇرىدىغان بىر كىشى ماڭا ئىسسىق ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى سۇندى:

— قاچانغىچە كېرەك بولسا شۇ چاغقىچە ئىشلىتىڭ، يىراقتىن كەپسىز.

ۋەزمىن بىر ئاۋاز يوللىرى پاتقاق شەھەردە ئىسسىق نۇر بولۇپ تارالدى.

ئىككىمىز تۇنجى يۈز كۆرۈشكەندۇق.

— رەھمەت ئابلىمىتكا.

شۇ چاغدا قار ئاستىدىكى بۇ شەھەر يورۇپ كەتتى. ئىسسىپ كەتتى. بۇ شەھەردە مەن كۈتمىگەن بىر مۇھەببەت كۈندەك پارلاپ چىقىۋاتاتتى. مەن ئۇ كىشىنىڭ شۇ چاغدىكى پارلاپ تۇرغان چىرايىنى ناھايىتى ئۇزاققىچە ئېسىمدىن چىقىرالمايدىغانلىقىمنى شۇ چاغدا بىلگەنىدىم، شۇ كىشىنىڭ چىرايى، شۇ كىشىنىڭ پىكرى، شۇ كىشىنىڭ تەپەككۇرى، شۇ كىشىنىڭ ئەقلى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

قار يېغىۋاتاتتى، قار ناھايىتى ئاستا يېغىۋاتاتتى. يوللار پاتقاققا ئايلانغان، بۇ شەھەردە ئادەمدىن ماشىنا تولا ئىدى. ئادەملەر بىر ياققا كېتىپ شەھەرنى ماشىنا بېسىۋالغاندەك تەسىر بېرەتتى.

دوختۇرخانا مۇزدەك سوغۇق ئىدى، جىمى ئىسسىقلىق، ئىللىقلىق، بىر يەرگە كەتكەندەك تۇيۇلاتتى.

بۇنداق دېسە بولمايدىغانلىقىنى جىق ئادەملەر بىلىدۇ، بۇ شەھەرگە جىمى خىسلەت جەم بولغان، بۇ شەھەرگە جىمى خۇشاللىق جەم بولغان، بۇ شەھەرگە جىمى ياخشى ئادەملەر جەم بولغان، بۇ شەھەردە بىرلا نەرسە كەمدەك قىلاتتى، نېمە ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم. بىلگۈم بار ئىدى، بىلەلمەيتتىم، ئىشقىلىپ مۇھىم بىر نەرسە كەم ئىدى.

ماڭا پەرىشتە بولۇپ كۆرۈنگەن ئاق خالاتلىق بىرسى مۇلايىم، ئىشەنچلىك ئاھاڭدا:

تىرىشىمىز، ئىمكان بولسا ساقايتىمىز، — دېدى.

بۇ سۆز ماڭا ۋەدە بولۇپ تۇيۇلدى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ سۆزنىڭ پەقەت «ئۆيلەرگە بېرىڭلار...» دېگەنگە ئوخشاش مۇنداقلا دېيىلىدىغان تايىنى يوق ھەم بىمەززە بىر گەپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاستىدا كىشى چىدىغۇسىز بىر مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ پارقىراپ ياتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم، شۇ چاغدا كۆڭۈل ياساش بوپتۇ.

— ياخشى بوپ كېتىسىز، بۇ يەردە دوختۇرنىڭمۇ، دورا بىلەن ئۇسكۈنىنىڭمۇ ئەڭ ياخشىسى بار. خاتىرجەم بولۇڭ

...

مەن شۇنداق دېدىم. پۇل، دورا، ئۇسكۈنە ياكى دوختۇر دېگەننىڭ نېمىلىكىنى مەن بىر قۇياشنى مىڭ ھەسرەت بىلەن قارا يەرگە كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن ئۇقتۇم.

ئاۋازى بوغۇق، پەقەت ئايالغا ئوخشىمايدىغان بىر ئايال مۇستەھكەم تۆمۈر ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغانلارنىڭ تۇغقانلىرى يېتىۋاتقان كاردۋاتنىڭ ئاۋازىنى شۇ قەدەر يېقىمسىز بىر ئاھاڭدا ئوقۇشقا باشلىدى. ئادەملەر ئىتتىرىشەتتى، تۇرتۇشەتتى، ۋارقىرىشاتتى. بۇ يەردىن تەسلىك، نەسلىك، ئىچ پۇشۇقى، ئۆچمەنلىك ھىدى كېلىپ تۇراتتى. سىز قەيەردىن.

— تۇرپاندىن.

— كىم ياتقاندى.

— ئانامنى ياتقۇزغان، كۈنلۈكى 5000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل كېتىۋاتىدۇ، 20 كۈندىن ئاشتى.

— خۇدا ئاسانلىقنى بەرسۇن.

تۆمۈر ئىشىك شۇ قەدەر سوغۇق ئىدى. شۇ قەدەر مۇستەھكەم ئىدى، نومۇر چاقىرىۋاتقان ئايالنىڭ ئاۋازى شۇنداق سوغۇق ئىدى، شۇنداق قاتتىق ھەم يىرىك ئىدى.

— قوشۇمچە 18 - كارىۋات...

بىر يۈرەك تىترەپ، ھاياجاندىن ئۆزىگە ئوخشىماي قالدى. بۇ يەردە كۆزلەردىن ياش چىقمايدۇ. كۆڭۈللەر مۇزدەك سوۋۇپ كېتىدۇ، يۈرەكلەر تاشتەك قېتىپ كېتىدۇ. ناھايىتى نۇرغۇن ئۆلۈم لەشكەرلىرى زەھەرخەندىلىك، ئاچ كۆزلۈك چېقنىغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ مۇشۇ يەردە لاغايلاپ يۈرىدۇ، بۇ يەردە جان ئېرىنچەكلىك بىلەن چىقىدۇ، بۇ يەردە جان ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىدۇ، ئەمما جەزمەن بىر ئۈمىد كىشىنىڭ يۈرىكىگە كەپلىشىپ تۇرىدۇ. ئۈمىد كىشىنىڭ ئىچ-باغرىنى كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ، تۇيغۇلىرىنى ئۆرتەپ تۇرىدۇ، ھەر مىنۇت بىر يىلنىڭ قۇۋۋىتىدە بازغاندەك ئېغىر بولۇپ يۈرەككە ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ.

— دەرھال پۇل تاپشۇرۇڭلار.

— مانا ھازىر...

بىرەيلەن خۇددى ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك قورقۇپ تىترەپ تۇرۇپ بانكا تەرەپكە يۈگۈردى. سوغۇق جانغا تېگەتتى، ئەمما ئۇ سوغۇق ھېس قىلمىدى. ئالقىنىدىكى كارتا تەرگە پىشقانىدى. ماشىنىلار سوغۇق تارتىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. قار پاتقاقتا ئايلىنىپ كەتكەن، قىپقىزىل پۇللار كىچىككىنە بىر تۆشۈكتىن شاراقلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشتى. پۇلنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان بىلىپ قويسا بولاتتى، ئىلگىرى بىلمىگەن بولسا ئەمدى بىلىپ قويمىسا بولمايدىغان يەرگە يەتكەندەك قىلاتتى.

قارلار قاپقارا بولۇپ يېغىشقا باشلىدى. ئالۋاستىنىڭ تەنقى تاپ ھىدى كەبى ھەممە ياقنى قاپلاشقا باشلىدى. گۈللەر قۇرۇپ كەتتى، مۈشۈكلەر چاشقاندىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى. يۈرەكلەرنىڭ تەپتى كەتتى. قارا قار ئۇزاق ياغمايدۇ. ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك سەلتەنىتى ھەممىدىن ئۈستۈن كېلىدۇ. بۇ گەپنى دەپ باقمىدىم. مەن سۆيگەن دۇنيا گۈلگە تولسا... يىلان ـ چايانىنىڭ دەھشىتىدىن خالىي بولسا... پەرىشتىنىڭ يەغىسى، ئالۋاستىنىڭ كۈلكىسى ئاڭلانمىسا...

قاپقارا بۇلۇتلارغا قاراپ، زېمىننىڭ يىراقتىكى چېتى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ئاسمانغا قاراپ، يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىنىڭ ئىنسابلىق كۆزلىرىگە قاراپ شۇنداق دۇئا قىلدىم.

ئۇ ئەزەلدىن كۆرمىگەن، ھېس قىلمىغان بىر نەرسە ئۇنىڭغا مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇراتتى. كۈلكىسىنىڭ مەسخىرىسى مۇز پىچاقتەك يۈرەككە سانجىلاتتى، گۇناھ رەڭ يۈز تېرىلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

— ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

بىر ۋەزمىن ئاۋاز روھىمغا سىڭدى. ئۇنىڭ ماڭا ئاچقۇچ سۇنۇۋاتقان چاغدىكى ھالىتى خۇددى ئاۋازىغا ئوخشاش مېھىر خاتىرىسى بولۇپ كۆڭلۈمدە ساقلىنىپ تۇراتتى.

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بانكىنىڭ سىرلىق، قېلىن ئەينەك توسۇقنىڭ نېرىسىدىكى مۇزدەك تەلەتىدىن ئىسسىقلىق دېگەن نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بانكا خادىمىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن پۇل ناھايىتى يىراقتىن قانداقتۇر كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر يوللار بىلەن ئۇنىڭ قولىغا تېگىۋاتاتتى. كىشىلەر بۇ دېگەن ئاددىي ئىشلار دېيىشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ 1000 كىلومېتىر نېرىدىكى بىر يەرگە سېلىۋەتكەن پۇلنى ئۇزاق بىر يەردىن ئالالىشى ئۇنىڭغا سىرلىق تۇيۇلۇپ قالاتتى.

ھەممەيلەن تەييارلىق قىلايلى، مۇشۇ يەردە داۋالاتماقتىن ئۆزگە چارە يوق ئىكەن، پۇلنىڭ ئىشى مۇھىمدەك قىلىدۇ.

— نېمە كەتسە مەيلى...

ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا يېقىنلىرىنىڭ بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇ بۇرۇنمۇ ھېس قىلغانىدى. يۈرىكىگە ئىسسىق بىر تۇيغۇ دەۋرەپ كىردى.

— بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۆتۈڭلار، يات ئادەمنى بىر تۇغقان قىلىۋالغىلى بولمايدۇ.

مېھىرلىك ئادەمنىڭ ئىسسىق، مېھىرلىك ئۆيىدە بىر نەچچە يۈرەك ياراتقۇچىدىن ئاسانلىق تىلەۋاتاتتى.

— ئوكۇلنى توختاتتۇق، پۇل تاپشۇرۇڭلار، تېز بولۇڭلار...

مۇشۇنداق چاغدا بەك يېقىمسىز بىر كۈلكە كىشىنىڭ جىمى ئەقىدىسىنى، پاراستىنى، ئارزۇسىنى پارە ـ پارە قىلىۋېتەتتى. پاك ـ پاكىز روھقا كۈل سۇپۇرۇندىدەك بىر نېمىلەر تۆكۈلەتتى. ئالۋاستى پاكىز يەرلەرگە ئېپلاس ئىز قالدۇرۇپ قويۇشقا تەييار تۇراتتى. ئادەم دېگەن قۇدرەتلىك يارىتىلغان دېيىشىدۇ. بەزىدە ئادەمدەك ئاجىز مەخلۇقنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى سەسكىنىپ كەتتى. گەپ مۇشۇنداق دېيىلسىمۇ بىز ئالۋاستى دېگەنلەرنىڭ بىزدىن ئۈستۈن ياكى غالىپ ئىكەنلىكىگە ھېچقاچان ئىشەنمەيمىز.

ئۇنىڭ ئانىسى ئۇ بىلمەيدىغان تۆمۈر ئىشىكلىك ئۆينىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ يەردە كىشىنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرىدىغان ئالۋاستى چىراي ئۈسكۈنىلەر بار ئىدى، تەلەتى سۆرۈن، كۈلسىمۇ، گەپ قىلسىمۇ راستلىقىغا پەقەت ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئالدىراش يۈرۈشەتتى. شۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئۆلۈم ئالۋاستىلىرى يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەندەك قىلاتتى. قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولمايدىغان ئاۋازدا بىر ـ بىرى بىلەن كىمنىڭ قانچىلىك ئۆمرى قالغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— پۇل بەر، بولمىسا ئاناڭنىڭ جېنىنى ئالىمەن ...

گاھ ـ گاھ مۇشۇنداق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى، بۇ ئاۋاز ئەمەس ئىدى، ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلان-مايتتى، يۈرەكنە ياڭراپ قالاتتى، كۆڭۈللەرنىڭ ئىسسىق يەر-لىرىنى مۇزلىتىپ ئاڭلىنىپ قالاتتى. كۆز يېشىنىڭ دەريا بولۇپ ئاقسىمۇ، بىلىقلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ يۈرسىمۇ شۇ ئاۋاز ياڭراپ تۇ-راتتى، ئاڭلىغىلى بولمايتتى، گۈلدۈرلەپ تۇراتتى، سەزگىلى بولمايتتى، چاياندەك چېقىپ تۇراتتى.

بۇ يەردە پۇلغا جانىنى سېتىۋالدىغان بىر توختام تۈزۈ-لەتتى، ئەمما ئۇنىڭغا ھېچكىم رىئايە قىلمايتتى. توختامنىڭ پەقەت پۇل ماددىسى شەكسىز ھەم مۇتلەق ئىجرا بولاتتى، قالغان قىسىملىرى ئەمەلگە ئاشمايتتى، ئەمەلگە ئېشىپ قالسا ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق بولاتتى، ئەمەلگە ئاشماي قالسا بىر تەرەپ ھەممىنى شەرتسىز ئۈزىدىن كۆرەتتى.

— بىز خۇدا ئەمەس، تىرىشىپ باقمىز.

بۇ يوللۇق گەپ ئىدى. بۇ جاھاندىكى بەزى يوللۇق گەپلەرگىمۇ تۇفى دېگۈڭ كېلىدۇ.

ئۇنى ھېچكىم ئاغرىپ قالسۇن دېمىگەن، ئۇنى ھېچكىم چاقىرىپ كەلمىگەن، توغرا، ھېچكىم چاقىرىپ كەلمىگەن، بۇ يەردە موھتاجلىق، ئۈمىد ۋە ئازاب ئارىلىشىپ كەتكەن، بۇ يەردە يۇمشاقلىق، ئىللىقلىق دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى باشقىچە مەنە ئېلىپ قالغان. ھەممە نەرسىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ ھەممە نەرسىدىن مېھرىبانلىق چېقىپ تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇ نەرسىلەرنى سەزگىلى بولمايدۇ، ھېس قىل-غىلى بولمايدۇ. بار ئىكەنلىكىگە ئۆزۈڭنى ئىشەندۈرۈپ كۆڭ-لۈڭنى توق تۇتۇشقا مەجبۇر بولىسەن، بۇ يەردە ئالۋاستى يوق دەپ ئىشەنسەڭمۇ، ئەمما يەنىلا قورقىمەن، پولات ئې-شكتىن كۈلۈپ چىققان ئانامنى باغرىمغا باسسام دەيمەن، مۇشۇ مۇزدەك دەملەرنىڭ تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشىنى تىلەي-مەن.

— پۇل دېگەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسە. مەن مۇشۇ گەپكە قار ياغقان مۇشۇ كۈندە ئىشەنمىدىم، ئەزەلدىن ئىشەنمىگەندەك قىلاتتىم.

— پۇل بولسا ھەممە بولىدۇ.

مەن بۇ گەپكە ئىشەنمىدىم، بۇرۇندىن ئىشەنمىگەندەك قىلاتتىم. سومكامدا، يانچۇقۇمدا، كارتىدا لىققىدە پۇل تۇرۇپ مەن ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك جانىنى مەڭگۈلۈك ئۈزىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

جان خۇدانىڭ.

سۆھبى ئالەم.

بۇ يەردىكى ئادەملەرنى تىللاشمۇ، ماختاشمۇ ھېچكىم-نىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. چىرايلىق بىر قىز قويۇق تۇرپان شۇنىسىدە:

— قانداقراق تۇردىڭ، — دېدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى. زىناقلىرى كۈلۈپ تۇراتتى، قىسقا ياسىتىۋالغان چاچلىرى كۆپۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىۋاتاتتى. قار ياغقان كۈندە، مۇزدەك مۇشۇ كۈنلەردە بۇ قىزنىڭ چىرا-يىدا باھارنىڭ تەپتى پارلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان پەگاز قاپاق، قارامۇتۇق سېمىز ئانىسى ياخ-شىلىنىپ كارىۋاتتىن چۈشۈش ئالدىدا تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا بەخت تىلىدىم. مەن قائىدە بويىچە ياخشى بولۇپ قالدى، دېدىم. خۇدادىن ياخشىلىنىپ كېتىشىنى تىلەيتتىم. بىر ئۆمۈر مېنى دەپلا ياشىغان، نۇرى سۇسلاپ كەتكەن قۇياش، مېنىڭ، مېنىڭ دۇنيارىمنىڭ، مېنىڭ روھىمنىڭ، مېنىڭ ۋۇجۇ-دۇمنىڭ قۇياشى... مەن كۆرەلمەيدىغان سوغۇق قوللارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغاندەك قىلاتتى. قۇياشىمنىڭ قىي-نىلىپ تۇرۇپ: «مەن ساقىيامدىكەنمەن...» دېگەن ئاخىرقى ئاۋازى قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ. ئاۋادا ساقىيىپ كەتسە... مەن ئۈچۈن دۇنيا قايتا ئايرىدە بولاتتى، مەن دۇنياغا قايتىدىن كەلگەندەك بولاتتىم.

چىرايلىق، ئەمما چىرايىنىڭ ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىغۇدەك تۈيغۇسىز بىر ئايال مېنى 28 ـ قەۋەتكە چاقىرتىپ چىقتى.

— ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭلار قانداقراق.

— ياخشى.

— ئۇنداق بولسا بولغۇدەك، بۇنى ياخشى ئوقۇپ ئەستايىدىل كۆرۈپ بېقىڭ، بىز مۇشۇ بويىچە داۋالىماقچى.

بۇ داۋالاش لايىھەسىدەك بىر نېمە بولسا كېرەك، مەن خېلى زېھنىمنى يىغىپمۇ ئۇنى تولۇق چۈشىنەلمىدىم. پەقەت داۋالاش جەريانىدا ھەرقانداق يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا بۇنىڭ ھەرقانداقىغا پالان ـ پۇستان دېيىشكە ھەققىم يوقلۇق-غا قول قويۇپ بېرىدىغان كېلىشىمدەك بىر نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

مۇشۇنداق چاغدا، مۇشۇنداق دەقىقىدە كىممۇ بۇنداق

توختامغا قول قويماي تۇرالايدۇ، ئۇ قوشۇلدى. بۇ يەردە نا-
هايىتى ئېغىر بىر ئۈمىد ئۇنى قاپساپ تۇراتتى. مۇشۇ يەردە
ئانىسى ساقىيىدىغاندەك، قۇياشى قايتا نۇر چاچىدىغاندەك،
مۇشۇ دوختۇرلار ساقايتالايدىغاندەك ئويلايتتى، خىياللىرىم
ئۈمىدكە ئايلىنىپ مېنى ئوراپ تۇراتتى.

— ناۋادا ساقىيالماي قالسا سىلەر قانداق مەسئۇلىيەتنى
ئۈستۈڭلارغا ئالىسىلەر.

كېسەللىك بىر ئالۋاستى ئىدى. كېسەللىككە مۇقابىل تو-
رىمەن، دەپ شۇنىڭدىن پايدا ئېلىۋاتقانلار تېخىمۇ قورقۇنچ-
لۇق ئالۋاستى ئىدى. پۇل قاقاقلاپ كۈلگىنىچە پەرىشتىنى ئال-
ۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. بىز بىلمەيدىغان ئاجايىپ سە-
ۋەبلەر، ئاجايىپ سىرلىق باشقۇرۇشلار ھەم نابۇت قىلىشلار،
نەپسى ھەۋەسنىڭ دوزاخ ئوتىدەك قورقۇنچلۇق تەپتىدىن
ئەقلىنى يوقاتقان پەرىشتىلەر ھايالشماي ئالۋاستى رەڭگىگە
كىرەتتى. بۇلار نېمىشقا تېگىشلىك نېسۋىسىنى ئېلىپ تۇرۇپ
خەقنىڭ يانچۇقىغا كۆز قىزارتىدۇ. مەن مۇشۇ گەپنى دېيەلمە-
دىم. مەن ئەمەس باشقىلارمۇ مۇشۇنداق چاغدا بۇ گەپنى دې-
يەلمەيدۇ. بىز ياشاۋاتقان دۇنيا بۇنداق گەپنى دېيىشكە بولماي-
دىغانلىقنى بىزگە مۇشۇنداق يەردە ھەر قەدەمدە بىر بىلدۈ-
رۈپ تۇرىدۇ، ئۇ بىر ۋاراق قەغەز بولسا مۇنداق بىر گەپلەرنى
يېزىپ قويغىسى كەلدى.

كېسەللىك ئالۋاستى بولۇپ ئادەملەرنى قىينايتتى، ئۈمىد،
ئىشەنچ، مېھىر دېگەنلەر پەرىشتە بولۇپ جاننى قۇتقۇزۇشقا كې-
رىشەتتى. كېسەللىك ئالۋاستىلىرى بىلەن پەرىشتىلەر ئىككى تە-
رەپتە تۇرۇپ جاننى تالىشاتتى، كېسەللىك ئالۋاستىلىرى ھايا-
سىزلىق بىلەن جانغا قول سوزاتتى. ئادەملەرگە جان كېرەك
بولسا پۇلنى بىر قولغا ئېلىپ تۇرۇپ يەنە بىر قولى بىلەن
جانغا قول سوزۇشى كېرەك بولاتتى. ئادەملەرنىڭ ھەر ئىككى
قولى بىكار بولمىغاچقا كۈچ ئىشلىتەلمەي قالاتتى. ئىككى
قولنىڭ بىرى، ئەقلىنىڭ يېرىمى، كۈچ- قۇۋۋىتىنىڭ تېگى
ياكى تەگدىن تولىسى پۇلغا كىرىشىپ قالغان سەۋەبتىن قۇتقۇز-
غۇچىلار كېسەللىك ئالۋاستىلىرى بىلەن رەقىب بولۇپ قالغ-
لى تاسلا قالاتتى.

— ئۇلارمۇ ئادەم، يېيىشى، كىيىشى، ئىچىشى كېرەك،
يەنە ئۆيۈن- تاماشىغا پۇل كېتىدۇ، بۇ پۇل بىلەن نەپەس ئال-
دىغان شەھەر، ئىشىم ئوڭ بولسۇن دېسەڭ پۇلنىڭ كۆزىگە قا-
رىما.

— قانداق قىلسام بولار.

بىرسى ھاڭۋاقاندەك سورىدى.

— پۇل بولسا بولىدۇ ياكى قىممەتلىك يەرلىك مەھسۇ-
لاتلاردىن بولسىمۇ بولىدۇ.

مائاش ئېلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا خەقنىڭ بىر نېمە بېرىد-
شىنى تەمە قىلىدىغاندۇ، دېگەن گەپنى دېيەلمىدى. كىم بىرسى
پىچىرلاپ تۇرۇپ بۇ يەردىكى پەرىشتىلەرنىڭ ئايدا ئالىدىغان
ھەققىنى دەپ بېرىشىدى ئۇ ھەيران قالدى. ئۇ پالاقلاپ بىر
يىلدا ئالىدىغان ھەققىنى پەرىشتىلەر بىر ئايدىلا ئالاتتى. جان
قىممەتلىك نەرسە، قىممەتلىك جاننى ساقلاپ بەرگەندىكىن
بۇنچىلىك ئېلىشىم، ھەق، دەپ ئويلايدىغاندەك قىلاتتى.
مىليون ئادەملەر پۇل تاپىدۇ، پۇل يىغىدۇ، پۇلنى نېمىشقا تا-
پىدۇ، جاننى ساقلاش ئۈچۈنغۇ، جاننى مەن ساقلاپ قالغا-
دىكىن ماڭا بەرمەي كىمگە بېرىدۇ. بولمىسا كۆتۈر قاسق-
نىڭنى...

— ھەرگىز يىقىلىپ چۈشمەڭ.

قويۇق تۇرپان شېۋىسىدە سۆزلەيدىغان قىزنىڭ باھار-
دەك يېقىملىق چىرايى بىلەن مېھرلىك كىشىنىڭ ۋەزمىن ئاھاڭ-
دا دېگەن سۆزلىرى تومۇرلىرىمدا ماتانەتلىك شۇۋۇلدايتتى.

كىچىككىنە ئېكراندا كېسەللىك خاتىرىسىنىڭ جەدۋەللىك
گىرافىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇياشىمنىڭ جېنى شۇ ھالدا چاسا
- چاسا كاتەكلەرگە بۆلۈنۈپ، شۇ كاتەكچىلەر ئارىسىدا تۇرۇ-
ۋاتقاندەك، ئاشۇ كاتەكچىلەردىكى سان- سىپىرلار ئۆزگەرسە
دۇنياغا بىر شېرىن كۆلۈمسىرەش تارقىلىدىغاندەك، مەن
ئۈچۈن جەننەت كۆيى كەبى: «بالام، مەن ساقايدىم، ئۆيگە
كېتەيلى...» دەپ، ئورنىدىن تۇرىدىغاندەك ئويلاپ كەتتىم.
كۆزلىرىم ئېكرانغا مىختەك قادالغانىدى، بىر سان بار ئىدى.
شۇ نەرسە پەسلىسە جاننى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى، مەن خۇش
بولدۇم، شۇ چاغدا چىرايىمنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى
ھېس قىلالمايمەن. قورقۇنچلۇق سان كىچىكلىگەنىدى، بۇ
جەننەتنىڭ يېقىملىق پىچىرلىغىنىدەك خۇشاللىق ئىدى. بۇ سان
قانچە يۇقىرى بولسا شۇنچە قورقۇنچلۇق ئىدى.

— تۆۋەنلەپتۇ،— دېدىم مەن ئاستا ئەمما ھاياجان
بىلەن.

— نەدە تۆۋەنلەپتۇ، يۇقىرىلاپ كەتكەن گەپ بۇ.

— تۈنۈگۈنكىدىن تۆۋەن تۇرمامدۇ.

— دوختۇر سىزمۇ يا مەنمۇ...

ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدىم. ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيتتى، بىز خۇدادىن مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەردىن ساقلاشنى تىلىسەك بولىدۇ. ئەقىلسىز ئادەملەرگە يولۇقۇپ قېلىش خۇدانىڭ ئۇرغىنىدىن بېشارەت.

پەرىشتىلەر بىلەن ئالۋاستىلار ئارىلىشىپ كەتكەندەك ئىدى.

ئادەملەر بىلەن پەرىشتىلەر بۇرۇندىن بىللە ياشاپ كەلگەن دۇنيادا ياشاۋاتاتتىم.

جان يېپىنى قولىغا ئالغان دۆت ئادەملەر ئالۋاستى بولىدۇ.

جان يېپىنى تۇتۇپ تۇرغان بىپەرۋا ئادەملەر ئالۋاستى بولىدۇ.

مەن گەپ قىلمىدىم. شۇبھە بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ پاقىنىڭكىدەك نۇرسىز ئەپتى، بىكاردىن-بىكار غادىيىۋالىدىغان ئادەملەردە بولىدىغان ياسالما قىياپەت ماڭا ئۇنى ئالۋاستى قىلىپ كۆرسەتتى. مەن ئۇنىڭ شۇ چاغدا تۆۋەنلىگەن سانىنى نېمە ئۈچۈن يۇقىرى دەپ تۇرۇۋالغىنىنى بىلەلمىدىم، بەلكىم ئۇ بىلمەيدىغاندۇ، جاننى قۇتقۇزىدىغان ئادەم جاننى قۇتقۇزۇشنىڭ ئاددىي تەدبىرلىرىنى بىلمەي قۇتقۇزىدىغان سالاھىيەتلىك بولۇۋالسا ياكى يالغاندىن قۇتقۇزغان ھالغا كىرىۋالسا، كىرىۋالماقچى بولسا بۇ ئادەم ئالۋاستىغا بولۇشقان بولىدۇ. ئالۋاستىنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ گېپىنى جىق ئادەملەرگە دەپ بېرىشىم مۇمكىن. مەن دېسەم-دېمىسەم ئەمەلىيەتتە بۇ مۇشۇنداق ئىش. ئۇ مېنى قورقۇتۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ، يەنە بەلكىم پەرۋاسىزلىق قىلغاندۇ، يۇقىرى دېيىش بىلەن تۆۋەن دېيىشنىڭ پەرقى يوق ياكى بۇلار چۈشەنمىگەندىكىن نېمە دېسەم بولىدۇ دەپ ئويلىغاندۇ. مەيلى نېمە دېسۇن ياكى ئويلىسۇن مۇشۇ ئىللەتلەرنىڭ قايسى بىرى ئۇنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتىدۇ، بۇ يەردە جان، بىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا ئالۋاستىلار چاڭ سېلىۋاتىدۇ، ئۇمۇ بايىقى ئىشلىرى بىلەن شۇلار قاتارىغا كىرىپ كەتتى.

بەردەم بولۇڭ.

مېھىرلىك ئادەمنىڭ ۋەزمىن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. بىز مۇشۇنداق ئاۋازلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئالۋاستىلارنىڭ چاڭگىلىدىن نېرى تۇرساق كېرەك، ماڭا ھېلىقى گەپنى دەيدىغانلار ناھايىتى جىق ئىدى، قۇۋۋەت مۇشۇ ئاۋازلاردىن كېلىدۇ.

مەن ئاق خالات كىيىۋالغان ئادەمنىڭ بىپەرۋا، ھاڭۋاقتى چىرايىغا قاراپلا قالدىم.

ئانامنىڭ، ئانامغا ئوخشىغان ئانىلارنىڭ، مەندەك بالىسى بار بارلىق ئانىلارنىڭ جېنىنى ئەپكەتمەكچى بولغان كېسەللىك ئالۋاستىلىرى خۇددى مۇشۇنداق ئادەملەرگە ئوخشاپ قالسا كېرەك.

بىزنىڭ بۇ يەرگە ئەكەلگىنىمىز جان ئىدى.

بىزنىڭ بۇ يەرگە ئەكەلگىنىمىز ھاياتلىق ئىدى. ھاياتلىقنى قوغداش، ئاسراش، ۋەزىپىمىز دەيدىغانلارنىڭ ئالدىغا ئېشىنىپ ئېلىپ كەلگىنىمىز مەڭگۈلۈك ئۈمىد ئىدى.

پەرىشتە ئالۋاستىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كەتتى.

پەرىشتىگە ئايلىنالمىدى.

ئادەم ئادەم بولالمىسا، ئادەمگە ئوخشىيالمىسا، ئادەم بولۇشقا كۆچى يەتمىسە ئالۋاستى بولىدۇ، مۇشۇ يەردە شۇنداق.

پاجىئە... پاجىئە... پاجىئە...

نەس باسقۇر ھايۋان.

ئادەم تىللاشنى يامان كۆرەتتىم، ئەمما مەن شۇ چاغ ئادەم تىللىدىم، مېنىڭ تىللىغىنىم يالغۇز مۇشۇ نەس باسقۇر ھايۋان ئەمەس، مۇشۇ نەس باسقۇر ھايۋانغا ئوخشايدىغان ناھايىتى نۇرغۇن نەس باسقۇر ھايۋانلار، كېسەك تۆككەن يەردە، تام سوققان يەردە، ئۆستەڭ چاپقان يەردە خاتا بولۇپ قالسا خەيرىيەت، تۈزىگىلى بولار. جاننى ساقلايمىز، قۇتقۇزىمىز دېگەن يەردە خاتا ئىش بولسا، دۆت ئادەملەر بولۇپ قالسا قورقۇنچلۇق ئىش بولىدۇ. بالا-قازا ئېلىپ كېلىدۇ ياكى بالا-قازانىڭ ئۆزى بولىدۇ، مەن مۇشۇ گەپلەرنى كىم بىرلىرىگە دېمەكچى بولدۇم، دېيەلمىدىم. نېمىلا گەپ بولسا دېگىلى، نېمە مەسىلە بولسا ھەل قىلىپ بولغىلى بولمايتتى. يەنە كېلىپ مەن قىلالمايتتىم، مەن شۇ چاغدا بىز ياشاپ تۇرغان بۇ دۇنيانىڭ تاش تاغدەك قاتتىق، مۇستەھكەم ھەم سوغۇقلۇقىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. بۇنداق دېسەم بولمايتتى، بۇ دۇنيادا كۈلۈپ تۇرغان چىرايلار، مېھرىبان يۈرەكلەر، تېپىلغۇسىز گۈزەللىكلەر بار ئىدى. مەن ئىلگىرى مۇشۇنداق ئويلايتتىم، ئەمما مەن شۇنچە تىرىشىپمۇ شۇ چاغدا مۇشۇنداق ئويلىيالمىدىم.

قوياش ئۆچتى.

ئالۋاستىلار تەنتەنە قىلىشتى.

تەنتەنە ساداسىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى، ئەمما قولاقنى يېرىۋېتەتتى.

پەرىشتىلەر ياش تۆكتى. ماڭا مېھىر كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ ماڭا تەسەللى ئېيتقان ۋەزمىن، قايغۇلۇق ئاۋازى ئالۋاستىلارنىڭ تەنتەنىسىنى بېسىپ چۈشتى، توزۇتۇۋەتتى.

مەن مۇزدەك سوغۇق ئۈرۈمچى شەھىرىدە يىغلىدىم، كۆز ياشلىرىم مۇزدەك سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەن شەھەرنىڭ پاتقاق كوچىلىرىغا تۆكۈلدى، يۈرىكىمنىڭ پىغانلىرى، ھاياتلىققا بولغان سۆيگۈمنىڭ سولغان گۈللىرىدىن تۆكۈلگەن بەرگىلەر ئاشۇ پاتقاق كوچىلاردا قالدى.

— رەسمىيەت ئۆتەپ كەل.

پاتقاق كوچىلاردىن ئۆتۈپ پاتقاق تار يوللاردىن ئۆتۈپ بىر يەرلەرگە يۈگۈردۈم.

— كارتا قېنى.

— مانا.

— ئاۋۇ تۆشۈككە ئېلىپ بار، رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىدۇ.

ئاخىرقى تەكشۈرۈشكە ئالىدىغان پۇلنى ئالدى.

— ئەمدى ئارقا بىناغا بارساڭ رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىدۇ.

مەن ناھايىتى تەستە ئۇلار دېگەن ئىشىكنى تاپتىم، بەش كىشىنىڭ ھەممىسى بىردىن كومپيۇتېرغا قاراپ ئولتۇراتتى، بۇ يەردە نېمە رەسمىيەت ئۆتەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، ئارىسىدىكى كۆزەينەك تاقىغان بىرسى قولۇمدىكى قەغەزنى ئېلىپ ئالدىرىماي بەكمۇ ئاستا خەت يېزىشقا باشلىدى. پات - پات يېنىدىكى بىرەيلەنگە بىر نېمىلەرنى دەپ قوياتتى، زەن سالسام قىزىق بىر ئىشنى دېيىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، چاقچاقلاشقاچ قوي بوغۇزلاۋاتقان قاسساپلارنىڭ بويىدىن كېلىدىغان قان ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى.

— بۇ نېمە رەسمىيەت.

چەتتە ئولتۇرغان تونۇش چىراي ئايالدىن سورىدىم.

— ئۆلگەنلىك ئىسپاتنامىسى.

— نېمە.

— بۇ ئىسپاتنامە بولمىسا يەرلىك ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

مەن ئۇلارغا پۇلنى بېرىپ ھارغىن قايتىپ چىقتىم. ئۆلۈپ كەتكىنى ئاناملا ئەمەستەك قىلاتتى، ئانامغا ئوخشايدىغان ئانالارلا ئەمەستەك قىلاتتى، بۇ يەردە ھەر كۈنى دېگۈدەك ناھايىتى مۇھىم نەرسىلەر ئۆلۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بايىقى ئادەمنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈم ئىسپاتنامىسىنى شۇنداق بىمالال، قىزىقارلىق گەپلەرنى دېگەچ يېزىشى ماڭا بەك جىق ئىشلارنى دەپ بېرىدىغاندەك قىلاتتى.

مەن بىنانىڭ تاش پەلەمپەيلىرىدىن چۈشۈۋېتىپ ماڭا مېھىر كۆرسەتكەن ئادەمنى ئەسلىدىم، مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ مەن ئۈچۈن قايغۇرغان دىلداشلىرىمنى ئەسلىدىم، مېھىر بىلەن سوغۇقلۇق، ئىسسىق چىراي بىلەن مۇزدەك تەلەت، مەردانە قول بىلەن شەيتانىنىڭ يىرگىنىشلىك بارماقلىرى بىر كوچىدا، بىر يولدا، بىر ئۈستەلدە بىللە تۇرىدىغانلىقىنى ھەسرەت ھەم ئۈمىد بىلەن خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

ئالۋاستىلار ئىس بولۇپ نەپەستىن يۈرەككە كىرىشكە ئۇمتۇلۇۋاتقاندەك ئىدى.

ئادەملەرنى يەپ كېتىشكە قۇتراۋاتقان جىنلار بىلەن جىنلارنى يوق قىلىشقا يۈرىكى، قەلبى بىلەن ئېتىلىۋاتقانلار بار ئىدى.

— ئۈرۈمچى دېگەن چوڭ شەھەر، سىزنى ئاپىرىپ كېلىمەن.

— جاپا تارتمىغىن بالام.

— جاپا ئەمەس، خۇدا بۇيرۇسا بىر بېرىپ كېلەرمىز.

ئانام ئۈرۈمچى شەھىرىگە كىرگەندە ئورنىدىن تۇرالمايتتى، ئانام بۇ قايناق شەھەرگە كىرگەندە گۈگۈم چۈشكەندى.

پەرىشتىلەر بىلەن ئالۋاستىلار مىغىلداپ يۈرگەن بىر جايدا بىر قوياش ئۈن - تىنسىز ئۆچتى.

نادامەت.

بىز ئۆچكەن قوياشنى ئېلىپ قايتتۇق، شەھەر سوغۇق ئىدى.

بۇ دۇنيادا ماڭا تالىق تەبەسسۇم ئۆچتى، ئەمما مەن قىياغا ئايلاندىم، بۇ دۇنيا ماڭا ئاتا قىلغان مېھىر بۇلىقى قۇرىدى، مەن توغراققا ئايلاندىم، بۇ دۇنيا ماڭا يەتكۈزگەن مېھىر ئوچىقىنىڭ ئوتى ئۆچتى، مەن يالقۇنغا ئايلاندىم.

2012 - يىلى 8 - ئاي

---

ئاپتور: يازغۇچى، چەرچەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا.



# تىلىمىزدىكى غەلىتە ھادىسىلەر ۋە زىيالىيلىرىمىزنىڭ تىل پوزىتسىيەسى

ئارسلان ئابدۇللا

## تىلىمىز ۋە دىلىمىز

تىل پوزىتسىيەسى تىلنىڭ ئىستېمال قىممىتىگە، يەنى تىلنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، رولى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالىغا بولغان تونۇش-چۈشەنچىلەر بولۇپ، مەدەنىيەت قارىشىنىڭ تىلدىكى كونكرېت ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. [1] تىل پوزىتسىيەسى كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر تىل ياكى دىيالېكت-شىۋە توغرىسىدىكى باھالىرىنى، خاھىشلىرىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، تىل ئىستېمالىدىكى قىلمىشلىرىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ تىل ئۆگىنىشىدە ۋە تىل ئىستېمالىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، ھەتتا تىلنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىياتى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، تىل پوزىتسىيەسى جەمئىيەت تىلشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم بىر تەتقىقات مەزمۇنى سۈپىتىدە 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىلا تىلشۇناسلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە تىلشۇناسلار بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ ئاساسلىق نىشانىنى ئوخشىمايدىغان توپ ۋە تەبىقىلەرنىڭ ئۆلچەملىك تىلغا ياكى ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيەلىرىنى تەكشۈرۈشكە قارىتىپ، «سوئال سوراپ تەكشۈرۈش»، «تىل قابىلىيىتىنى سىناش»، «نۇتۇقنى ئۆزگەرتىش-سەپلەش تەجرىبىسى»، «ۋاستىلىك سىناش» دېگەندەك ئۇسۇللارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنىڭدەك، شەخسلەرنىڭ، تەبىقىلەرنىڭ، ھەتتا رايونلارنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ تىل پوزىتسىيەلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش داۋامىدا، تىل پوزىتسىيەسى توغرىسىدا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قاراشنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلارنىڭ بىرى ئامېرىكىلىق مەشھۇر تىلشۇناس چومىسكىنىڭ «مېنتولىزم» (Mentalismus) ئۇقۇمى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن «روھىيەتچىلىك» يەنى «پسىخىكىزم» قارىشى، يەنە بىرى ئامېرىكىلىق ئالىم ج. ب. ۋوتسون تەبىئىي پەنلەرگە تەقلىد قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان «قىلمىشچىلىق» قارىشى، يەنى (فىزىكولىزم قارىشى، Physikalismus). [2] «روھىيەتچىلىك» قارىشىنىڭ تەرەپدارلىرى مۇنداق قارايدۇ: تىل پوزىتسىيەسى كىشىلەردە ئىنكاس پەيدا قىلىدىغان «غىدىق» بىلەن شۇ «غىدىق» پەيدا قىلغان ئىنكاس ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىلىك مىقدار ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئۇ تېخى قىلمىشقا ئايلانمىغان ھەرىكەت تەرەددۇتىدىنلا ئىبارەت، ئۇ تونۇش، ھېسسىيات ۋە مەيل دېگەندەك ئۈچ ئامىلغا ئايرىلىدۇ، تونۇش دېگىنىمىز — كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن بىر تىلغا ياكى ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرىغا بولغان چۈشەنچىسىنى كۆرسىتىدۇ، ھېسسىيات دېگىنىمىز — مۇئەييەن بىر تىلنى ياقتۇرۇش-ياقتۇرماسلىق، ئۇنىڭغا قىزىقىش-قىزىقماسلىق

تەرىقىسىدە ئىپادىلىنىدىغان كەيپىياتنى كۆرسىتىدۇ، مەيل دېگىنىمىز — كىشىلەرنىڭ تىل توغرىسىدىكى خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ. «قىلمىشچىلىق» قارىشىنىڭ تەرەپدارلىرى بولسا، تىل پوزىتسىيەسى مۇھىت ۋە شەرت-شارائىتقا بولغان ئىنكاستىن شەكىللىنىدۇ دەپ قاراپ، كىشىلەرنىڭ تىل ئىستېمالىدىكى قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشنى ۋە ئەمەلىي قىلمىشلار ئاساسىدا يەكۈن چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئەكسىچە، تەكشۈرۈلگۈچىلەرنىڭ تىل توغرىسىدىكى سۇبيېكتىپ باھالىرىنى ۋە تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ۋاستىلىك يەكۈنلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. [3]

مەملىكىتىمىزدىكى تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى «روھىيەتچىلىك» قارىشىغا ئاساسلىنىپ، تەتقىقاتنىڭ ئاساسلىق نىشانىنى كىشىلەرنىڭ ئۆلچەملىك تىل ۋە دىيالېكت-شېۋىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەلىرىنى تەكشۈرۈش ھەم ئېنىقلاشقا قاراتقان، قوللىنىلغان ئۇسۇلى ئاساسەن سوئال سوراپ تەكشۈرۈش ۋە نۇتۇقنى ئۆزگەرتىش-سەپلەش تەجرىبىسىدىن ئىبارەت. بەزى تىل ھادىسىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىشىمىزچە، كىشىلەرنىڭ تىل پوزىتسىيەسى شۇ تىلغا بولغان تونۇشى، ھېسسىياتى ۋە مەيلىدىلا ئىپادىلىنىپلا قالماي، كونكرېت قىلمىشلىرىدىمۇ، يەنى تىل ئىستېمالىدا ۋە تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ خېلى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك، مۇئەييەن بىر تەبىقە ياكى كوللېكتىپنىڭ تىل پوزىتسىيەسى ناھايىتى كۈچلۈك ۋارىسچانلىققا ئىگە بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق زامانلار داۋاملىشىدۇ، ھەتتا ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس قالىدۇ. شۇڭا «قىلمىشچىلىق» قارىشىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئاساسلىنىپ، يېڭىچە ئۇسۇللار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تىل پوزىتسىيەسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش — خاتا خاھىشلارنى ۋە قىلمىشلارنى تۈزىتىشتە، شۇنىڭدەك، «سوئال سوراپ تەكشۈرۈش» ئارقىلىق چىقىرىلغان يەكۈنلەرنىڭ بەزىدە تولۇق ياكى راستچىل بولماسلىقىدەك يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئاخبارات-نەشرىيات ئورۇنلىرىدىكى بىر قىسىم تەرجىمان-تەھرىرلەرنىڭ ئۆز تىلىغا تۇتقان پوزىتسىيەلىرىنى سوئال سوراپ تەكشۈرگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «تىلىمىز ناھايىتى بېيىملىق، ئىپادىلەش ئىقتىدارى يۇقىرى، قائىدىلىرى مۇكەممەل، ئۆگىنىشكە قولايلىق، چۈشىنىشلىك، تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق، بىز تىلىمىزنى ياخشى ئىگىلىشىمىز، توغرا ئىشلىتىشىمىز، بېيىتىشىمىز، تاكامۇللاشتۇرۇشىمىز كېرەك» دېگەندەك جاۋابلارنى بەرگەن بولسىمۇ، تىل ئەمەلىيىتىدە ئۇنداق قىلالمىغان. بەزىلىرى ھەتتا تىلىمىزنى بۇزىدىغان، چۈشىنىكسىز، مەنتىقىسىز تىل ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا كۆرۈلۈۋاتقان «يەر تەۋرەش ۋەكىللەر ئۆمىكى»، «ئەركەك قۇدا، چىشى قۇدا»، «قاتتىق يېمەكلىكلەرگە نىسبەتەن يۇمشاق چايناش ئېلىپ بارغاندا، ئاشقازاننىڭ ساغلاملىقىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دېگەندەك تىل ئادىتىمىزگە يات، ئىنتايىن قوپال تالاي-تالاي گەپ-سۆزلەر ئەنە شۇ ئېغىزىدا ئانا تىلىنى سۆيىدىغان، ئەمەلىيەتتە تىلىمىزنى بۇزۇۋاتقان بىر قىسىم مەسئۇلىيەتسىز تەرجىمان، تەھرىرلەرنىڭ «ئىجادىيەت»لىرىدۇر. دېمەك، «سوئال سوراپ تەكشۈرۈش» ئۇسۇلى بەزىدە كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي تىل پوزىتسىيەسىنى ئېنىقلىيالمايدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇيغۇرلار كەڭ قورساق، ئوچۇق-يورۇق، يېڭىلىققا بەكرەك ئىنتىلىدىغان خەلق، شۇڭا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ خەلقىمىزنىڭ مۇشۇ خىسلەت-پەزىلەتلىرىنى نامايان قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان ئورخۇن-يېنسەي يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، براھمى يېزىقى، مانى يېزىقى، سوغدى يېزىقى، نېستورىيان يېزىقى، تۈبۈت يېزىقى، ئەرەب يېزىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياكى قىسمەن قوللانغانلىقى، شامان دىنى، بۇددا دىنى، ئاتەش دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى، ئىسلام دىنىغا تولۇق ياكى قىسمەن ئېتىقاد قىلغانلىقى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خەنزۇ تىلى، سانسكرىت تىلى، ساك تىلى، تۇخار تىلى، سوغدى تىلى، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، موڭغۇل تىلى، رۇس تىلى قاتارلىق تىللار بىلەن ئۇچراشقانلىقى ۋە تەسىرلەشكەنلىكى، قىسقىسى، يېزىقنى ۋە دىنىي ئېتىقادنى پات-پات يەڭگۈشلەش ھەم كۆپلىگەن تىللار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش جەھەتلەردە رېكورت ياراتقانلىقى بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي-مەدەنىي ئالاقىلەرنىڭ شۇ قەدەر كەڭ، چوڭقۇر ھەم ئۇزاق بولغانلىقى ئۇيغۇر تىلى

ۋە مەدەنىيەتنىڭ زور دەرىجىدە بېيىشىغا تۈرتكە بولۇش
بىلەن بىللە، مەدەنىيەت گەنئەنىلىرىمىزدە بەزى گۇزۇكچە-
لىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىگە قارد-
ىغۇلارچە چوقۇنۇپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى كەمسىتىدىغان،
باشقىلارنىڭ تىلىنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلاپ، ئۆزىنىڭ
تىلىنى سۇندۇرىدىغان، باشقا تىللارنىڭ تەركىبلىرىنى توغرا
يېزىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۆز تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بۇزىدىغان
خاھىش ۋە قىلمىشلارنىڭ، بىر قىسىم غەلىتە ھادىسىلەرنىڭ
پەيدا بولۇشىغىمۇ قىسمەن سەۋەب بولغان. بۇنداق
ئەھۋال باشقا تىللاردا كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ، بەزى تىل-
لاردا زادىلا ئۇچرىمايدۇ.

تۆۋەندە، تىل پوزىتسىيەسى توغرىسىدىكى «قىلمىش-
چىلىق» قارىشى يەنى «فىزىكولىزم»نىڭ نۇقتىئىنەزەرىگە
ئاساسلىنىپ، ھازىرچە «تىل ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش ئۇ-
سۇلى» دەپ ئاملىغان ئۇسۇل بويىچە تىلىمىزدىكى «غەلى-
تە ھادىسىلەر»نى كۆرسىتىش ئارقىلىق، بىر قىسىم زىيالىل-
رىمىزدا ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىپ كەلگەن تىل پوزىتسى-
يەسىنى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرىنى قىسقىچە بايان
قىلىمىز.

## I تىلىمىزدىكى غەلىتە ھادىسىلەر

### 1. باشقا تىللاردىن زورمۇزور سۆز قوبۇل قىلىپ، ئانا تىل سۆزلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش

مەلۇمكى، تىل ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، تەرەققى-
يات داۋامىدا بىر مۇنچە سۆزلەر ئىستېمالدىن تەدرىجىي قا-
لىدۇ. بۇ تىل تەرەققىياتىدىكى نورمال ئەھۋال. ئالايلۇق،
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇڭۇر» (خوتۇن تەرەپتىن
بولغان تۇغقانلار)، «قاڭسىق» (ئۆگەي)، «كۈكۈي» (ئانا
جەمەت ھامما)، «بالدىز» (خوتۇنىنىڭ سىڭلىسى)،
«يۇرچ» (خوتۇنىنىڭ ئىنىسى)، «قاڭداش» (ئاتىسى بىر،
ئانىسى باشقا قېرىنداش)، «يەزنە» (ئاچىنىڭ ئېرى)،
«تۇنبەگ» (دەسلەپكى ئېرى)، «تۇتۇنچۇ» (ئاسراندا بالا)
دېگەن سۆزلەر ئۇيغۇرلاردا نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى-
گە ئەگىشىپ، ئىستېمالدىن ئاستا-ئاستا قېپقالغان سۆزلەر-
دۇر. لېكىن ئۇيغۇر تىلى ئەرەب-پارس تىللىرى بىلەن
ئۇچراشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ چاغاتاي تىلى دەۋرىدە،
ئەرەب-پارس تىللىرىدىكى بىر مۇنچە سۆزلەر ھېچقانداق
ئېھتىياج بولمىغان شارائىتتا زورمۇزور قوبۇل قىلىنىپ، تى-
لىمىزدا ئەسلىدە مەۋجۇت سۆزلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىل-
دى، نەتىجىدە رولىنى جارى قىلىۋاتقان ئانا تىل سۆزلىرى
لۇغەت تەركىبىمىزدىن چىقىرىۋېتىلدى. ئالايلۇق، قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلىدىكى «تىنلىغ، ئەرىنلىك، سوتۇق، ئىنانچ،
ئاڭلام، بىتكىن، چارداق، ئەردەم» دېگەن سۆزلەر ئەرەب-
چە ۋە پارسچە «ھايۋان، لەۋسۇرۇغ، ئاھاڭ، ئېتىقاد،
مەنە، كامالەت، سايىۋەن، پەزىلەت» دېگەن سۆزلەر زور-
مۇزور قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، لۇغەت تەركىبىمىزدىن
چىقىرىۋېتىلگەن سۆزلەردۇر. «ئەت، ئەكمەك، چېچەك»
سۆزلىرى بولسا، پارس تىلىدىن زورمۇزور قوبۇل قىلىنغان
«گۆش (گوشت)، نان، گۈل (گۇل)» سۆزلىرىگە ئورۇن
بەرگەن، لېكىن لۇغەت تەركىبىدىن تېخى تولۇق چىقىرىۋې-
تىلمىگەن سۆزلەردۇر. تىلنىڭ نورمال تەرەققىياتىدىن قارد-
ىغاندا، ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن بۇ ئە-
رەبچە-پارسچە سۆزلەر، مەسىلەن: «گۈل، گۆش، نان»
دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر لۇغەت تەركىبىمىزگە كىرمەسلى-
كى كېرەك ئىدى. چۈنكى، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن
ئۇزاق مۇددەت شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلار ئەينى دەۋرلەرد
يايلاقلىرىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەت يەپ، ئەتتىن ز
رىككەندە ئەكمەك يەپ، ئات-ئۇلاغلىرىنى يايلاتقا
خىلمۇخىل چېچەكلەردىن ھۇزۇرلىنىپ ياشىغان بولۇشى،
پارسچە «گۈل، گۆش، نان» سۆزلىرىگە ھېچقانداق ھاجە-
تى چۈشمىگەن بولۇشى تامامەن مۇمكىن.

ئانا تىل سۆزلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كىرمە
سۆزلەرنى لۇغەت تەركىبىمىزنىڭ تۆرىگە چىقىرىپ قويۇش
مەنداش سۆزلەرنىڭ تەرەققىياتىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپا-
دىلىنىدۇ. ئالايلۇق، چاغاتاي تىلىدا پاراللېل قوللىنىلغان
ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەردىن ئۇيغۇر تىلىغا
خاسلىرى كېيىنچە ئىستېمالدىن ئاساسەن قالدۇرۇلۇپ، ئە-
رەبچە ۋە پارسچىلىرى تەۋەررۇك سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىن-
غان. مەسىلەن: «ئاچىتما-خېمىرتۇرۇچ؛ ئاغۇ — زەھەر؛
ئال — ھىيلە-مىكىر؛ ئاقىن — ھۇجۇم؛ ئاڭلام — مەنە؛
بىتكىن — كامىل؛ بوغۇشما — دەۋا، غەۋغا؛ چارداق — سا-
يىۋەن؛ دالغىنچ — غەۋۋاس؛ چارپىشما — نىزا؛ ئىنانچ —
ئېتىقاد، ئىخلاس» دېگەندەك مەنداش سۆزلەرنىڭ ئال-
دىنقىلىرى ئۇيغۇرچە، كېيىنكىلىرى پارسچە ياكى ئەرەبچە
بولۇپ، ئۇيغۇرچىلىرى ئىستېمالدىن قالغان.

ئۇمۇمەن، ئېھتىياجسىز سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئانا تىل سۆزلىرىنىڭ ئورنىغا بەھۇدە دەسسىتىش باشقا تىللاردا ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. خەنزۇ تىلىنى ئالساق، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، يېڭىچە ئۇقۇم-چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشتە ئالدى بىلەن ئۆز تىلىنىڭ ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ سۆز ياسايدۇ. بۇنىڭغا ئۇلگۇرمىگەندە باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ، كېيىنچە ئۆز تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە مۇۋاپىق سۆزلەرنى ياسىۋالغاندىن كېيىن، قوبۇل قىلىنغان سۆز بىلەن يېڭى ياسالغان سۆزنى بىر مەزگىل پاراللېل قوللىنىپ، ياسالغان سۆزلەر ئۆزلىشىشكە باشلىغاندا كىرمە سۆزلەرنى ئىستېمالدىن ئاستا-ئاستا قالدۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئانا تىلنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ. ئالايلۇق، «دېموكراتىيە»، «پورولېتارىيات»، «كومباين»، «مىكروفون»، «موتور» دېگەن سۆزلەر خەنزۇ تىلىدا دەسلەپ 普罗利达利亚、德米克里希、马达、麦克风、康拜英 دەپ ئىپادىلىنىپ، كېيىنچە ئۆز تىلىدا ياسالغان 扩音器、联合收割机、无产阶级、民主、发动机 دېگەن سۆزلەر بىلەن پاراللېل قوللىنىلغان ۋە ئاخىرى ئىستېمالدىن قالدۇرۇلغان.

باشقا تىللاردىن زورمۇزور سۆز قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنى ئانا تىل سۆزلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش لۇغەت تەركىبىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ ۋە تىلنىڭ ساپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا بەزى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ تەۋەلىكىنى غۇۋالاشتۇرىدۇ. ئالايلۇق، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرى 11-ئەسىردىلا كىيىملىرىنى دەزمالالاپ، «يارىناي دىبەسەڭ يېشىل كەي، قىلىقلىناي دىبەسەڭ قىزىل كەي» دېگەن رەڭ قارىشى بويىچە رەڭگارەڭ كىيىنىپ، چاچلىرىنى «ئۆرمە»، «كەسمە» دېگەندەك خىلمۇخىل پاسونلاردا ياسىشىپ، چېچى ئازلىرى «ئۆڭمەك» دەپ ئاتىلىدىغان ياسىما چاچلارنى سېلىپ، قۇلاق، بىلەك، بارماق، بويۇن ۋە كىيىملىرىگە ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلاردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىشىپ ۋە ئېسىشىپ، قوللىرىغا خىنە يېقىپ، ئۇستىبېشىغا ئىپار قاتارلىق خۇش پۇراقلىق نەرسىلەرنى سۈرتۈپ ياكى چېچىپ، يۈزلىرىنى يىپلاپ ۋە «كىرشەن» بىلەن پارقىرىتىپ، مەڭىزلىرىگە «ئەڭلىك»، قاشلىرىغا «قاشلىق»، «ئەرىن» (كالپۇك) لىرىگە «ئەرىنلىك»لەرنى سۈرۈپ يۈرۈشكەن. دېمەك، بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇنلا ئۆزلىرىنى زىننەتلەشنى، پەردازلاشنى ۋايىغا يەتكۈزگەن. لېكىن مۇشۇنداق زىننەت، پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان بىر قىسىم سۆزلەر ئىستېمالدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا كىرمە سۆزلەر دەسسىتىلگەندىن كېيىن، شۇ سۆزلەر بىلدۈرگەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ تەۋەلىكى غۇۋالىشىپ، نۇرغۇن تالاش-تارتىشلارنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: ھازىر كىرمە سۆزلەر بىلەن «لەۋسۇرۇغ» (پارسچە)، «كالپۇك بويىقى» (ئەرەبچە+ئۇيغۇرچە)، «كۆخۆڭ» (خەنزۇچە) دەپ ئاتىلىۋاتقان زىننەت بۇيۇمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «ئەرىنلىك» دېيىلگەن. لېكىن «ئەرىنلىك» دېگەن سۆز ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئىستېمالدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۈچ كىرمە سۆز پاراللېل قوللىنىلىۋاتقاچقا، «قىز-ئاياللارنىڭ لەۋلىرىنى بوياپ يۈرۈشى»دىن ئىبارەت بۇ پەرداز مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارغا قەيەردىن، قاچان كىرگەن دېگەندەك بەھۇدە تالاش-تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دېمەك، مەدەنىيەت سۆزلىرىنى، بولۇپمۇ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن، زامانىۋى تۇرمۇشىمىزغىمۇ ماس كېلىدىغان مەدەنىيەت سۆزلىرىنى ئىستېمالدىن قالدۇرۇش ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى يوقىتىپ قويۇش ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالايلۇق، «مېھمانلارنىڭ ئالدىغا سېلىنىدىغان بىر كىشىلىك كىچىك داستىخان» ھازىر «سالفېتكا» دېيىلىۋاتىدۇ. بۇ سۆز رۇس تىلىدىن كىرگەچكە، ھەر بىر مېھماننىڭ ئالدىغا بىردىن مەخسۇس داستىخان سېلىشتەك مەدەنىي قىلمىشنى نۇرغۇن كىشىلەر رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ مەدەنىيەت ئۇيغۇرلاردا 1000 يىللار ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولۇپ، «بىر كىشىلىك كىچىك داستىخان» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا («دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»تە) «تامغالىق» دەپ ئاتالغان. بۇنداق مەدەنىيەت ئىنگلىزلاردىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ھەر بىر مېھمانغا بىردىن كىچىك داستىخان ھازىرلاش بىلەنلا چەكلەنمەي، ئائىلىدىكى ھەر بىر قېتىملىق تامىقىدىمۇ بۇرجىكىگە داستىخان ئىگىسىنىڭ ئىسمى يېزىلغان ياكى كەشتىلەنگەن ۋە ياكى تامغىسى بېسىلغان مەخسۇس داستىخانلىرىنى ئىشلىتىدۇ. تاماقتىن كېيىن، ئائىلە ئەزالىرى

ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان قوشۇق، ئارا، پىچاقلىرىنى ئۆزلىرىدىنىڭ «تامغاللىق»لىرىغا ئوراپ قويىدۇ-دە كېيىنكى قېتىمقى تاماقتا ھەر بىرى يەنە ئۆزىنىڭكىنى ئېلىپ ئىشلىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن، قوشۇق-ۋېلكىلىرىنىڭ بىر-بىرىنىڭكىگە ئارىلىشىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

2. لۇغەت تەركىبىنى پات-پات كىرمە سۆزلەر بىلەن يېڭىلاپ، لېكسىكىنىڭ نىسپىي تۇراقلىقىنى بۇزۇش

لۇغەت تەركىبىمىزنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىغا نەزەر سالساق، بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىزنىڭ تىلىمىز لۇغەت تەركىبىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل خاھىشلىرىغا بەكرەك بويسۇندۇرۇپ، پات-پات ئالماشتۇرۇپ تۇرغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن لېكسىكىنىڭ نىسپىي تۇراقلىقىنى بۇزۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بىز بۇ غەلىتە ھادىسىنى تۆۋەندىكى تېكىستلەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق:

1-تېكىست: سالام خەت

«سەبەبى ھەياتىم ۋە بائىسى ۋۇجۇدۇم، مۇھەببەتلىك ئاتام ھۇزۇرى پەدەرانىيلەرىغە ۋە شەفقەتلىك، مېھرىبان ئانام ھەزرەتلەرىگە، جان قېرىنداشىم ئاكام مەھمۇد ئاخۇندغە، ئىففەتلىك ھەمشىرەم مەريەمخانغە، تۇردى ئاخۇند ئاكامغە ۋە بالالارىغە، ئاندىن بىزنى ياد قىلغۇچى جەمئىي خويەش ئەقرەبا ۋە يارۇ-بۇرادەرلەرغە كەمىنە فەرزەندلەرى يەئقۇب ئاخۇنددىن، غەفۇر ئاخۇنددىن بەھەد سەلام بىئەدەد پەيىام ئاداسىدىن سوڭرە ئەرز ئۇلكى، بىزلەر بولساق مۇندا ئەلھەمدۇلىللاھ، دۇئالەرىنىڭ بەركاتىدىن تىنچ-ئامان ۋە سەھەت-سالامەتتۇرمىز. ھەر بىرلەرىنىڭ ۋۇجۇدى شەرىفلەرىنمۇ ھەم ئۇل كەرىم كارساز سەھەت-سالامەت ساقلاب، پات فۇرسەتدە دىدار نېئمەتلەرىغە مۇشەررەف بولماقنى نەسىب ۋە روزى قىلغاي، ئىنشائاللا رەببۇلئالەمىن ئامىن. سانىيەن مەفھۇم ئۇلدۇركى، خىزمەتلەرىدىن چىقىب، 15 كۈندە تاشكەندگە تىنچ-ئامان ۋاسىل بولدۇم. سودا-سېتىق ئىشى بولسە، ئەلھەمدۇلىللاھ ياخشى بولۇبدۇر، ئەلبەتتە. پات-پات سالامەتلىكلەرىدىن خەت يېزىب تۇرسۇنلەر. خۇدا ئىرادە قىلسە، بەھاردا خىزمەتلەرىگە بارىب، ھەر بىرلەرىنىڭ جەمالالارىنى كۆرمەك بىلەن خۇرسەند بولۇرمەن دەب ئۈمىد قىلىب تۇردۇم. فەقىر مۇندا ھەر سەباھ ۋە شام بەلكى ئەلەددەۋام دۇئالەرىغە مەشغۇلدۇرمەن. ھەر بىرلەرى ھەم مەرھەمەتەن دۇئالەردە فەرامۇش قىلماغايلار. باشقە ئىش بولسە تىنچلىق دېب ئېسەنلىكلەرىنى سوراب، سەلامەتلىكمىزنى ئىزھار قىلىب، بۇ رەقئەنى ئىرسال قىلدۇق، ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم.

سەنە 1356-ماھى شەئبانىنىڭ ئون يەتتىسى، يەئقۇب ئاخۇند»

بۇ سالام خەتنى ياقۇپ ئاخۇن ئىسىملىك بىر قەشقەرلىك كىشى 1937-يىللىرى يازغان بولۇپ، خەتتە جەمئىي 116 سۆز ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەبچە-پارىسچە سۆز 85، %73 نى، ئۇيغۇرچە سۆز 31، %27 نى ئىگىلەيدۇ.

2-تېكىست: گېزىت خەۋىرى

سوۋېت ئىنفورماتسىيە بيۇروسىدىن

21-ئاپرېل كەچقۇرۇنقى ئاخبارات

20-ئاپرېلدا ئاۋىياتسىيە قىسىملىرىمىز نېمىسلەرنىڭ تۆت بىرونىي ماشىنىسىنى، ئەسكەر توشۇيدۇرغان ۋە يۈك ئارتىلغان 70 ئاۋتو ماشىنىسىنى، 26 دالا ۋە زېنىت توپىنى، 15 مىناميۇتنى يوق قىلدى ياكى شىكەستلەندۈردى دۈشمەننىڭ ئۈچ روتىچە پىيادە قىسىملىرىنى توزغۇتۇپ يۇباردى.

كالىنىن فرونتىنىڭ ئايرىم ئۇچاستكىلىرىدا بولغان جەڭگىۋار ھەرىكەتلەر نەتىجىسىدە، بىر كۈن ئىچىدىلا مىڭچە ئەسكەر ۋە ئوفىتسېر قىرىپ تاشلاندى. توققۇز تانكا ۋە قىرىق پىلموت نۇقتەسى يەكسەن قىلىندى.

بۇ خەۋەر «شىنجاڭ گېزىتى» قەشقەر نۇسخىسىنىڭ 1942-يىلى 4-ئاينىڭ 27-كۈندىكى سانىدا، يەنى يۇقىرىدىكى سالام خەت يېزىلىپ بەش يىلدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 46 سۆز ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 17 سۆز رۇسچە، 13 سۆز ئەرەبچە-پارىسچە، 16 سۆز ئۇيغۇرچە.

3-تېكىست: گېزىت خەۋىرى

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلاۋى ۋېيىۋەنخۇي، شىنجاڭ جۇنچۈي ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلاۋى ۋېيىۋەنخۇي يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش بويىچە بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. جوڭگوك جوڭياڭ جىڭجىجۇنىڭ خۇبۇ ۋېيى-

يۇەنى، جوڭگوڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ۋىيە-
يۇەنخۇيىنىڭ 1 - شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي
ۋېيىيۇەنخۇيىنىڭ جۇرېنى، شىنجاڭ جۈنچۈيىنىڭ 1 - جېڭۋېيە-
سى سەيپىدىن ئەزىزى، جوڭگوڭ جۇڭيالڭ ۋېيىيۇەنى، ئاپ-
تونوم رايونلۇق داڭۋېينىڭ 2 - شۇجىسى، ئاپتونوم رايون-
لۇق ئىنقىلاۋى ۋېيىيۇەنخۇيىنىڭ فۇجۇرېنى، شىنجاڭ جۈن-
چۈيىنىڭ سىلىڭيۇەنى ياڭيوڭ، ئاپتونوم رايونلۇق داڭۋېيە-
نىڭ 2 - شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلاۋى ۋېيىيۇەن-
خۇيىنىڭ فۇجۇرېنى، شىنجاڭ جۈنچۈيىنىڭ جېڭۋېيسى ساۋ
سىمىڭ قاتارلىق ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى
پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇللىرىدىن ئىسمايىل
ئەھمەد، جانابىل، ساۋدانوف، لىن بومىن، لى خۇيخې،
خۇلياڭسەي، ياڭ لىيې، جاڭ لىندوڭ قاتارلىق كىشىلەر
بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كەچكى يىغىنىغا قاتناشتى.

بۇ خەۋەر «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1975 - يىلىدىكى
سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەم ئىسىملىرى
ۋە يەر نامىلىرىدىن باشقا 42 سۆز ئىشلىتىلگەن، بۇلاردىن
ئۇيغۇرچە سۆز 16، ئەرەبچە-پارسچە سۆز يەتتە، رۇسچە
سۆز تۆت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە. دېمەك،
قىسقىغىنە 30 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى-
دە ئۈچ قېتىم چوڭ ئۆزگىرىش بولغان. لۇغەت تەركىبى-
نىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىشى تىل تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى-
گە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ھەم باشقا تىللاردا ئاساسەن ئۇچرى-
مايدۇ.

3. مەنداش سۆزلەردە ئۇيغۇر تىلىغا خاسلىرىنى
سەلبىي تەرەپكە، كىرمە سۆزلەرنى ئىجابىي تەرەپكە يۈز-
لەندۈرۈش

بۇ ھادىسە ئانا تىل سۆزلىرىنىڭ ئىستېمال دائىرىسى-
نى تارايتىش، ئىپادىلەش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئەكسى-
چە، كىرمە سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش،
ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. مەسىلەن:

«خوتۇن»، «رەپىقە» دېگەن مەنداش سۆزلەرنى
ئالساق، «خوتۇن» دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى-
دىكى فونېتىكىلىق شەكلى «قاتۇن، خاتۇن» بولۇپ،
«خانىش، مەلىكە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن. ئەرەب
تىلىدىن «رەپىقە» دېگەن سۆز قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن،
يۈكسەك مەرتىۋىگە ئىگە «خوتۇن» سۆزىنىڭ كۇرسى بار-
غانسېرى چۈشۈپ، «رەپىقە» دېگەن سۆزنىڭ مەرتىۋىسى
ئۆسۈشكە باشلىغان، نەتىجىدە «خوتۇن» سۆزى «مەرتە-
ۋىسى تۆۋەن كىشىلەرنىڭ ئايالى»نى كۆرسىتىدىغان، «رە-
پىقە» سۆزى «ئەمەلدارلارنىڭ ۋە يۈز-ئابرۇيلۇق كىشى-
لەرنىڭ ئايالى»نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغان. «تۇغۇ-
لۇش»، «تەۋەللۇت» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، «تۇغۇ-
لۇش» سۆزى ساپ ئۇيغۇرچە بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئادەت-
تىكى كىشىلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى»نى بىلدۈرسە، «تەۋەل-
لۇت» ئەرەبچە بولغانلىقى ئۈچۈن، «شۆھرەت قازانغان،
ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى»نى بىلدۈرى-
دىغان بولۇپ قالغان. بۇلاردىن باشقا، «ئۇچۇش» بىلەن
«پەرۋاز»، «ئايرىلىش» بىلەن «جۇدا»، «ئاچچىق»
بىلەن «قەھر-غەزەپ» دېگەن مەنداش سۆزلەردىمۇ ئال-
دىنقىلىرى ئۇيغۇرچە، كېيىنكىلىرى ئەرەبچە-پارسچە بول-
غاچقا، ئۇيغۇر تىلىغا خاسلىرى مەيلى تۇس جەھەتتىن
بولسۇن ياكى مەنىسىنىڭ چوڭقۇر-تېيىزلىكى جەھەتتىن
بولسۇن، كىرمە سۆزلەرگە قارىغاندا سۇندۇرۇلۇپ ئىشلىتى-
لىۋاتىدۇ.

4. ئانا تىلنىڭ قائىدىلىرىنى بۇزۇش ھېسابىغا كىرمە
سۆزلەرنى ئەينەن يېزىشقا كۆچىنىش

بۇ ھادىسە تۆۋەندىكى جەھەتلەردە گەۋدىلىك ئىپا-
دىلىنىدۇ:

1) باشقا تىللارنىڭ تاۋۇشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، فونې-
مىلارنى كۆپەيتىش

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كۆرسىتىشىچە [j] [h] [v] تا-
ۋۇشلىرى يەنى «ج»، «ھ»، «ۋ» تاۋۇشلىرى ئەرەب تى-
لىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۇ تاۋۇشلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى
ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى
سەۋەبلىك ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن ئەرەبچە سۆزلەرنى
توغرا ئوقۇش-يېزىش ئېھتىياجىدىن بولغان دەپ چۈشەن-
گەن تەقدىردىمۇ، [ژ] تاۋۇشىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە فو-
نېما دەپ قارىلىشى كىشىنى ئويغا سالىدۇ.

كىرمە سۆزلەرنى ئەينەن يېزىش ۋە تەلەپپۇز قىلىش
ئۈچۈن، باشقا تىللاردىن تاۋۇشلارنى قوبۇل قىلىش ۋە
بۇنىڭ ھېسابىغا ئۆز تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىنى مۇرەك-
كەپلەشتۈرۈش باشقا تىللاردا ئۇچرىمايدىغان ياكى

كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال. ئالايلۇق، خەنزۇ تىلىدا «ھ»، «غ»، «ق»، «ئۆ» قاتارلىق تاۋۇشلار يوق، شۇڭا ئۇيغۇر تىلى ياكى باشقا تىللاردىكى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى بۇ تاۋۇشلارنى ئىپادىلىگەندە، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆز تىلىدىكى باشقا تاۋۇشلارنى سەپلەپ كېتىۋېرىدۇ، مەسىلەن: «غ» ۋە «ھ» تاۋۇشلىرىنىڭ ئورنىغا «ئا»نى، «ق» تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا «ك»نى سەپلەپ، ئۆز تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى ۋە قائىدىلىرىنى بۇزمايدۇ. باشقا تىللاردىن فونېما قوبۇل قىلىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، باشقا تىللارغا خاس سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەينەن يېزىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش، بۇنىڭغا ئارتۇقچە كۆچىنىشمۇ ھاجەتسىز.

2) كىرمە سۆزلەرنى توغرا يېزىشقا زورۇقۇپ، ئۆز تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىنى بۇزۇش

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرى مۇنتىزىم بولغاچقا، كىرمە سۆزلەر دەسلەپكى مەزگىللەردە مۇشۇ قائىدىلەرگە بويسۇندۇرۇلۇپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن، مەسىلەن: پارسچە «گۇل» سۆزىنى «گۈل» دەپ، «گوشت» سۆزىنى «گۆش» دەپ ئۆزلەشتۈرگەنگە ئوخشاش. بىراق، كېيىنچە كىرمە سۆزلەرنى ئەينەن يېزىشقا ئارتۇقچە زورۇققانلىقتىن، قائىدىلىرىمىزنىڭ بۇزۇلۇشىغا پەرۋاسىز قارىلىدىغان، ھەتتا شۇنداق قىلىش توغرا دېيىلىدىغان بولدى. ئالايلۇق، [k]، [g] تاۋۇشلىرىنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن، [ɣ]، [q] تاۋۇشلىرىنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكىش قائىدىسى تامامەن بۇزۇۋېتىلدى. مەسىلەن:

| پارسچە سۆزلەر: | ئەرەبچە سۆزلەر: |
|---|---|
| qäɣäz | qäbrä |
| qäländär | qäbilä |
| kapalät | qäpäz |
| **خەنزۇچە سۆزلەر** | **رۇسچە سۆزلەر:** |
| gumpa | kapitan |
| gangbi | kommuna |
| čoka | traktor |

ئەگەر تىلىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇشتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز كۈچلۈكرەك بولغان بولسا، خەلقنىڭ كىرمە سۆزلەرنى ئۆز تىلىمىزغا بويسۇندۇرۇپ ئۆزلەشتۈرۈشى ئەمەلىيەتتە تىلىمىزنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە تىل قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن بولساق، تىلىمىزنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرى بۇ قەدەر بۇزۇلمىغان بولاتتى. ئالايلۇق، «تىراكتور»، «چوكا»، «قەغەز» دېگەن سۆزلەرنى بەزى شىۋە رايونىدىكى خەلق «تەرەكتۇر»، «چۆكە» ياكى «چۆكۈش»، «قاغاز» دەپ ئۆزلەشتۈرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق [گ]، [ك] تاۋۇشلىرىنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن، [غ]، [ق] تاۋۇشلىرىنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكىدىغانلىقدەك قانۇنىيەتكە رىئايە قىلغان. لېكىن، بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى دېھقانلىرىمىزنىڭكىچىلىكمۇ بولالماي، بۇ سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا ھازىرقىدەك قېلىپلىشىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالدى.

3) باشقا تىللارنىڭ بوغۇم شەكىللىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىپ، تىلىمىزنىڭ بوغۇم تۈرلىرىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپەيتىۋېتىش

ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇملارنىڭ سانى سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سانىغا باغلىق بولۇپ، بىر بوغۇمدا بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولاتتى، بوغۇم شەكىللىرىمۇ ئالتە خىللا ئىدى. لېكىن كىرمە سۆزلەرنى توغرا ئىپادىلەشنىڭ ئاتالمىش ئېھتىياجىدىن بىر بوغۇمدا ئىككى سوزۇق تاۋۇش قاتار كېلىدىغان، سۆزنىڭ بېشىدا ئىككى، ھەتتا ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش قاتار كېلىدىغان بوغۇم شەكىللىرىدىن ئالتىسى كۆپەيتىلدى. ئالايلۇق، v بىلەن سوزۇق تاۋۇشنى، c بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلىسەك، ئەسلىدىكى ئالتە خىل بوغۇم شەكلى v (ئۇ)، cv (نە، دە)، vc (ئەت، ئات)، vcc (ئىرق، ئېيت)، cvc (سۆز، كەل)، cvcc (يۇرت، تارت) بولۇپ، كېيىن قوشۇلغانلىرى cvv، cvvc، ccv، ccvc، ccvcc، cccv لاردىن ئىبارەت. مەسىلەن:

cvv: juŋ_xua, putuŋ_xua, da_šüe;
cvvc: biŋ_tuän, guaŋ_duŋ, xuaŋ_xe;
ccv: byu_ro, gra_dus, kla_pan, ste_ro;
ccvc: gram, trak_tur, staž, štat;
ccvcc: front, trans_port, frank
cccv: stra_tegiyä, stra_xwaniyä.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بولمىغان بوغۇم شەكىللىرىنىڭ زورمۇزور كۆپەيتىلىشى بىلەن، تىلىمىزنىڭ قائىدىلىرى بۇزۇلۇپلا قالماي، سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىلىرى مۇرەككەپلىشىپ، كىشىلەرنىڭ تىل ئۆگىنىشىگە ۋە ئەمەلىي ئىستېمالىغا زور قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى.

5. ئۆز تىلىدا ياسالغان سۆزلەرنى كەمسىتىش، سۆزلەرنى قائىدىگە خىلاپ ياكى باشقا تىللارغا تەقلىدىي ياساش

مەلۇمكى، تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىشنىڭ يوللىرى «يېڭى سۆزلەرنى ياساش»، «قەدىمكى تىلدىن ۋە دىيالېكت-شېۋىلەردىن ئەدەبىي تىلغا كېرەكلىك سۆزلەرنى قېزىش» ۋە «باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش»تىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ پرىنسىپ ھەممە تىللارغا ئورتاق. لېكىن، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىشتا بۇ ئۇسۇللارنىڭ تەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ، ئالدى بىلەن باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىدىغان ياكى باشقا تىللاردىكى سۆز-ئاتالغۇلارنى ئۇدۇل تەرجىمە قىلىدىغان، سۆزلەرنى ياسىغان تەقدىردىمۇ، ئۆز تىلىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە ئەمەس، باشقا تىللارنىڭ ئۇسۇللىرىغا تەقلىدىي ياكى قائىدىسىز ياسايدىغان، بۇنىڭ بىلەن سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى كېلەڭسىز، مەنىلىرىنى چۈشىنىكسىز قىلىپ قويىدىغان ئەھۋاللارنى ناھايىتى كۆپ سادىر قىلىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەتبۇئاتلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان تۆۋەندىكى ياسالما سۆزلەر بۇلارنىڭ دەلىلىدۇر. مەسىلەن: «ئېلانچىك»، «بەتچىك»، «گىرىمچىك» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەگەشمە مورفېمىلىرى رۇس تىلىنىڭ قوشۇمچىلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «چى» قوشۇمچىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن، نەتىجىدە ساپ ئۇيغۇرچە ياسىغىلى بولىدىغان بۇ سۆزلەر ئەبجەشلەشتۈرۈۋېتىلگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ سۆزلەر «ئېلانچى»، «بەتچى»، «گىرىمچى» دەپ ياسالسا، تىلىمىزنىڭ قائىدىسىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولاتتى. چۈنكى رۇس تىلىدىكى «چىك» قوشۇمچىسى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن يات قوشۇمچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىلىمىزدا ئۇنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان «چى» قوشۇمچىسى بار. ئەمدى «ئاسان ياندىغان»، «ئاسان پارتلايدىغان»، «ئاسان ئاقىدىغان» دېگەن سۆزلەرگە كەلسەك، بۇ سۆزلەر خەنزۇ تىلىدىكى 易然، 易爆، 易流 دېگەن سۆزلەرگە تەقلىدىي ياسالغان ياكى بۇ سۆزلەردىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېپىشقاقلىق خۇسۇسىيىتى ياخشى جارى قىلىنسا، مەنە جەھەتتىن ئۇلارغا تەڭداش كېلىدىغان سۆزلەرنى سىنتېتىك يول بىلەن ناھايىتى ئىخچام ياسىغىلى بولىدۇ، مەسىلەن: «ياناڭغۇ» ياكى «كۆيەڭگۈ»، «پارتلاڭغۇ»، «ئاقاڭغۇ» دېگەندەك. بۇ خۇددى تىلىمىزدا «ئاسان يىقىلايدىغان بالا» دېيىلمەي، «يىقىلاڭغۇ بالا» دېيىلگىنىگە ئوخشاش. «تاللا بازار» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇنىڭ ياسىلىشى تىلىمىزنىڭ قائىدىسىگە تېخىمۇ خىلاپ، چۈنكى، بۇيرۇق پېئىلى ياكى شەخسلىك پېئىللار ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلەلمەيدۇ. «ئورمانزارلىق» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى «زار» ۋە «لىق» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارتۇقچە، چۈنكى «ئورمان» سۆزى «دەرەخلىك» ياكى «نۇرغۇن دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان جاي» دېگەن مەنىدە بولۇپ، توپلام ئۇقۇمىنى بىلدۈرگەچكە، ئۇنىڭغا يەنە شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدىغان «لىق، لىك، لۇق، لۈك» ياكى «زار» قوشۇمچىسىنى قوشۇش، بولۇپمۇ ئىككى قوشۇمچىنى قاتلاپ ئىشلىتىش تېخىمۇ ھاجەتسىز.

بۇ جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئۆز تىلىدا ياسالغان سۆزلەرنى قوپال، مەتۇ، يېقىنچاقلاش ئىقتىدارى تۆۋەن دەپ كەمسىتىش ۋە چەتكە قېقىشتۇر. ئالايلۇق، خەنزۇ تىلىدىكى 运输، 无神论، 挖掘机، 对话، 车床، 播种机، 起重机، 千斤顶، 洗洁精، 争论، 飞机، 新闻 دېگەن سۆزلەرنى «ئاخبارات، ئايروپىلان، مۇنازىرە، دىيالوگ، ئىستانوك، سېيالكا، كىران، دامگرات، كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، يەر كولاش ماشىنىسى، ئاتېئىزم، ترانسپورت» دېگەندەك كىرمە سۆزلەر بىلەن ياكى ئۇدۇل تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەندىن كۆرە، «ئوچۇقلىما، ئوچاق، تارتىشما، سۆزلەشمە، قىرغۇ، تېرىغۇ، كۆتۈرگۈ، قوپارغۇ، ئېرىتقۇ، تەڭرىسىزلىك، توشۇمچىلىك» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەن بولساق، تېخىمۇ ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولاتتى. چۈنكى، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىلىك بۆلەكلىرى سۆز مەنىلىرىدىن ئۇچۇرلارنى بېرەلەيتتى. بولۇپمۇ سۆزگە قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى بىر قەدەر ئىخچام بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈشكە قولاي بولاتتى.

مەسىلەن: «دىيالوگ» بىلەن «سۆزلەشمە»نى سېلىشتۇرساق، «دىيالوگ» دېگەن رۇسچە كىرمە سۆز ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزى بىلدۈرگەن شەيئى-ھادىسىدىن ھېچقانداق ئۇچۇر بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ مەنىسىنى پەقەت يادلاپلا ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدۇ. لېكىن «سۆزلەشمە» دېگەن سۆز ساپ ئۇيغۇرچە بولغانلىقى ئۈچۈن، تەركىبىدىكى تۆت مەنىلىك بۆلەك (سۆز-لە-ش-مە) سۆز مەنىسىدىن تۆت خىل ئۇچۇر بېرەلەيدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەككى، تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدە، يەنى قانداق تاۋۇش بىلەن قانداق مەنىنى ئىپادىلەشتە مۇقەررەر باغلىنىش بولمىغاچقا، مەلۇم بىر ئۇقۇم ياكى چۈشەنچىنى دەسلەپتە قانداق سۆز بىلەن ئىپادىلەشتە، قانداقتۇ قوپال، مەتۇ، كۈچسىز، دائىرىسى تار دېگەندەك مەسىلىلەر مەۋجۇت بولمايدۇ، شۇ سۆزگە قانداق مەنە يۈكلەنسە، ئۇ شۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن كىشىلەر شۇ سۆزنى مەلۇم بىر مەنە ۋە مەنە دائىرىسىدە چۈشىنىپ، قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەنىسىنى سۈنئىي يوسۇندا ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. دېمەك، ئۆز تىلىمىزدىكى سۆزلەرگە خىلمۇخىل «گۇناھ»لارنى ئارتىپ، ئۇنى چەتكە قېقىشنىڭ ۋە ئىشلەتمەسلىكنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

## II «غەلىتە» ھادىسىلەرنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى

تىلىمىزدا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق غەلىتە ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ؟ بىزنىڭچە بۇ ھادىسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەب-پارس تىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرىنى ئەرەب-پارس تىللىرىنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە ئۇيغۇر تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەب-پارس مەدەنىيىتىگە ئارتۇقچە چوقۇنغانلىقىدىن چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مەلۇمكى، 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەبلەر ئىران ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا باشلىغان. 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، قاراخانىلارنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، قاراخانىلار دائىرىسىدە كېڭەيتكەن ۋە ئومۇملاشتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، بۇددا دىنى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتى ئىگىلىگەن. بولۇپمۇ، ئەرەب يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، «قۇرئان» تىلى بولغان ئەرب تىلىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى يۈكسەك ئېھتىرام بىلەن ئىززەتلەش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىغا ئايلانغان. چۈنكى، خۇددى فېلىك جياشېڭ ئەپەندى ئېيتقاندەك، «لاتىن تىلى ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل ياۋروپالىقنىڭ ئورتاق تىلى بولغىنىدەك، ئەرەب تىلىمۇ پۈتكۈل شەرقتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك دىنىي تىلى بولغان».

ئەمەلىيەتتە، ئەينى دەۋردىكى خاقانىيە تىلى مەيلى ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتىن ياكى ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتىن بولسۇن، ئەرەب تىلى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە تىل ئىدى. چۈنكى، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدادتا ئەرەبلەردىن قالسىلا پارسلار ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەسىرى ھەممىدىن زور بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇلۇغاتىت-تۈرك» ناملىق ئەسىرىمۇ دەل مۇشۇنداق شارائىتتا، تۈركىي تىللارنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش، ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىللارنى ئۆگىنىشىگە قولايلىق يارىتىش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن. بۇ نۇقتىنى پارس خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ تارقالغان «ئەرەبىي ھەسەلەست، فارسىي شەكەرەست، تۈركىي ھۈنەرست، ھىندىي نەمەكەست»، يەنى «ئەرەب تىلى ھەسەل، پارس تىلى شېكەر، تۈركىي تىل ھۈنەر، ھىندى تىلى تۇز» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى ۋە تۈركىي تىللاردىن، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىن ئەرەب تىلىغا كىرگەن بىر تالاي سۆزلەر قىسمەن دەلىللەيدۇ. ئالايلۇق، يېمىش (يامش)، يېمەك (يمك)، ياغمۇر (يغمور)، ياقا (ياكه)، «كۆرك (كورك)، بۆلۈك (بولوك)، قوغۇن (قاوون)، ياقا (ياقه)، ساچ (صاج)، يا (ياي)، باسما (باصمه)، ساغ (صاغ)، داغ (داغ)، چادىر (شادير)، پالتا (بلطه)، باشلىق (باشليقه)، بايراق (بيرك)، سانجاق (سنجق)، ياتاق (يِطق)، قازان (قزن)، قاپاق (قباق)، بارماق (برمك) [5] دېگەن سۆزلەر ئەرەب تىلىغا ئىسىملارنىڭ بىرلىك شەكلى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن سۆزلەر بولسا، بەگات (بكات، بەگلەر) → بەگ+ات، بايات (بيات، بايلار) → باي+ات، قامچات (قمجات، قامچىلار)→ قامچا+

ات، كۆرەكات (كوركات، كۆرەكلەر)→كۆرەك+ات، توپ-
چىيە (طوبجىه، توپچىلار)، قالابىق (قلابق، قالپاقلار)، ئا-
غادات (ال ئاغادات، ئاغىلار) دېگەنلەر ئۇيغۇرچە سۆزلەر-
گە ئەرەب تىلىنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «ئات، ئەت»نى
قوشۇش ياكى سۆزنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش
يولى بىلەن كۆپلۈك شەكلىگە ئايلاندۇرۇلۇپ ئۆزلەشتۈ-
رۈلگەن سۆزلەردۇر. [6]

لېكىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملى-
شىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب تىلى مەكتەپ- مەدرىسلەرنىڭ
ئوقۇتۇش تىلىدىن ھالقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تىل
ئالاقىسىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن،
ئەرەب تىلىدىكى دىنىي ئاتالغۇلار ۋە مەدەنىيەتكە دائىر
سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا تۈركۈم- تۈركۈملەپ سىڭىپ
كىرگەن، شۇنداقلا، ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش ۋە ئەرەبچە
سۆزلەش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، ئەرەب تىلىنى بىلىش- بىل-
مەسلىك ۋە قانچىلىك بىلىش بارا- بارا كىشىلەرنىڭ سالاھ-
يىتىنى، ئىجتىمائىي ئورنىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم بەلگە
بولۇپ قالغان. نەتىجىدە، نۇرغۇن شائىرلار ۋە ئەدىبلەر
ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەرەبچە سۆزلەرنى پەخىر بىلەن
كۆپلەپ ئىشلىتىدىغان، مۇلەممەلەرنى، يەنى قوش تىللىق
شېئىرلارنى يازالىغانلىقى، ھەتتا پۈتۈنلەي ئەرەبچە يازغان-
لىقىدىن چەكسىز غۇرۇرلىنىدىغان، ئەرەب تىلى ۋە مەدەنى-
يىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان «ئەرەبگويلۇق» خاھ-
ىشى ۋە كەيپىياتى يامراپ كەتكەن.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىش كېرەككى،
پارس تىلى ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاستە
يەتكۈزگۈچىسى بولمىسىمۇ، ئەنگلىيەلىك ئالىم ھ. ن. كىبىۇ
ئېيتقاندەك، پارس ئەدەبىياتى گۈللەنگەندىن كېيىن، پارس
تىلى شەرقتىكى ھەرقايسى ئەللەردە ئەرەب تىلىنىڭ ھۆ-
كۈمران ئورنىنى ئىگىلىگەن ھەمدە ئىسلام مەدەنىيىتىدە
ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار
ئىسلام دىنىنى پارسلار ئارقىلىق قوبۇل قىلغاچقا، ئىسلام
دىنى ۋە مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارغا تەسىر كۆرسىتىش جەريا-
نىدا، پارس تىلى ناھايىتى مۇھىم ۋاستىلىك رول ئوينىغان.
شۇنداقلا، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان-
دىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلارنىڭ مۇناسىۋىتى، بو-
لۇپمۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن پارس تىلىنىڭ ئالاقىسى يېڭى

بىر باسقۇچقا كىرگەن.

مەلۇمكى، مىلادى 1006 - يىلى قاراخانىلارنىڭ بۇخا-
رادا تۇرۇشلۇق ۋالىيسى جاپپار تېكىن بەلخنى، سۇباشى
تېكىن ھىراتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر
قىسمى خۇراسان رايونىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. 13 - ئە-
سىردە موڭغۇل قوشۇنلىرى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا،
قۇچۇ ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار موڭغۇل قوشۇن-
لىرى بىلەن بىللە، ماۋارەئۇننەھىر ۋە خۇراسان رايونىغا
كىرىپ، شۇ يەردىكى تۈركىي قوۋملار ۋە پارسلار بىلەن
بىللە ياشىغان، بولۇپمۇ، تۆمۈرىلەر خانىدانلىقى قۇرۇلغان-
دىن كېيىن، ئالتۇن دەۋرنى ئۆتكۈزۋاتقان پارس ئەدەبى-
ياتى بىلەن گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر- چاغاتاي ئەدەبىياتى تې-
خىمۇ كەڭ دائىرىدە ئۇچراشقان. 15 - ئەسىردە ئۆتكەن
بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى «مۇھاكىمەتۇل- لۇغەتەين»
ناملىق ئەسىرىدە، پارسلار بىلەن تۈركىي قوۋملەرنىڭ،
جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىللە ياشايدىغانلىقى، ئۆزئارا پا-
راڭلىشالايدىغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ پارس تىلىنى ياخشى
بىلىدىغانلىقى، بەزى شائىر- ئەدىبلەرنىڭ پارس تىلىدا
ئېسىل شېئىرلارنى، ياخشى ماقالىلەرنى يازالايدىغانلىقى
ھەققىدە توختالغان. ئىراق پارسلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارى-
سىدىكى بۇنداق مۇناسىۋەت ۋە ئۆزئارا تەسىر بارا- بارا
پارس مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆپرەك تەسىر
كۆرسىتىدىغان ھالەتكە ئۆزگەرگەن. چۈنكى، بۇ دەۋردە
شەيخ سەئىدى، فىردەۋسى، نىزامى، ئەمىر خىسراۋ، ھافىز
شېرازى، ئابدۇراھمان جامى قاتارلىق پارس- تاجىك كە-
لاسسىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى كۆپلەپ
مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆر-
سەتكەن، ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ پارس تىل- ئەدەبى-
ياتىغا بولغان ھېرىسمەنلىكى بارا- بارا پارس تىلىدا سۆزلە-
شىشنى شەرەپ، پارس تىلىدا ئەسەر يازالىغانلىقنى ئابرۇي
دەپ بىلىدىغان، پارس تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە
چوقۇنىدىغان «پارسگوي»لۇققا ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن،
بىر مۇنچە شائىر- ئەدىبلەر ئەسەرلىرىدە ھەدەپ پارسچە
سۆزلەرنى ئىشلىتىدىغان، پارسچە- ئۇيغۇرچە مۇلەممەلەرنى
[7] يازىدىغان، ھەتتا پۈتۈنلەي پارس تىلىدا ئەسەر يازى-
دىغان بولۇپ كەتكەن.

ئەلۋەتتە، بۇ دەۋردە ئىككى تىلنى پىششىق بىلىد-

غان ۋە ئىككى تىلدا ئەسەر يازالايدىغان شائىرلار خېلى كۆپ بولغاچقا، مۇلەممەلەرنى ئۇيغۇر ياكى باشقا تۈركىي تىللىق شائىرلارلا ئەمەس، پارس تىللىق شائىرلارمۇ يازغان. مەسىلەن:

«ئەي لەبەت پۇرخەندەۋۇ چەشمى سىياھەت مەستى خاب،
ئىككى زۇلفىڭ ئارەسىدە ئاي يۈزۈڭدۇر ئافتاب.
مەستەيې مەي مىكۇناد روييې تۇرا غەرقى ئەراغ،
بادە ئىچسەڭ تۆكۈلۈر ئىككى قىزىل يۈزدىن گۈلاب.»
(ئابدۇراھمان جامى)

سۇبھى دەم ئاچتى يۈزىدىن بەردەيى نىلۇفەرى،
جىلۋە بەردى ھۆزنىنى زىبىا ئەرۇسى خاۋەرى.
ئەز ئۇفۇق تا شۇد يەدى بەيزايى مۇسا ئاشكارى،
بۇل ئەجەپكارانى شەبرا رافت سىپھرى سامەرى.
(دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى)

ئومۇمەن، ئىسلام دىنىنىڭ ۋە ئەرەب-پارس تىلىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن چوڭقۇر تەسىرلىرى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەرەب-پارس تىللىرىغا قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان ۋە ئۆز تىلىغا سەل قارايدىغان، ھەتتا ئۇنى چۆكتۈرىدىغان تىل پوزىتسىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە بۇنداق پوزىتسىيەنىڭ ئېنېرسىيەسى نەچچە يۈز يىل مابەينىدە داۋاملىشىپ، يۇقىرىقىدەك «غەلىتە» ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

دېمەك، تىل پوزىتسىيەسى بىر تىلنىڭ قۇرۇلمىسىغا، ئىستېمال قىممىتىگە، قېلىپلىشىشىغا ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا تىلىمىزغا بولغان تونۇشىمىزنى، ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيەمىزنى توغرىلىشىمىز ۋە شۇ ئاساستا ئىملا ھەم سۆز ئىشلىتىش قائىدىلىرىنى تېخىمۇ ئىلمىي قېلىپلاشتۇرۇشىمىز، سۆز ياساش سىستېمىسىنى ۋە سۆزلەرنى قېزىش، قوبۇل قىلىش پرىنسىپلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، بۇنىڭ بىلەن تىلىمىز لۇغەت تەركىبىنىڭ نىسپىي تۇراقلىقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز، قىسقىسى تىلىمىزنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

**ئىزاھاتلار:**

[1] دەي چىڭشيا، «جەمئىيەت تىلشۇناسلىقى دەرسلىكى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، 2001-يىلى نەشرى، خەنزۇچە.

[2] ھادۇمود بوسمان، «تىلشۇناسلىق لۇغىتى»، خەنزۇچە سودا نەشرىياتى، 2003-يىلى نەشرى.

[3] ۋۇ مېيلى، «تىل پوزىتسىيەسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارغا تەقرىز»، «مانجۇ تىلى تەتقىقاتى»، 2005-يىلى 2-سان.

[4] ئەرەبچە-پارسچە كىرمە سۆزلەرنى مىسال ئالغاندا، چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، سۆزلەرنىڭ ئەسلىي شەكلىنى كۆرسەتمەي، ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشكەن شەكلىنى كۆرسەتتۇق. مەسىلەن: «زەھر» ئەمەس «زەھەر»، «مەكر» ئەمەس «مىكىر»، «مەئنە» ئەمەس «مەنە»، «سايەبان» ئەمەس «سايىۋەن» دېگەندەك.

[5] سونا نۇرى، ھۈسەيىن ئۈمىد ئوغلۇ قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان «غرب دیلینده تورك منشالی سوزلری» (ئەرەب تىلىدىكى تۈركىي مەنبەلىك سۆزلەر)، ئىستانبۇل.

[6] پروفېسسور، دوكتور زەكى قايماز، «ئەرەبچىگە كىرگەن تۈركىيچە سۆزلەرنىڭ كۆپلۈك شەكىللىرى توغرىسىدا»، «Turkish Studies»، 2007-يىلى 32-سان.

[7] مۇلەممە: ئەرەبچە سۆز، «قوش تىللىق شېئىر» دېگەنلىك بولىدۇ. مۇلەممەلەر مۇلەممەئىي مەكشۇف ۋە مۇلەممەئىي مەھجۇف دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. مۇلەممەئىي مەكشۇف ئوچۇق مۇلەممە دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئىككى تىلدىكى سۆزلەرنى بىر مىسرانى بىرلىك قىلغان ھالدا كىرىشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. مۇلەممەئىي مەكشۇف ئۆز ئىچىدىن يەنە ئۈچ كىچىك تۈرگە ئايرىلىدۇ: (1) بىر مىسرادا ئىككى تىلدىكى سۆزلەر نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىلىپ يېزىلغانلىرى؛ (2) بىر مىسرانىڭ يېرىمى بىر تىلدا، يېرىمى باشقا بىر تىلدا يېزىلغانلىرى؛ (3) ئالدىنقى مىسرا بىر تىلدا، كېيىنكى مىسرا باشقا بىر تىلدا يېزىلغانلىرى. مۇلەممەئىي مەھجۇف يوشۇرۇن مۇلەممە دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئىككى تىلدىكى سۆزلەر شېئىر كۇپلېتلىرىنى بىرلىك قىلغان ھالدا كىرىشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ، يەنى ئالدىنقى كۇپلېت بىر تىلدا، كېيىنكى كۇپلېت باشقا بىر تىلدا يېزىلىدۇ.

[8] نۇرىددىن ئابدۇراھمان جامى: 15-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر پارس-تاجىك شائىرى، 1414-يىلى خۇراساننىڭ جام دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، ئۆمرىدە 100 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان.

[9] دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى: 15-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر پارس-تاجىك شائىرى، «تەزكىرەتۇش-شۇئارا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاقىللار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى.




## تەپەككۇرۇمغا تېز سىزما

▲ چىرىك جەمئىيەتتە ياخشى كىشلەرگە بوهتان،
اچار كىشلەرگە مەدهىيە ئوقۇلدۇ.

▲ شەخسيەتچى ئادەم ئۆز ئىشلىرىغا سەزگۈر،
ئەلنىڭ ئىشلىرىغا بىخۇد كېلىدۇ.

▲ چۈمۈلە پىكىر قىلالمىسىمۇ، ئەمما ئەمگەككە مىكىر
قىلمايدۇ.

▲ قەلبتىن چىقمىغان شېئىر سۇنئىي بولىدۇ.

▲ ئانا تىل ـــ دىل، جان چىقسىمۇ چوقۇم بىل.

▲ بىلىمسىزنى تاياقتا، روهنى قاماقتا ئۆزگەرتكىلى
بولمايدۇ.

▲ «بالا بېقىش» بارلىق ئانىلارنىڭ، سۈپەتلىك تەر-
بىيەلەش ساپالىق ئانىلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

▲ ئاقىل بىلىمدىن، غاپىل ئويۇندىن خۇشاللىق ئىز-
دەيدۇ.

▲ ناخشىغا جور بولىدىغانلارغا قارىغاندا، ياخشىغا
جور بولىدىغانلار ئاز بولسا بولمايدۇ.

▲ تەن ساق بولمىسا ۋەتەنگە، روھ ساق بولمىسا
تەنگە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ زوراۋانلىق ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى زېمىننى ئە-
گىلەشكە ئۇرۇنىدۇ، يەنە بىرى زېهنىنى.

▲ پەلسەپىدىن ھەقىقەتنى، سەنئەتتىن ئۆزىمىزنى، تە-
پەككۇردىن رولىمىزنى تاپىمىز.

▲ ھەرىكەت پۇت ـ قولنى چاققان قىلىدۇ، تەپەككۇر
مېڭىنى.

▲ ئۆگىنىشنى بېسىم ئەمەس، پۇرسەت دەپ قارىغۇ-
چىلار ئۇنۇم ھاسىل قىلالايدۇ.

▲ بايلار ۋاقتى كەتسىمۇ پۇلى كەتمىسە دەيدۇ، ئاقىل-
لار پۇل كەتسىمۇ ۋاقتى كەتمىسە دەيدۇ.

▲ غاپىللار پايدىلىق شارائىتتىنمۇ پايدىلانمايدۇ، ئا-
قىللار پايدىسىز شارائىتتىمۇ يول ئېچىشقا تىرىشىدۇ.

▲ ساۋاتلىق قىلغانغا قارىغاندا، قابىلىيەتلىك قىلىدى-
غان مائارىپنىڭ ئۈنۈمى زور بولىدۇ.

▲ يىقىلغاننى تەقدىر دېسەڭمۇ، قوپقاننى تەدبىر دە.

▲ ياخشى ئىشقا ئىگە كۆپ، يامان ئىشقا ئەيىبلىگۈ-
چى.

▲ قوپقاننى يۆلەيدىغانلار كۆپ، يىقىلغاننى يۆلەيدى-
غانلار ئاز.

▲ تەسەۋۋۇر ـــ كۈچ، بىلىم ـــ ماھارەت، نەتىجە ـــ
شەرەپ، ئەخلاق ـــ بايلىق.

▲ ھەرىكەتتە تەپەككۇر خەزىنە، قابىلىيەت يول.

▲ قاتناش يولىدا ماشىنا ماڭىدۇ، تەپەككۇر يولىدا دۇنيا.

▲ مېڭىۋاتقان ئادەم ئاسان يىقىلغاندەك، مۇۋەپپەقە- يەت قازانغان ئادەممۇ «يىقىلىپ» يەنە «قوپۇش» جەريانە- نى باشتىن كەچۈرىدۇ.

▲ بالا يىقىلماي چوڭ بولمىغاندەك، غەلىبە «مەغلۇبە- يەتسىز» قولغا كەلمەيدۇ.

▲ تۇنجى قەدەمنى ئېلىشقا چوڭ جاسارەت كەتكەن بىلەن، قالغان قەدەمنى ئالماق ئانچە قىيىن ئەمەس.

▲ پىلاندىكى نۇقسان ھەرىكەت داۋامىدا، نەزەرىيە- دىكى يېتەرسىزلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا تۈزىتىلىپ ماڭىدۇ.

▲ قەھرىمان كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن ھەرىكەت قىلىپ ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

▲ نىشان — نەزەرىيە، ھەرىكەت — مۇۋەپپەقىيەت ياكى نەتىجە.

▲ پىلاننىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىدىكى ئەڭ چوڭ ئاپەت — باھانە.

▲ خەلقنىڭ ئىرادىسىدىن تۈزۈلگەن جەمئىيەتنىڭ كەل- گۈسى پارلاق بولىدۇ.

▲ غاپىللار كەلگەن پۇرسەتنىمۇ تۇتالمايدۇ، ئاقىللار كەلگەن پۇرسەتنى تۇتۇپلا قالماي يەنە پۇرسەت يارىتالاي- دۇ.

▲ ئېھتىياتچانلىقنىڭ زىيىنى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، پايدىسى زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

▲ ئاقىللار مۇھىتنى ئەتراپلىق، توغرا كۆزىتەلەيدۇ، ئۆزىدىن ھالقىپ، پىكرىنى قاناتلاندۇرىدۇ. تەپەككۇرنى ئا- چالايدۇ، ھەرىكەتكە ئۆتەلەيدۇ.

▲ ئولتۇرۇپ ئويلانساق خىيال، ھەرىكەت قىلىپ ئې- رىشسەك نەتىجە بولۇشى مۇمكىن.

▲ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئېرىشكەن بىلىم مەڭگۈ ئەسقا- تىدۇ.

▲ كىچىك ئۆزگىرىشلەر كۆزگە كۆرۈنمىگەن بىلەن كۆرگۈلۈكمىزنى كۆرستەلەيدۇ.

▲ ئاجىزلار بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىلا ئىرادىسىنى يوقىتىپ بەل قويۇۋېتىدۇ. غالىپلار بولسا ئوبدان ئويلايدۇ، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

▲ بېسىم — ھۇرۇنلارنىڭ قەددىنى پۈكۈۋېتىدۇ، ئىشچانلارنى تېخىمۇ قەيسەر قىلىۋېتىدۇ.

▲ ماھارەت بولۇپ، قەتئىي بوشاشمايدىغان روھ بول- مىسا مۇۋەپپەقىيەت يەنىلا قۇچاق ئاچمايدۇ.

▲ ئىرادىسى چىڭىققان ئادەمنى ھەققىي چىنىقتى دەيمىز.

▲ نەتىجىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەن بولۇشى تەلەيدىن كۆرە ھەرىكەتكە باغلىق.

▲ ئۆگىنىشتە بېسىمدەك ئۆگەنگەنگە قارىغاندا، ئو- يۇندەك ھېس قىلىپ ئۆگەنسە ئۈنۈمى تېخىمۇ زور بولىدۇ.

▲ ئەقىل رول، ھېسسىيات چاق.

▲ كىتاب — بەھىر دۇنياسى، ئەقىل سەيناسى، ۋىجدان مەيدانى.

▲ سەۋەب — ئاقىل ئۈچۈن مەسىلە، غاپىل ئۈچۈن باھانە.

**ئابلەت روزى**

---

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە «بابۇر» كومپيۇتېرخانىسىدىن)

## قەلب چېقىنلىرى

▲ ئەل- يۇرتقا باغلانغان مېھىر- مۇھەببەت راھەتتۇر بەرىسىمۇ جاپا- مۇشەققەت...

▲ چىرىك ئەمەلدار يۇرگۈزگەن ھوقۇق، مەيدىنى ئاغرىتقان گويا ئاش- ئوزۇق...

▲ ئەجىرسىز ئېرىشكەن بۈگۈنكى پۇل- مال،
ئەتەڭنى قىلغۇسى بى كېرەك، داشقال...

**ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەرپەت)**

---

(ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنتى 143- قورۇدا)

## تەپەككۇر چىراغلىرى

▲ دۇنيا — ئىمتىھان مەيدانى، ئادەم — ئىمتىھان بەرگۈچى، ھايات — ئىمتىھان سوئالىدۇر.

▲ ياماندىن قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدى- غانلاردىن قورقما، ياۋاشنى بوزەك قىلىپ ياماندىن قورقىدى- غانلاردىن قورق.

▲ ئادەمگە نىسبەتەن ئاتا- ئانا ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئۇستاز بار، ئۇ دەل تۇرمۇش.

▲ خەلقتىن ئايرىلغان ئەمەلدار بىر بولسا نەپسانىيەتچى، يەنە بىر بولسا قابىلىيەتسىزدۇر.

▲ نەپسانىيەتچى ئەمەلدار كۆپ جايدا ئەمەلدار باي، پۇقرالار گاداي، نەپسانىيەتچى ئەمەلدار يوق جايدا ئەمەلدار گاداي، پۇقرالار باي.

▲ ساھىبخانا ساقالدىكى ئاققا ئەمەس، باشتىكى قالپاققا قاراپ تۆرگە باشلىدىمۇ؟! دېمەك سەن ئۆزۈڭنى مېھمان دەپ ئويلىما.

## ئەمما

▲ كىچىك پېئىل بولساڭ بولىدۇ، ئەمما كىچىك بالىدەك بولما.

▲ مەرد بولساڭ بولىدۇ، ئەمما بەتخەج بولما.

▲ باشقىلارغا قەرز بېرىپ تۇرساڭ بولىدۇ، ئەمما جازانخور بولما.

▲ كەم سۆز بولساڭ بولىدۇ، ئەمما «مۆرىمەس» بولما.

▲ دوكلات قىلساڭ بولىدۇ، ئەمما چېقىمچى بولما.

▲ كۈچلۈك بولساڭ بولىدۇ، ئەمما تەلۋە بولما.

▲ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئىزدىسەڭ بولىدۇ، ئەمما كۆڭۈلچەك بولما.

▲ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇنتۇساڭ بولىدۇ، ئەمما ئۇنتۇغاق بولما.

▲ مەۋقەيىڭ بولسا بولىدۇ، ئەمما جاھىل بولما.

▲ ئارام ئالساڭ بولىدۇ، ئەمما ھۇرۇن بولما.

▲ كەسكىن بولساڭ بولىدۇ، ئەمما تەرسا بولما.

▲ خاتىرجەم يۈرسەڭ بولىدۇ، ئەمما بىپەرۋا بولما.

**ئابدۇقېيۇم ئەيسا يازقۇت**

---

(ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ئارال ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ بەخت ئىچىدە تۇرۇپمۇ بەختنى بىلمەسلىك، يەنىمۇ بەختلىك ياشاشنى ئويلىماسلىق نادانلىق.

▲ تۈنۈگۈندىن ئۆكۈنمەڭ، بۈگۈندىن تولۇق پايدىلىنىڭ، ئەتىگە ياخشى ئۇل سېلىڭ.

▲ ئەگەر سەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمىسەڭلا غەلىبە قىلدىم دەپ ئىشەنچ قىلساڭ بولىدۇ.

▲ سەن تۈنۈگۈننى ئۆزگەرتەلمەيسەن، بىراق ئەتىنى بەلگىلىيەلەيسەن.

▲ بەزىدە سىنىڭ ئەڭ كەسكىن تاللىشىڭ بەلكىم ئەڭ توغرا تاللاش بولۇشى مۇمكىن.

**زۇلخۇمار تۇرغۇن**

▲ ئۈمىدۋارلىق كۈلپەت ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئەڭ ئېسىل پۇرسەت.

▲ تەسەۋۋۇر تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

▲ ساغلام تەپەككۇر ھاياتتا مۆجىزە يارىتىدۇ.

▲ سەندە پەقەت قىزىلمۇچىنىڭ ئۇرۇقچىلىك ئىشەنچ بولىدىكەن، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش يوق.

▲ ئاقىل كىشى ئارقىدا قالسىمۇ شۇنچە ئالغا ئىنتىلگۈسى كېلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قانداقتۇر تەلەيدىن ياكى تاساددىپىي ئامىلدىن بارلىققا كەلمەيدۇ، ئىشەنچ سىزنى قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ.

**تاجىگۈل ياسىن**

▲ ئىرادىلىك بولساڭلا پەقەت قىيىنچىلىقتىن قورقمايسەن ئەبەد.

▲ باشقىلارنى خۇش قىل — رازى قىل، لېكىن ھەرگىز مىننەت قىلما.

▲ جاپادا بىللە تۇرۇشتىن راھەتتە بىللە تۇرۇش تەس.

**يارمۇھەممەد ياسىن**

▲ ئۆز مېھنىتى بەدىلىگە كەلگەن بايلىق گۆھەردىنمۇ قىممەتلىك.

▲ ئادەم ئەخلاقى بىلەن كىشى ھۆرمىتىگە ئېرىشسە، بۇيۇم نەپىس، كۆركەملىكى بىلەن ئەتىۋارلىنىدۇ.

▲ ئىشەنچ قورقۇنچاقلار ئۈچۈن يەتكىلى بولمايدىغان نىشان بولسا، غالىپلار ئۈچۈن نىشانغا يېتىشتىكى پەلەمپەيدۇر.

**ماھىرە ئىمىن**

▲ خەلقىڭگە تىلىسەڭ تىنچ ـ ئامانلىق، ساڭا يار بولۇر بارچە خۇشاللىق.

▲ ھازىر ئاتا ـ ئاناڭنى ھۆرمەتلىگىن، كەلگۈسىدە

پەرزەنتلىرىنىڭ سىنى ھۆرمەتلەيدۇ.

▲ دوستۇڭنى ساڭا ئەگىشىپ يۈرگۈچى سايە دەپ قارىماي، ساڭا يول كۆرسىتىپ بەرگۈچى ئەينەك دەپ بىل.

▲ ماددىي بايلىقنى ئېرىشكەندىن كېيىنكى خۇشاللىقنى بەختلىك تۇرمۇش دەپ بىلمە.

▲ ئۆتمۈشۈڭنى ئۇنتۇما، چۈنكى شۇ ئۆتمۈش ئىچىدىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلدىڭ.

**ئادىلە سادىر**

▲ ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنچىلىك ئاخىر سىزنى پۇشايمان دېڭىزىغا تاشلايدۇ.

▲ ئۆزىنى بىلىش ئۆزىنى تىزگىنلەشنىڭ ئاساسى، شۈكۈر - قانائەت قىلىش ھەقىقىي باي بولۇشنىڭ ئاساسى.

**خاسىيەت قۇربان**

▲ ئۆگىنىشنىڭ جاپاسى كۆپ، ھالاۋىتى چەكسىز، ئۆگەنمەسلىكنىڭ جاپاسى ئاز، پۇشايمىنى كۆپ.

▲ بىلىملىك بولغان بىلەن ئادىمىيلىك پەزىلىتى بولمىسا ئۇنى قانداقمۇ ئىلىم ئەھلى دېگىلى بولسۇن.

▲ تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىگە جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**بېلىقىز ھەسەن**

▲ سەن ئەمەلىيەتنى ئۆزگەرتەلمىسەڭ ئۆكۈنمە، ئەمەلىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيەڭنى ئۆزگەرتەلەيسەن. ئەتىنى كۆرەلمىسەڭمۇ بۈگۈننى چىڭ تۇت.

▲ ھايات بىر چوڭ ئەينەك، سەن كۈلسەڭ ئۇمۇ كۈلىدۇ، يىغلىساڭ ئۇمۇ يىغلايدۇ.

**مۇنىرە توختى**

▲ ھاجىتى چۈشكەندىلا دوستىنى ئىزدەيدىغان ئادەم ئاسانلا دوستىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

▲ دوست تاپماقچى بولسىڭىز ئاۋۋال باشقىلارنىڭ دوستى بولۇڭ.

▲ ۋاقىتلىق ئۇتۇقسىزلىق بىلەنلا بولدى قىلمايدىغانلار ئاخىر غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر.

▲ باشقىلارنىڭ خاتالىقى سىزنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزنىڭ باھانىسى بولالمايدۇ.

▲ خاتالىق خۇددى گۈللۈكتىكى ياۋا ئوت - چۆپلەرگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا يۇلۇۋەتمىسە پۈتۈن گۈللۈكنى بېسىپ كېتىدۇ.

▲ نېمىنى سۆزلىشىڭىزدىن قانداق سۆزلىشىڭىز مۇھىم.

▲ قىزغىنلىق مۇۋەپپەقىيەت چاقىنى دومىلىتىدۇ.

▲ قىزغىنلىقى يوق ئادەم يېقىلغۇسى تۈگىگەن ماشىنىغا ئوخشايدۇ.

▲ ياخشى ئوقۇتقۇچى چوقۇم ياخشى بىر ئوقۇغۇچى.

▲ ئىشەنچ — ئوي - خىيال بىلەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ بىرىكىشى.

**ئەكرەم راخمان**

▲ بىلىم بولسا بىر قولۇپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچى سوئال.

▲ ئادەم بولغان ئىكەنسەن يالغان سۆزلەشتىن خالىي بول.

▲ ئۆز نەپسىنى سۇندۇرۇپ كونترول قىلالىغان ئادەم، ئون يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن ئادەمدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

**ئىززەتگۈل سۇلتان**

▲ ئادىمىي ئادەمنى بىلەي دېسەڭ تېشىغا قارىماي ھەرىكىتىگە قارا.

▲ ھەر بىر تىنىقنىڭ پارچىلىنىشىدىن ھايات داۋاملىشىدۇ، ئاخىردا ئاشۇ بىر تىنىق ھاياتنى پارچىلايدۇ.

▲ سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن مېڭىشىغا سەل قارىما، ئۇ سېنى تۈنۈگۈنكى قىزچاقتىن بۈگۈنكى مومايغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ.

**ئارزۇگۈل رېھىم**

▲ سېنى ئۆزىدىنمۇ چوڭ بىلگەن ئادەمنى، ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭدىن تۆۋەن كۆرمە.


▲ سەن ئۆزۈڭنى بەختلىك دەپ ئويلىساڭ دۇنيادا سەندىنمۇ بەختلىك كىشى يوق.

**نۇرئەلى مۇھەممەد**

---

(ئاپتورلار: كوچا ناھىيە ئىشخىلا ئوتتۇرا مەكتەپ مەشئەل سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرى)

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم**



# لوپلۇقلار مەدەنىيىتى ھەققىدە

## ئىقتىساد پەنلىرى دوكتورى دولقۇن قادىر بىلەن سۆھبەت

ئىلاۋە: يۇرتىمىز تارىختا يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا بەل-
بېغىغا جايلىشىشتەك ئەۋزەللىكى، كۆپ خىل مەدەنىيەت،
كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل ئادەملەر توپىنىڭ ئۇچرىشىش
نۇقتىسى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر،
بۇ يەردە تارىخى ئۇزاق نۇرغۇن مەدەنىيەتلىك يۇرتلار
بار. بىز مۇشۇ جايلارنىڭ تارىختىكى ئورنى، ئۇنىڭ بۈگۈ-
نى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىش ۋە بۇ توغرىسىدا
سۆھبەت ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلماقتىمىز.
«كىروران گۈزىلى»نىڭ تېپىلىشى، لوپنۇر كۆلىنىڭ ماكانى
بولۇشتەك خاسىيتى بىلەن تونۇشلۇق بولغان لوپنۇر ناھ-
يەسىدە ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىردە «تۇنجى نۆۋەتلىك
شىنجاڭ لوپنۇرلۇقلار مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغى-
نى» ئېچىلدى. بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى
بىلەن تەڭ لوپنۇر ۋە لوپلۇقلارغا بولغان قىزىقىش، تەتقى-
قات يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن بىز بۇ ساندا مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى
ئۇيغۇرچە چاستوتىسىنىڭ مۇخبىرى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرې-
ھىمنىڭ بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى،
لوپنۇر خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەھۋالى ۋە بۈگۈنكى لوپ-
لۇقلارنىڭ خاراكتېرى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مىللەت-

**يۈزمۇيۈز**

لەر نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى، ئىقتىساد
پەنلىرى دوكتورى دولقۇن قادىر بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھ-
بىتىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** دولقۇن ئەپەندى، ھەممى-
مىزگە مەلۇم، لوپنۇر دىيارىمىزدا تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى،
مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن تونۇلغان بىر ماكان. تا-
رىختىمۇ نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيەچىلەر بۇ يەرگە كېلىپ،
قەدىمكى كىروران ئېلى، لوپلۇقلار، لوپنۇر كۆلى ھەققىدە
نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. يېقىندىن بۇيان
لوپنۇر ناھىيەسى ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆزگىچە تارىخ،
مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ لوپنۇر ناھىيەسىنى
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم
ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزدى. ئۆتكەن يىلى 10-
ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 24- كۈنىگىچە لوپنۇردا «تۇنجى نۆ-
ۋەتلىك شىنجاڭ لوپنۇرلۇقلار مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە
يىغىنى» لوپنۇر ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇ-
شى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئ-
ەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كونكرېت تەشكىللىشى بىلەن مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى. بۇ مۇھاكىمە يىغىنىغا دۆلەت ئى-
چىدىكى نۇرغۇن ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچىلار قات-
ناشتى. لوپنۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە ياخشى ئىلمىي مۇھاكى-
مىلەر قانات يايدۇرۇلدى. سىز ئۆزىڭىز لوپنۇردىن چىققان
بىر زىيالىي بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن لوپنۇر ناھىيەسىنى تو

لۇشتۇرۇشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار دەپ قارايسىز؟

دولقۇن قادىر: مەن سۆھبەتنى باشلاشتىن بۇرۇن لوپنۇر ھەققىدىكى مۇنداق ئىككى ئۇقۇمغا ئىزاھ بېرىۋېتەي، بىرىنچىسى، مەن بۇ سۆھبەتنى «لوپنۇرلۇقلار مەدەنىيىتى» دەپ ئەمەس، «لوپ مەدەنىيىتى» ياكى «لوپلۇقلار مەدەنىيىتى» دېگەن نام بىلەن داۋاملاشتۇرۇشنى خالايمەن، چۈنكى، لوپنۇر دېگەن يېقىنقى زاماندا قويۇلغان ناھىيە ئىسمى، ئەگەر بىز نىسبەتەن ئايرىم بىر مەدەنىيەت دېمەكچى بولىدىكەنمىز، لوپ ياكى لوپلۇقلار (لوپتۇقلار) مەدەنىيىتى دېسەك بىرئاز پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ، چۈنكى، ئالدىنقى ئۇقۇم بىر مەمۇرىي ناھىيەنى كۆرسىتىدۇ، كېيىنكى ئۇقۇم بولسا، لوپنۇر ناھىيەسىنىلا ئەمەس، ئەتراپىتىكى چاقىلىق، چەرچەن، بۈگۈر، كۇچا، كورلا قاتارلىق يۇرتلارنىڭ بىر قىسىم لوپقا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ھەقىقىي لوپ مەدەنىيىتى چەمبىرىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى لوپنۇر ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان بولغاچقا، ناھىيە تەۋەلىكىنى ئاساس قىلغانلىقىنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ھازىر ئورتاق ئىشلىتىلىۋاتقان «لوپنۇر» دېگەن سۆزدە ئىملا خاتالىقى بار، ئەسلىي توغرىسى «لوپنور» بولۇشى كېرەك. پاكىت شۇكى، بۇ يۇرت تارىختىن بېرى لوپ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، يېقىنقى زاماندا خوتەننىڭ لوپ ناھىيەسىگە ئوخشاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، لوپ دېگەن سۆزگە موڭغۇلچە كۆل مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «نور» دېگەن سۆز قوشۇپ ياسالغان. كېيىن ئېغىز تىلدا «نور» سۆزى «نۇر»غا ئۆزگىرىپ ھازىرقى «لوپنۇر»غا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا توغرىسى «لوپنور» بولۇشى كېرەك. قارىسىڭىز بولىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتى 2009-يىلى تەييارلاپ نەشردىن چىققان ھازىرقى ئەڭ نوپۇزلۇق لۇغەت «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»نىڭ 598-بېتىدە «لوپنور» دېگەن سۆز بار. نۆۋەتتە بارلىق مەتبۇئات ۋە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە لوپنۇر دېگەن خاتا سۆز ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، شۇڭا، مەن لوپنۇر ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە بۇ سۆزنى توغرىلاپ ئىشلىتىشتە باشلامچى بولۇش ھەققىدە سەمىمىي تەكلىپ بېرىمەن.

ئەمدى سۆھبەتكە كەلسەك، مەن لوپنۇر ناھىيەسى، لوپلۇقلار ھەققىدە بولۇۋاتقان مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئۇزاقتىن بۇيان دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. لوپنۇر ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان بىر نەچچە قېتىملىق يەرلىك مەدەنىيەت، يەرلىك سەنئەتكە ئائىت پائالىيەتلەر لوپ مەدەنىيىتى، سەنئىتىنى ئالغا ئىتتىرىشتە ناھايىتى تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. مەسىلەن: لوپنور ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، لوپنۇرنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە مۇنداق بىر قانچە ئەھمىيەتلىك ئىشنى روياپقا چىقاردى.

2000-يىللارنىڭ باشلىرىدا لوپنۇر ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ ئاجرىتىپ ۋە تەشكىللەپ «لوپنۇر خەلق ناخشىلىرى» دېگەن پىلاستىنكىنى ئىشلەپ مىللەتلەر ئۈن-سىن نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. ئەينى ۋاقىتتىكى تېخنىكا ۋە باشقا چەكلىمىلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان مەھسۇلات دېيىشكە بولاتتى. ئۇ شۇ چاغدا لوپنۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە بىر مۇستەقىل ناخشا سىستېمىسى بولۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدە ئايرىم سەھنىگە چىقىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغانىدى. بۇ ناخشا پىلاستىنكىسى چىقىشتىن بۇرۇن لوپنۇر خەلق ناخشىلىرى ئەمەلىيەتتە خەلق قوشاقلىرى سۈپىتىدە چارۋىچىلار، دېھقانلارنىڭ ئېتىز-قىر، ئۆيلىرىدە ئېيتىلىپ كەلگەن ۋە شۇ تەرىقىدە ساقلىنىپ قالغان، شۇ قېتىملىق رەتلىنىشتە قوشاق ئامىللىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ ئۆلچەملىك خەلق ناخشىسى ھالىتىگە كىردى. بۇ ھەقتە پىروفېسسور ئابدۇكېرىم ئوسمان، تۇرسۇن كېرەم مۇئەللىم ۋە تۇردىنىياز ئەپەندىلەرنىڭ تۆھپىسى چوڭ. لوپنۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، رىتىم، مۇزىكا، ئاھاڭدارلىق جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن نەشردىن چىقىشى بولغاچقا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، ھەم بىر مەھەل لوپنۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى.

ھازىر نەشرىياتىمىز دۆلەت دەرىجىلىك بىر نەشر تۈرىنى ئىشلەۋاتىمىز. بۇنىڭدا بىز ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى قايتىدىن رەتلەپ توققۇز رايون بويىچە ئاۋازغا ئېلىۋاتىمىز، شۇنىڭ ئارىسىدا لوپنۇر خەلق ناخشىلىرى مۇستەقىل

خەلق ناخشىلىرى سىستېمىسى بولۇپ، ئايرىم بىر ئورۇنغا ئىگە بولدى، بۇمۇ شۇ چاغدىكى پىلاستىنكا ئاساسىدا يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەينى- كەينىدىن مەشرەپ ئىشلىنىپ، «جۇڭگو ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» دېگەن نامدا 31 قىسىملىق مەشرەپ يورۇقلۇققا چىقتى. ئەنە شۇ مەشرەپلەرنىڭ ئىچىدە «لوپنۇر گۈلخان مەشرىپى»مۇ بار. بۇ مەشرەپ لوپنۇر خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۆرپ- ئادەتلىرىنى ناھايىتى ياخشى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. كېيىن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەرقايسى يۇرت مەشرەپلىرىنى باھالاش مەملىكەتلىك يىغىنىدا «لوپنۇر گۈلخان مەشرىپى» «تۇلپار مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

لوپنۇر ھەققىدە داغدۇغا پەيدا قىلغان ئۈچىنچى ئىش، مۇشۇ قېتىم ئېچىلغان لوپنۇرلۇقلار مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، سەنئەت، تىل، تارىخ، فولكلور قاتارلىق ھەرقايسى ساھەگە مۇناسىۋەتلىك ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بولدى، ھەم لوپنۇر مەدەنىيىتى، لوپنۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىلغان يەنە بىر قەدەم بولدى. مەن يىغىنغا ھەر ساھەدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆپلەپ ئىشتىراك قىلغانلىقىدىن خۇرسەن بولدۇم ھەمدە لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئويلانغانلىقىدىن سۆيۈندۈم.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** لوپنۇر ئۆتمۈشتە ياكى بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن ئالىم، تەتقىقاتچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن. لوپنۇر ۋە لوپلۇقلارغا بولغان قىزىقىشنىڭ بۇنچە كۈچلۈك بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب نېمە دەپ قارايسىز؟

**دولقۇن قادىر:** بىرىنچى، لوپنۇرنىڭ ئۆزگىچە تارىخى ھەممىگە مەلۇم. ئۇزاق ئۆتمۈشتە لوپنۇر دىيارىدا قەدىمىي كىروران دۆلىتى مەۋجۇت بولغان، يەنە كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى، قۇملارنىڭ كۆچۈشى قاتارلىق نۇرغۇن سەۋەبلەر بىلەن بۇ دۆلەت يوقاپ كەتكەن. كېيىن سۋېن ھېدىن قاتارلىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ بايقىشى بىلەن قايتىدىن دۇنياغا تونۇلغاندىن كېيىن، ئىلىم دۇنياسىدا كىروران دۆلىتى ۋە كىروران دۆلىتى جايلاشقان لوپنۇرغا نىسبەتەن زور قىزىقىش پەيدا بولغان، چۈنكى، بۇ رايون ئەينى ۋاقىتتا يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدىكى مۇھىم بىر ئۆتەڭ بولغاچقا، ئاسىيا- ياۋروپا مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆتۈشىدىكى نۇرغۇن تارىخىي ئۇچۇرلار مۇشۇ جايغا كۆمۈلۈپ قالغان، شۇڭا، تارىخچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ؛ ئىككىنچى، لوپنۇرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش شەكلى. لوپنۇردا تارىختىن ھازىرغىچە بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش شەكلى تەڭ مەۋجۇت بولغان، ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقى مەدەنىيەت تىندۇرمىسىدا تەبىئىيكى نۇرغۇن ئۆزگىچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە بېلىقچىلىق مەدەنىيىتى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ؛ ئۈچىنچى، شىۋە ئالاھىدىلىكى. تىلشۇناسلىقتا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۈچ دىيالېكتقا، يەنى مەركىزىي دىيالېكت، خوتەن دىيالېكتى، لوپنۇر دىيالېكتى دەپ بۆلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، لوپنۇر دىيالېكتى مۇشۇ ئۈچ دىيالېكت ئىچىدە ئىشلىتىدىغان ئادەم سانى ئەڭ ئاز بولغان دىيالېكت ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى نوپۇس بويىچە ھېسابلىغاندا، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم مۇشۇ دىيالېكتتا سۆزلىشىدۇ دەيمىز، ئەمەلىيەتتە بۇ 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىچىدە لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ دۆڭقوتان قاتارلىق جايلىرىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بۇ دىيالېكتنى كۈچلۈك ئىشلىتىدۇ، لوپنۇرنىڭ ناھىيە بازىرى ۋە باشقا جايلىرىدا نۇرغۇن ئادەم يەنىلا مەركىزىي دىيالېكتتا سۆزلىشىدۇ. دىيالېكت ئىشلىتىش جەھەتتە پۈتۈن ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئاران 0.4% نى ئىگىلەيدۇ. لېكىن بۇ دىيالېكتتا سۆزلىشىدىغانلار ئاز بولغان بىلەن تىل، تارىخ، فونېما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى پەۋقۇلئاددە روشەن بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى ئايرىم بىر دىيالېكت دەپ ئايرىغان؛ تۆتىنچى، ئۆزگىچە خەلق ناخشىلىرى. لوپنۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە روشەن، باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ خەلق ناخشىلىرىدىن ئوبدانلا پەرقلىق، ھەتتا لوپنۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ كۆي ئالاھىدىلىكىدە ۋېنگرىيەنىڭ خەلق ئاھاڭلىرىغا ئوخشايدىغان ئالاھىدىلىكلەر بار دەيدىغان قاراشلارمۇ بار.

دېمەك، لوپنۇر رايونى تارىخ، تىل، سەنئەت، سودا قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردىكى ئۇچۇرلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. شۇڭا، سىرلىقلىقى تېخىمۇ ئېشىپ، دۆلەت ئىچى، سىرتىدىكى نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر قىزىقىدىغان بىر قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** ھازىرقى لوپنۇر تارىختىكى كىروران مەملىكىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن داڭلىق. كىروران مەملىكىتى جۇغراپىيەلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خارابىگە ئايلاندى. ئەمدى بۇ يەردىكى بىر مەسىلە — ئەنە شۇ كىروران مەملىكىتىدە يارىتىلغان كىروران مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى لوپلۇقلار مەدەنىيىتىنىڭ ئالاقىسى بارمۇ-يوق، بار بولسا قانداق ئالاقە؟

**دولقۇن قادىر:** مېنىڭچە، قەدىمكى كىروران مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى لوپلۇقلار مەدەنىيىتىدە چوقۇم بىر تارىخىي باغلىنىش بار، بىر رايوندا بولۇپ ئۆتكەن تارىخنىڭ چوقۇم ئالدى-كەينىلىك مۇناسىۋىتى بولىدۇ. بۇ ھەقتە مەن ئىككى خىل رادىكال كۆز قاراشنى قوللىمايمەن. بىرىنچى، قەدىمكى كىروران مەدەنىيىتى ئايرىم بىر مەدەنىيەت، بۈگۈنكى لوپلۇقلار مەدەنىيىتى ئايرىم بىر مەدەنىيەت، بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تارىخىي باغلىنىش يوق دەپ قارايدىغان كۆز قاراش بار ئىكەن، بۇ مېنىڭچە توغرا ئەمەس. چۈنكى، قەدىمكى زاماندا قۇملۇق رايونلىرىدا قاتناش ئالاقىسى ئىنتايىن ئەپسىز. بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، نۇرغۇن مۇشەققەت چېكىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، ئۇ يەردىكى ئادەم، ئۇ يەردىكى مەدەنىيەت بىر يەرگە تۇيۇقسىز ئۇچۇپ كەتمەيدۇ ياكى تۇيۇقسىز يىراق يەرگە كېتىپ قالمايدۇ. ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ مەدەنىيىتى نۇرغۇن جەھەتتە ھازىرقى لوپلۇقلارنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن مۇقەررەر بىر مۇناسىۋىتى بولىدۇ. ئاڭلىسام كۇچادىمۇ مۇشۇنداق بەزى پاراڭ باركەن، يەنى قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى كۇچا مەدەنىيىتى ئىككى خىل مەدەنىيەت، بىر-بىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق دەيدىغان خاتا قاراش، بۇمۇ ئوخشاش زاكۇنغا چۈشىدۇ؛ ئىككىنچى، بۇنى يەنە تاق مىللەت نۇقتىسىدىن كىروران مەدەنىيىتى ھازىرقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خاس ئەجدادىي مەدەنىيىتى، دەپ قارىۋالساقمۇ ئىلمىي بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ 2000 ـ 3000 يىل ئىلگىرى شەكىللەنگەن مەدەنىيەت، ئۇ ۋاقىتتا ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى مىللەت ئۇقۇمى تېخى شەكىللەنمىگەن، مىللەتلەر قەبىلە شەكلىدە ئارىلىشىۋاتقان، ئۆزگىرىۋاتقان دەۋر، ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى مىللەت ئۇقۇمى تېخى مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى ئىش. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى كىروران مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى لوپلۇقلار مەدەنىيىتىنىڭ چوقۇم بىر باغلىنىشى بار، لېكىن بۇ خىل باغلىنىش ئۇزاق تارىختىكى نۇرغۇن ئۆزگىرىش، تەرەققىياتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن باغلىنىش دەپ قارايمىز.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** ماتېرىياللاردىن كۆرۈشىمىزچە، لوپلۇقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، قان تەركىبى ھەققىدە ئوخشىمايدىغان كۆزقاراشلار بار ئىكەن. بەزىلەر قىرغىزلارغا يېقىن دەيدىكەن، يەنە بەزىلەر موڭغۇللارغا يېقىن دەيدىكەن، يەنە باشقا مىللەتلەرگە يېقىن دەيدىغانلارمۇ بارىكەن، لوپلۇقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، قان تەركىبى مەسىلىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

**دولقۇن قادىر:** ھەقىقەتەن ئىلىم ساھەسىدە مەيلى ئىنسانشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن بولسۇن لوپنۇر رايونىدا ياشاپ ئۆتكەن خەلقنىڭ تارىخى، قان تەركىبى، كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەر خىل كۆز قاراش بار. مەسىلەن: ھازىرقى لوپلۇقلار قەدىمكى موڭغۇل تېپىدىكى مىللەتلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى دەپ قارايدىغانلار؛ لوپلۇقلارنىڭ قان تەركىبىدە ئارىيانلارنىڭ قېنى كۆپرەك دەپ قارايدىغانلار؛ ئافغانلارنىڭ قان تەركىبى كۆپرەك دەپ قارايدىغانلار بار. يەنە بەزىلەر قىرغىزلارنىڭ قان تەركىبى بىلەن باغلاپ، قىرغىزلارغا يېقىنلاشتۇرۇپ قارايدىغانلار بار. بىز لوپلۇقلارنىڭ قان تەركىبى جەھەتتە ئوخشاشلا مۇنداق ئىككى خىل بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشقا قارشى تۇرىمىز. بىرىنچى، تارىختا لوپنۇر رايونىدا ياشاپ ئۆتكەن باشقا قەبىلىلەر، باشقا مىللەتلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن لوپنۇرلۇقلارنى ئۇيغۇردىن يىراقلاشتۇرىدىغان، ھېلى ئۇ مىللەت، ھېلى بۇ مىللەت، دەپ باقىدىغان پوزىتسىيە جەھەتتىكى رادىكاللىققا قارشى تۇرىمىز. لوپنۇر رايونىدا 2000 ـ 3000 يىل ئىلگىرى نۇرغۇن قەبىلىلەرنىڭ ياشاپ ئۆتكەنلىكى ئېنىق. لېكىن، تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى، يەنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئاساسى

سالماقنى ئىگىلەپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر تەر
كىبىي قىسمىغا ئايلانغانلىقى بۇ بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك.
شۇڭا، بۇ خىل ئۇيغۇردىن يىراقلاشتۇرىدىغان پوزىتسىيە
ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس؛ ئىككىنچى، قەدىمدە تارىم ئويـ
مانلىقىنىڭ ئەتراپى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغاچـ
قا، ئاسىيا ـ ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇ
رۇش ئىنتايىن قويۇق بولغان. شۇڭا، مەدەنىيەت، سودا،
دىن، سەنئەت قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە كەڭ دائـ
رىلىك مەدەنىيەت ئالاقىسى بولغان. نۇرغۇن مىللەت،
نۇرغۇن مەدەنىيەت، نۇرغۇن قان تەركىبىنىڭ ئارىلىششىـ
دىن شەكىللەنگەن بۇ خىل ئەبجەش مەدەنىيەتتىن ئارتۇقـ
چە ئەنسىرەيدىغان ياكى قان تەركىبىنىڭ كۆپ مەنبەلىك
بولۇشىدىن زىيادە ئېھتىيات قىلىدىغان مۇنداق كۆزقاراشمۇ
مېنىڭچە سەل ئارتۇقچە. چۈنكى، مەدەنىيەت تەرەققىي
قىلغان رايونلاردا باشقا مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيەت، سودا
ئالاقىسى بولىدۇ. مەدەنىيەت تەرەققىي قىلماي، بېكىنمە
ھالەتتە قالغان رايونلارغا باشقىلارمۇ كەلمەيدۇ، باشقا مىلـ
لەتلەرمۇ ئالاقە قىلمايدۇ. دېمەك، ئالاقىنىڭ قويۇق بولۇ
شى، باشقا مىللەتلەرنىڭ كېلىپ ـ كېتىپ ئۆتۈشۈپ تۇرۇشى
بىر رايون مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئىلغارلىقـ
نى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈنكى دۇنيادا ئامېرىكا ئىقتىـ
ساد، مەدەنىيەت جەھەتتە نۇرغۇن ئىلغارلىققا ئېرىشتى، ئا
مېرىكا مىللىتىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئەبجەش مىللەت. ئۇلار
پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى، ئىلغار نەرسىلىرىنى
كەڭ قورساقلىق بىلەن قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن
جەھەتتە ئالاقە قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ
تەرەققىياتقا ئېرىشتى. دېمەك، تەرەققىيات بولۇش ئۈچۈن
ئالاقە بولىدۇ، ئالاقە بولغاندىن كېيىن ئارىلىششتىن ساقـ
لانغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاشـ
نىڭ ھاجىتى يوق دېگەن گەپ ئەمەس. دېمەكچىمەنكى،
كۆنۈپ قالغان تۇرغۇن ھالەتنى مەڭگۈ تەكىتلەشمۇ تەرەقـ
قىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىلغار كۆزقاراش ئەمەس.
شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت دېگەن بۇ
مەسىلىگە قارىتا، ھازىرقى لوپنۇر رايونىدا قەدىمدە
نۇرغۇن مەدەنىيەتنىڭ ئۇچراشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز. بۇ
مەدەنىيەتنىڭ ئىلغارلىقىنىڭ ئىپادىسى، ھەم يەنە مۇشۇ مىلـ
لەتلەرنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاخىرىدا
ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنىمۇ تەكىتلەيمىز.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** لوپنۇرلۇقلارنىڭ كېلىپ
چىقىشى، قان تەركىبى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتىڭىز، ھەرـ
قانداق بىر يۇرت خەلقىنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېر ئالاھىدىلىـ
كى بولىدۇ. لوپلۇقلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ روشەن ئا
لاھىدىلىك نېمە؟ سىزنىڭچە ئۇ قانداق ئىجتىمائىي ئامىلـ
لارنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن؟

**دولقۇن قادىر:** ساددا، كەڭ قورساق، ئەمما رىقاـ
بەت ئېڭى سۇس بولۇش لوپلۇقلار خاراكتېرىنىڭ روشەن
ئىپادىسى. جۇغراپىيەلىك شارائىت جەھەتتىن ئېيتقاندا،
لوپنۇر رايونىدا نوپۇس ئاز، زېمىن كەڭرى. بۇ يەردىكى
تەبىئىي بايلىق نوپۇسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېتەرلىك. بېـ
لىقچىلىق كۆلدە، دەريالاردا ئۆزلۈكىدىن بولىدىغان بىر
خىل ئىگىلىك شەكلى. ئۇنىڭغا مەخسۇس پەرۋىش قىلىشـ
نىڭ ھاجىتى يوق. چارۋىچىلىقمۇ باشقا ئىگىلىك شەكلىگە
قارىغاندا، ناتۇرال خاراكتېرى بىر قەدەر كۈچلۈك ئىگىـ
لىك. شۇڭا، لوپلۇقلار بايلىقنى تالاشمىسىمۇ نوپۇسقا يېتىـ
دۇ، مەملىكەت بويىچە بىر نەچچە قېتىملىق چوڭ ئاچارچىـ
لىقتىمۇ لوپلۇقلار ئانچە سورۇقچىلىق تارتمىغان. شۇنداق
بولغاچقا لوپلۇقلار نىسبەتەن كەڭ قورساق كېلىدۇ،
سىرتتىن كەلگەن ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنى تېزلا ئۆز قويـ
نىغا ئالىدۇ، ياقا يۇرتلۇق دەپ يەكلىمەيدۇ، تار يەرلىكچىـ
لىك ئىدىيەسى سۇس، ھازىر لوپنۇردا روناق تاپقان سودىـ
گەرلەرنىڭ تولىسى تېگى لوپنۇرلۇق ئەمەس، لېكىن ئۇلار
لوپنۇرغا كېلىپ ناھايىتى تېزلا ئۆزلىشىپ كېتەلەيدۇ. ئەمما
لوپلۇقلار ئۇزاق يىل ناتۇرال ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ
كەلگەچكە، ئۆزى سودا ياكى باشقا ئىگىلىك تىكلەيدىغان
ئىدىيە ئانچە كۈچلۈك ئەمەس، يەنى، رىقابەت ئىدىيەسى
ئاجىز بولۇشمۇ لوپلۇقلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى.

ساددا خاراكتېر شەكىللىنىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى: كە
روران دۆلىتىنىڭ قۇمغا چۆكۈپ كېتىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن
مۇشۇ رايوندا قاتناشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن لوپلۇقلار
نەچچە يۈز يىل بېكىنمە ھالەتتە ياشاپ كەلگەن. بۇ خىل
بېكىنمە ھالەتتە ياشاش ئۇلارغا ئاكتىپ ۋە پاسسىپ جەـ
ھەتتە تەسىر كۆرسەتكەن. پاسسىپ جەھەتتىن قارايدىغان
بولساق، لوپلۇقلار يېقىنقى 500ـ600 يىلدىن بۇيان، دۇنـ
يادا بولغان ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەرسىز قالغان. ئاكتىپ

جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، يىپەك يولىنىڭ ئېتىلىشى بىلەن لوپنۇر رايونى ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆز ئەتراپىدا يامرىغان فېئوداللىق ئىدىيە، مەزھەپلەر كۈرىشى، قەبىلىلەر ئارا ئارتۇقچە زىددىيەت قاتارلىق نىسبەتەن قالاق بولغان فېئوداللىق ئىدىيەنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان. دەل مۇشۇنداق تەسىر بولمىغانلىقتىن، يۇرتۋازلىق، مەنپەئەتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق قىلىدىغان ئىدىيە لوپلۇقلار مەدەنىيىتىگە ئانچە تەسىر قىلمىغان.

ئىگىلىك جەھەتتىن ئالساق، لوپلۇقلار ئۇزاقتىن بۇيان، بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق... قاتارلىق ئىگىلىك شەكىللىرى بىلەن تەڭ شۇغۇللانغان. ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كەسپى تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، يېڭى خەتەرلەرگە يولۇقۇپ تۇرىدىغان كەسپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر ۋاقىت مەسىلىنى تېز ھەل قىلىپ تۇرىدىغان جەسۇر، باتۇرانە، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش روھى شەكىللىنىدۇ. دېھقانچىلىق بولسا نىسبەتەن مۇقىم كەسپ بولغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوۋملاردا ئېغىر - بېسىق، ئىشلارنى پۇختا قىلىدىغان ئەستايىدىل خاراكتېر شەكىللىنىدۇ، لوپلۇقلار بۇ ئۈچ خىل ئىگىلىك شەكلى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكتىن بۇ ئىككى خاراكتېرنىڭ ھەممىسى ئۇلاردا مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** لوپنۇر رايونى يېقىنقى 500 - 600 يىلدىن بۇيان سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. كېيىن ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ بايقىشى ۋە كېيىنكى 100 يىللىق تەرەققىيات داۋامىدا سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقە بارا - بارا ئەسلىگە كەلدى. مۇشۇ سىرتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ نەچچە يۈز يىل ئۈزۈلۈپ قېلىشى باشقىلارغا لوپلۇقلار مەدەنىيەتتىن ئايرىلغان بىكىك، قالاق ھالەتتە قالغان، دېگەن تەسىرنى بېرىشى مۇمكىن. سىزنىڭچە مۇشۇنداق دېيىشكە بولامدۇ؟

**دولقۇن قادىر:** ھەقىقەتەن لوپلۇقلار ئاز دېگەندە 500 يىلدىن بۇيان سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. مېنىڭچە، بۇنى كەينىدە قالغانلىق، قالاقلىق دەپ ھۆكۈم چىقارساق توغرا بولماس دەپ ئويلايمەن. ھەتتا، دەل مۇشۇ ئايرىلىپ قالغانلىقى يەنە مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ياخشى بولغان دەپ ھېسابلايمەن. نېمىشقا دېگەندە، دەل مۇشۇ 500 يىل شەرق ئەللىرى، جۈملىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا فېئوداللىق ئىدىيە كۈچەيگەن، رايونلار كۈرىشى، زىددىيەتلەر ئەۋجىگە چىققان، دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشى ئۇلغايغان، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى ۋە سانائەت ئىنقىلابى ئاساسەن تەسىر قىلمىغان 500 يىل. مۇشۇنداق فېئوداللىق ئىدىيە ئەگەر لوپنۇر رايونىغا سىڭىپ كىرگەن بولسا، ئۇنىڭ تەسىرى قانداق بولاتتى. ئەگەر ئېچۋېتىلگەن بولسا، فېئوداللىق ئىدىيە، مەزھەپ كۈرەشلىرى كۆپلەپ كىرگەن بولاتتى، ھەم لوپلۇقلارنىڭ خاراكتېرىگە بەزىبىر سەلبىي تامغىلارنى باسماي قالمايتتى، شۇڭا، بىكىك ھالەتتە قالغىنى مېنىڭچە ياخشى بولغان دەپ قارايمەن.

بۇ يەردە مۇنداق بىرگەپكە ئىزاھات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. زامانىۋىلىق دېگەن نېمە؟ ئىلغارلىق دېگەن نېمە؟ سىزدە ئەگەر مۇكەممەل بىر مەدەنىيەت ياكى باشقا ئەللەر، باشقا مىللەتلەرگە ئۈلگە بولالىغۇدەك، ئۇلارنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان بىر رامكا مەدەنىيىتى بولسا، بۇ ئەلۋەتتە ھەقىقىي ئىلغارلىق بولىدۇ. ئەگەر باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشەلمەي، نىسبەتەن قالاق ھالەتتىكى رامكا بولسا، ئۇ ئەكسىچە سىزنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتكە كىرگەندىن كېيىنكى تېخىمۇ ئىلغار ئىدىيەلەرنى قوبۇل قىلىشىڭىزغا بەلكىم توسالغۇ بولۇشى مۇمكىن، مەن دىققەت قىلسام لوپلۇقلار ئۇزاق يىل بىكىك ھالەتتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن چوڭ شەھەرلەردە، چەت ئەللەردە ئوقۇۋاتقان ۋە خىزمەت قىلىۋاتقان لوپلۇقلار ئىلغار نەرسىلەرنى نىسبەتەن تېز قوبۇل قىلالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يېڭى نەرسىگە توسالغۇ بولىدىغان كونا رامكا يوق. لېكىن شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، كاللا نىسبەتەن ئوچۇق، رامكا بولمىغان ئىكەن، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ياخشى تەرەپلىرى ھەم يامان تەرەپلىرى بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا، قانداق قىلىپ ئۆز مەدەنىيىتىدىكى ئېسىل ئەنئەنىلەرنى بايقاش ۋە چىڭ تۇرۇش، يېڭى مەدەنىيەتتىكى ناچار نەرسىلەرنى ئايرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** بىزنىڭ ئىلگىرى ئاڭلىشىمىزدا، كىروران مەدەنىيىتى، لوپلۇقلار مەدەنىيىتىنى لوپنۇر ناھىيەسىگە تەۋە دېيىلەتتى، كېيىن بەزى كىتاب ما-

تېرىيالىلارغا قارىساق، كرروران مەدەنىيىتى ـ لوپ مەدەنىيىتى يەنە ئايرىم ناھىيەلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلىدىغان ماقالىلەرنى كۆرۈۋاتىمىز. شۇڭا، سىز كرروران مەدەنىيىتى- لوپلۇقلار مەدەنىيىتى بىلەن ئەتراپىدىكى ناھىيەلەرنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش بەرگەن بولسىڭىز؟

**دولقۇن قادىر:** بۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. بايا دەپ ئۆتتۇق، تارىختا لوپ مەدەنىيەت چەمبىرىكى ھازىرقى لوپنۇرنى مەركەز قىلغان ھالدا چاقىلىق، چەرچەن، بۈگۈر قاتارلىق بىر نەچچە يۇرتلارنىڭ دائىرىسىگە تارالغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كرروران خارابىلىكى ۋە لوپنۇر كۆلىنىڭ ئورنى ئىزچىل ھازىرقى لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ تەۋەسىدە بولغان، ھەم ئىلىم ساھەسىدىكىلەرمۇ كرروران خارابىلىكى، لوپلۇقلار مەدەنىيىتىنى لوپنۇر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن. كېيىن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىلللىرىدا ئوتلاق ئايرىش مۇناسىۋىتى بىلەن كرروران خارابىلىكى ۋە لوپنۇر كۆلى رايونىدا چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ چارۋىلىرى نىسبەتەن كۆپ بولغاچقا باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن كرروران خارابىلىكى ۋە لوپنۇر كۆلى رايونى لوپنۇر ناھىيەسىدىن ئايرىلىپ، مەمۇرىي تەۋەلىك جەھەتتىن چاقىلىق ناھىيەسىگە تەۋە قىلىنىپتىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، چاقىلىق ناھىيەسى ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىن تارتىپ خەلقىچە كرروران خارابىلىكى ۋە لوپنۇر كۆلى رايونىغا ياخشى ئىگىدارچىلىق قىلىپ، قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ كېلىۋېتىپتۇ. چاقىلىق ناھىيەسىدىكى خەلق ئارىسىدىن چىققان بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار، تارىخچىلار كرروران، لوپلۇقلار مەدەنىيىتى توغرىلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى، كىتابلارنىمۇ نەشر قىلدۇردى. بۇ بىر ياخشى ئىش. بۇنى تەڭ تەتقىق قىلساق، تەڭ ئۆگەنسەك بولىدىغان بىر تېما، بۇ جەھەتتە چاقىلىق ناھىيەسىگە ھۆرمەت بىلدۈرىمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز كۆرگەن بىر ھادىسە، كرروران تارىخى ۋە لوپ مەدەنىيىتىنى قارىماققا مەقسەتلىك ھالدا چاقىلىققا يېقىنلاشتۇرۇپ، لوپنۇردىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئىلمىي مەسىلىلەرگە سەل يۇرتۋازلىق ئىدىيەسى ئارىلىشىپ قالغان ئەسەرلەرنى كۆرۈپ قالدۇق. مېنىڭچە، بۇ ئىلمىي ئەخلاققا توغرا كەلمەيدىغان بىر ئىش. چۈنكى، مەمۇرىي تەۋەلىكنىڭ ئۆزگىرىشى يېقىنقى زاماندىكى گەپ، بۇ ناھىيەلەر ئارا تالىشىپ يۈرىدىغان ئىش ئەمەس. مەيلى قايسى ناھىيەگە تەۋە بولسۇن، ئالدى بىلەن كرروران مەدەنىيىتى پۈتكۈل خەلقىمىزنىڭ بۈيۈك قەدىمىي مەدەنىيەت مىراسى، ھەممىمىز تەڭ قوغدايدىغان، تەڭ تەتقىق قىلىدىغان چوڭ تېما. شۇڭا، مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ كرروران مەدەنىيىتىگە — لوپ مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى نۇقتىدىن قاراپ، خەلقىمىز مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مىراسى سۈپىتىدە تەڭ قوغدىساق، تەڭ تەتقىق قىلساق، ھەتتا بۇنى بىرلىكتە كۆتۈرۈپ «كررورانشۇناسلىق» ئىلمىنى بەرپا قىلالىساق ھەممىمىزگە ياخشى دەپ قارايمەن.

**ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم:** دولقۇن ئەپەندى بۈگۈن سىز بىلەن لوپنۇر، لوپلۇقلار مەدەنىيىتى ھەققىدە پىكىرلەشكىنىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن. سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنىڭ ئۇتۇقلۇق، تۇرمۇشىڭىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن، رەھمەت سىزگە.

---

ئاپتورلار: مىللەتلەر نەشرىياتىدا، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىدا.

**بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قارائېكىن (تەكلىپلىك).**



خىسلەت قۇربان

# ئۇسسۇل سەنئىتىدە ھېسسىيات

ئۇسسۇل سەنئىتى ئەسلىدىنلا ھېسسىيات ئىپادىلەش خاراكتېرىدىكى سەنئەت، ئۇ ئۇسسۇل ھەرىكىتى ۋە ئۇسسۇل ھەرىكەت بىرىكمىسى، ئەڭ مۇھىمى مىمىكا (چىراي ئىپادىسى) ئاساسىدا ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇنداقتا، چىراي ئىپادىسى دېگەن نېمە؟ ھېسسىيات ئىپادە قىلىش دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسىلا ئادەملەر ئۇنى چىراي ئىپادىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆز ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا تونۇپ يېتەلەيدۇ.

سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرى: «كۆز قەلبىنىڭ دېرىزىسى، كۆزدە ئىپادىلىنىدىغان سۆز ئارقىلىق ئادەم قەلبىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى يوشۇرۇن سىرلاردىن خەۋەردار بولالايمىز» دەيدۇ. مەسىلەن: خۇشاللىق، قايغۇ، مۇھەببەت-نەپرەت، شادلىق، تەشۋىش، قورقۇنچ، ھەسرەت-نادامەت، ئۈمىد-ساداقەت.. دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆز ئېنىق نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.

ئالايلۇق، كلاسسىك ئۇيغۇر مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ 1-، 2-، 3-، 4-مەشرەپلىرىدىكى «ساما ئۇسسۇلى»دا لىرىك مۇزىكا، كۈچلۈك رىتىم بىلەن ئۇسسۇلدىكى رىتىم سەزگۈسى بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت تارىخى، دەرد-ئەلەمى ۋە ئۈمىدۋار-چىداملىقى، چىنلىقى ئىپادىلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا «جەھرى ساما» ئۇسسۇلىدىكى چىراي ئىپادىسى ئۇيغۇرلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا چىنلىق، چوڭقۇرلۇق ۋە جانلىقلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلىگەن.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئۇيغۇ ئۇسسۇلى نوقۇل تەقلىدىي ئۇسسۇل ياكى ئۆتمۈشتىكى ھەرىكەتلەرنى مېخانىك ھالدا سەھنىدە قايتا-قايتا تەكرارلاش ئەمەس، ئۇ بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلەش تەس بولغان تىلىنىڭ ئاستىدىكى يوشۇرۇن مەنىنى ئاشكارىلاشنى، ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئورۇنلاش كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي ئالاقە باغلاش رولىغا ئىگە. ئەل ئىچى مەشرەپ ۋە تۈرلۈك سورۇنلاردا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش، لايىق تاللاش، دوست تۇتۇشتا ئۇسسۇلدىكى ھېسسىيات مۇھىم رول ئوينايدۇ. قىز-يىگىتلىرىمىز شەرم-ھايا، ئىما-ئىشارەتلەر بىلەن قاش ئوينىتىپ، كىرپىك سېلىپ، يەڭ شىمايلاپ، «جان تەسەددۇق» ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئارقىلىق ھېسسىيات ئىپادىلەپ قارشى تەرەپكە ياخشى تەسىرات بېرىدۇ.

ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئۆزىنىڭ بەدىئىي ھەرىكەت

شەكلى، جۇشقۇنلۇقى ۋە ھېسسىيات ئىپادىلەشنىڭ چىنلىقى بىلەن تارىختا شۆھرەت قازانغان.

ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدا كۆز پۈتكۈل چىرايدىكى ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى ئارقىلىق ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن: سەنئەتكارلارنىڭ يۈز-كۆزى، قاش-كىرپىك، لەۋ، قولاق، بويۇنلارنىڭ ھەممىسى بىر پۈتۈن يەنى ئورگانىك ھالدا بىر گەۋدە بولۇپ، مول ھېسسىيات ئىپادىلەيدۇ. ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدا ئىككى بىلەكمۇ مۇھىم. كۆز نەدە بولسا قول شۇ يەردە، كۆز بىلەن ھەرىكەت، شەكىل بىلەن ئىپادە تەڭ نامايان قىلىنغاندا، ئوبراز گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئۈزۈم ئۈزۈش ئۇسسۇلىدىكى ئاچچىق ئۈزۈم بىلەن تاتلىق ئۈزۈمنى تېتىپ كۆرۈشتە چىراي ئىپادىسى بىلەن ئىككى بىلەك ھەرىكىتى مەقسەت، مەنىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدا يەنە باش، بويۇن ھەرىكىتى، قاش-كۆز، ئىما-ئىشارىتى قاتارلىقلارمۇ مۇھىم.

ياخشى بىر ئۇسسۇل ئەسىرى گۈزەللىككە ئىگە بىر كۇبلېت شېئىر. ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى گۈزەللىك قانداقتۇر تايىتاڭلاپ، ھېسسىياتنى قوزغايدىغان «شەھۋانىي ئۇسسۇل»مۇ ئەمەس.

ئۇيغۇر ئۇسسۇل مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقى، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇن، تۇرمۇش نىزاملىرىنىڭ مۇجەسسەملەشكەن كۆرۈنۈشىدۇر. ئومۇمەن، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى مەنادار غايىۋى ھېسسىيات كاتېگورىيەسىدىكى سەنئەت شەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ مەقسەت مۇددىئانى ئادەم بەدىنىنىڭ رىتىملىق ھەرىكىتىنى مول ھېسسىيات ئىپادىلەش خاراكتېرىدىكى سەنئەت.

ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە بەدەن ئارقىلىق ھېسسىيات ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇلاھىزە، مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئۇسسۇل ئىجاد قىلىشىمىز كېرەك.

1. ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە ھېسسىيات روشەنلىككە، قاراتمىلىققا، مەزمۇندارلىققا ئىگە بولىدۇ. ھەق-ناھەق، مۇھەببەت-نەپرەت، قايغۇ-ھەسرەت، شادلىق، ئېنىقلىققا ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. كەلسە-كەلمەس پەدىگە ناخۇش، شاللاق، بىمەنە ناز ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ھېسسىيات ئىپادىلەش روشەنلىكىگە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2. ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى ئىپادە قىلىنغان ھېسسىيات كىشىلەرگە تەلىم-تەربىيە ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىشى لازىم. سەنئەت دېمەك ھۈنەر، ماھارەت دېمەكتۇر. ھېسسىياتنىڭ ھەقىقىي بولۇشى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئاساسىي شەرتىدۇر.

ئۇسسۇلچىنىڭ ھېسسىيات ئىپادە قىلىشى ئۇسسۇل ئەسەرلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. مەسىلەن: «گۈللۈك پوتا ئۇسسۇلى»دىكى بىرقانچە يىگىتنىڭ بىر قىزغا بىر ۋاقىتتا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى، مۇرەككەپ ھېسسىياتنىڭ راۋاجلىنىش، زەنجىرسىمان تۇغۇنۇش ھېسسىياتنى قايتا-قايتا ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ. قىزنىڭ ياقتۇرىدىغان لايىقى زادى كىم؟ ئايال پېرسوناژ بولۇپمۇ ئەر پېرسوناژلار دەرگۇمان، ئۈمىد، داۋالغۇش، تەمتىرەش، خىيال، ئىشەنچ، قەتئىي نىيەت، سىناپ كۆرۈش... قاتارلىق زىت ھېسسىياتلار ئىپادە قىلىنغان. مانا بۇ ھەقىقىي ماھارەتنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇسسۇلدىكى بۇ ھېسسىيات مۇرەككەپ خاراكتېرلىك ھېسسىياتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

3. ھېسسىيات ئىپادىلەشتە ئالدى بىلەن ئۇسسۇلچى شۇ ھېسسىياتتىن تەسىرلەنگەن بولۇشى لازىم. ئارتىس ئۆزى تەسىرلەنمىگەنىكەن، تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرۈشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ ۋەقەلىك ئۇسسۇل ئەسىرىدە ھېسسىيات ئوبرازلاشتۇرۇلمايدىكەن، ئۇنىڭدىن ئىدراك ھاسىل قىلىش، ئۇنى ئىپادىلەش، چۈشەنمەي ئىپادىلەش بىلەن باراۋەر.

قىسقىسى، ئۇسسۇل سەنئەتچىلىرى مۇستەقىل خاراكتېر ھاسىل قىلىپ، شەيئىلەرنى بايقاشقا ماھىر بولۇپ، مول ھېسسىي تەپەككۇر ۋە يارقىن ئەقلىي تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرۈپ كەڭ تاماشىبىنلارغا تېتىملىق ئۇسسۇل ئەسەرلىرىنى تەقدىم ئېتىشى لازىم.

---

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى شۆبە ئوتتۇرا تېخنىكومى ئۇسسۇل كافىدراسىدىن.

قومۇل ئون ئىككى مۇقامى تەركىۋىدىكى «ئاي خېنىم سۇزۇك چىراي»، «ئالىمخان»، «چىن مودەن» «ئەر بارمۇ»...قاتارلىق نادىر ناخشىلارنى «شاھ يىگىت» نامىلىق DVD پىلاستىنكىسى ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىككە سۇنغان مۇقام سەنئەتكارى، «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرەتلىك ۋارىسى» مەھمۇد ئابلىز ئەپەندى




《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅

主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008-6498

国内统一刊号：CN65-1073-I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼

邮 编：830002 电话：（0991）2856942

印 刷：《新疆日报》印务中心

发 行：乌鲁木齐市邮局

订 阅：全国各地邮局

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2013 - يىلى 4 - سان (ئومۇمىي 322 - سان)

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى:6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 - نومۇرجىڭيۈەن خىزمەت بىناسى7. قەۋەت

پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ


邮发代号：58-22 定价：6.00元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن

مەدەنىيەت كۆزنىكىمىزدىكى يېڭىلىقلار

دۇنيانى چۈشىنىشتىكى يېڭى كۆزنەك
تۈرك تىلىنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ يېڭى قورالى
ئەلبلەرنى قەلبلەرگە تۇتاشتۇرغۇچى يول

تۈرك تىلىدىن ئاساس
TEMEL TÜRKÇE




بازارغا سېلىندى

ئىككى قىسىم دەرسلىك ۋە بىر لۇغەت-(3-قىسىم) تىن تۈزۈلگەن بۇ كىتاب
سىزنى تېز پۇرسەتتە دۇنياۋى بىر تىلنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندۇرىدۇ

ئۈرۈمچى سەھەرچى مەدەنىيەت تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى نەشرگە تەييارلىدى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئۈرۈمچى سەھەرچى كىتابخانىسى، يەكەن سەھەرچى كىتابخانىسى، پەيزاۋات سەھەرچى كىتابخانىسى ۋە
باغداش سەھەرچى كىتابخانىسىدا توپ- پارچە تارقىتىلىدۇ. جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
(ئۈرۈمچى) تېلېفون: 8551511-0991 18690821011 QQ: 935859659 (يەكەن) تېلېفون: 8521999-0998
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 133- نومۇر (جىلى سودا ئىشلىرى بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدا)
تەپسىلاتىنى سەھەرچى كىتابخانىسى تورى (www.seherchi.com) دىن كۆرۈڭ